

# تارىم

AltunOq

4

1985



ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

باھار

سۈرەتنى ئالىمجان ئىسمايىل تارتقان.

# تارىم

(ئايلىق ئەدەبىي ژورنال)

28- يىل نەشرى

AltunOq

1985

# بۇ سانىدا

## ھىكايىلەر


خىلۋەتتىكى نۇر.......................................ئابلىمىت سابىر 4
ئىككى ھىكايە.................................ئىدرىس بارات 14
سازەندە دىخان..................................ئابدۇراخمان قاھار 21
ئىگىز بىناغا ياندىشقان بوتكا.....................مۇھەممەت باغراش 37
سىناق..........................................ئىلجان ئابىخان 45
«قاچقۇن»......................................تۇرسۇن ياسىن 49
نەقدىر (پوۋېست) ...............................ئالىمجان ئىسمايىل 60


## شېئىرلار


ئۈچ شېئىر........................................مەھەممەت شاۋدۇن 27
ئىككى شېئىر.....................................ئابدۇرېھىم ئابدۇللا 30
رۇبائىلار.........................................ئابلىمىت ھاجى 32
شېئىرلار.........................................مۇختەر خېلىل 33
كۆرۈپ ...........................................سېتىنىسا لوقمان 34
غەزەل............................................داۋۇتجان سەيدىن 35
ئىككى شېئىر.....................................ئابلىز ئوسمان 35
سىردىشىمەن ئاي بىلەن........................ باتۇر روزى 53
تەسىرات ئۇنچىلىرى..............................مىرزاھىد كېرىمى 54
باش باھار لېرىكىسى..............................ئابلىمىت مۇھەممىدى 56
ئىرادەم...........................................تەلئەت ناسىرى 57
بۇلاق سۈيى .......................................يۈسۈپجان ھېيت 57
باھار كەلدى يۇرتۇمغا ..........................نۇرىيە ئېلاخۇن 58
پارچىلار .........................................مىجىت تاش 59
باھار كەلدى .....................................ئابدۇقادىر خېلىل 59
ئاشنا بىل .........................................ئەزىزوپ قاسىم 88
گۈزەل...........................................ئابدۇرېھىم ئىسمايىل 89
ياشلىق كەتكەندە................................ياسىن مەخسۇت 90
شېئىرلار.........................................تەلئەت قادىر 90
پەرزەنت ئىشقى..................................ھەبىبۇللا ئوسمان 91
چېگرىدىن خەت...................................ياسىنجان ئەمەت 91


www.uyghurkitap.com

# تارىم

## بىزنىڭ ئەدىپلىرىمىز


باھار كۈيچىسى ...... 93
يازغۇچى ۋە ژورنالىست — ئەخەت تۇردى ...... 97


## ئوبزور ۋە ماقالىلار


بىزنىڭ پىكرىمىز ...... ئابدۇسالام ئاببىاس 99
ئەدەبىي تەنقىت ئۆلچىمى ھەققىدە مۇلاھىزە ...... ئابدۇللا مەتقۇربان 118
ئەدەبىي ئىجادىيەت توغرىسىدا مۇلاھىزىلەر ...... 126
ئەدەبىي ئاتالغۇلارنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى ...... 134


## تەرمە گۈللەر


ياشاش لوگىكام (شېئىر) ...... ئوسمانجان ساۋۇت 123
مۇناج (ھىكايە) ...... زۇنۇن تاھىر 125


## چەتئەل ئەدەبىياتىدىن


قىزىل ئالما (ھىكايە) ...... چىڭغىز ئايتماتوۋ 140


## يۇمۇر ۋە ساتىرا


گۈل بىلەن ئازغان ...... مۇھەممەت ئەيسا 153
قايسى يارايدۇ؟ ...... تۇرغۇن ئوبۇلقاسىم 153
ئىككى مەسەل ...... ھەسەن تىلىۋالدى 154
كۆز كۆرەمدۇ ئەينەكمۇ؟ ...... ئەمەتجان قەيۇم 155
قاراپ باق! ...... ئايمەمەت سايىپ 155
ئەگلەك بىلەن كېپەك ...... قاسىم ھاشىم 156
مەسەللەر ...... ئوسمان ھوشۇر 156
ئىككى مەسەل ...... ئۆمەرجان توختىروزى 157
«يەل سېلىڭلار، زەنجىر تاپانغا» ...... مەتقاسىم مەتنىياز 158
ئىككى مەسەل ...... ياسىنجان ئىبراھىم 159
بىگىز ...... غوپۇر رەخىم 160


رەسىمنى مەھەممەت ئايۇپ سىزغان، ھۆسنىخەتنى ئوبۇلقاسىم مۆمىن يازغان.



# خىلۋەتتىكى نۇر

(ھېكايە)

ئابلىمىت سابىر

«دوستۇم ئالىيە، تاغام مېنى 17 گە توشمايلا ئۈچ مىڭ سوم بەدىلىگە ئۆزەمدىن 45 ياش چوڭ ئادەمگە بېرىۋەتكىنى ئېسىڭدىدۇر.

تويى كۈنى ئۆيىنىڭ بۇلۇڭىغا مۈكىنىپ قان - قان يىغلاۋاتقىنىمدا سەن ياشلىرىمنى سۈرتۈپ:

— خەلىچە، يىغلىما. خۇدا بىز قىزلارنى شۇنداق ئاجىز ياراتقان، ھەسرەت ئىچىدە ياشاشقا تۇغۇلغان ئىكەنمىز، ئامال قانچە؟ — دېگەن ئىدىڭ.

مانا ئارىدىن سەككىز ئاي ئۆتتى. سەن مېنىڭ ئىزسىز يوقىلىپ كەتكىنىمگە قاراپ، نىمىلەرنى ئويلىۋىدىڭكىن؟ مەن ھايات. مەن ساڭا ئاجايىپ بىر ۋەقەنى — ماڭا دەرەختەك سايە تاشلاپ، بەختسىز تۇرمۇشتىن قۇتۇلدۇرۇپ قالغان ئاجايىپ بىر يىگىت ھەققىدە سۆزلەپ بېرىمەن:

مەن تويى بولۇپ بىر ئايدىن كېيىن، ياماغۇرلۇق كېچىلەرنىڭ بىرىدە تۈن جىمجىتلىغىدىن پايدىلىنىپ ئۆيدىن قاچتىم. مېنى پاياندازغا سېلىپ ئېلىپ كىرگەن چوڭ دەرۋازا ئارقامدا غايىب قالدى. مەن ئەمدى بەختسىز تۇرمۇشتىن قېچىپ قۇتۇلۇش نىيەتىگە كەلگەن ئىدىم. سۈرلۈك كېچە كۆڭلۈمگە قورقۇنچ سېلىپ تۇراتتى. ھەللىلا بىرسى ئارقامدىن كېلىپ، چېچىمدىن تۇتۇپ سۆرىگىنىچە ئېلىپ كېتىدىغاندەك تۇيۇلاتتى. مەن كىچىككىنە بوقچىنى كۆتىرىپ شەھەر كوچىسىنى بويلاپ ئۇچقاندەك يۈگۈرەيتتىم.

مەن يوللار بىلەن توپ توغرا ئىككى كۈن يۈردۈم. كېيىن رەھىمدىل شوپۇرلارنىڭ بىرسى ئۇرۇمچىگە يەتكۈزۈپ قويدى.

مەن بۇ ناتونۇش شەھەرنىڭ كوچەلىرىدە بىرنەچچە كۈن سەرگەردان بولۇپ يۈردۈم. قاياقتا قارىساڭ ئاسمان - پەلەك بىنالار، مىزدىدىغان ئادەملەر. مەن بىرەر تونۇش، مېھرىبان چىرايلارنى يولۇقتۇرۇش ئىستىگىدە كۈن بويى كوچا، ماگىزىنلارنى كېزەتتىم - دە، كەچلىگى چوڭ مەيدان ئالدىدىكى بىنانىڭ

سۈپىسىدا ئۇخلايتتىم. مېنىڭ يۇرتۇم سانسىز باياۋان، تاغ ـ داۋانلار ئارقىسىدا قالدى. تەقدىر مېنى ئاقىباش ئادەمنىڭ ئۆيىگە قانداق ئېلىپ بارغان بولسا، بۇ يىراق شەھەرگىمۇ شۇنداق ئېلىپ كەلدى. كىچىك چېغىمىزدا سۆگەتلەر سايە تاشلاپ تۇرۇدىغان سۈزۈك بۇلاق سۈيىگە چۆمىلەتتۇق. ئاپام رەھمەتلىك هايات چېغىدا چېچىمنى تاراپ، بېشىمغا چىرايلىق دوپپا كىيگۈزۈپ قوياتتى. قۇچىقىغا ئېلىپ مەڭزىمگە سۆيەتتى. ئۇ مېنىڭ تۇرمۇشقا قەدەم قويۇپلا قۇرۇپ توگىگەن گۈلدەك تەلەيسىز تەقدىرگە يولۇقۇشۇمنى بىلمىگەن بولغىيتتى.

بىر كۈنى پەلەمپەيدە ئولتۇراتتىم. ئالدىمغا زىلۋا بويلۇق، چىرايلىق بىر يىگىت كەلدى.

— قەيەردىن كەلدىڭىز؟ — دېدى ئۇ مېنىڭ باش ـ ئايىغىمغا سەپسېلىپ.

— قەشقەردىن، — دېدىم سوغۇققىنا.

— مۇساپىر ئىكەنسىز ـ دە، بۇ شەھەردە تۇققىنىڭىز يوقمۇ؟

— يوق...

— بىچارە قىز، — دېدى ئۇ چوڭقۇر تىنىپ، — يۈرۈك، مەن سىزگە قونالغۇ تېپىپ بېرەي.

«ناتونۇش يىگىت... ئۇ بەلكىم مېنى ئالدىماقچىدۇر...» ۋۇجۇدىمغا تىترەك ئولاشتى.

— ياق، بارمايمەن.

— هاۋا سوغاق، ئۇنىڭ ئۈستىگە، تالادا قونۇش خەتەرلىك...

يىگىت مۇلايىم سۆزلەيتتى، ئۇ ماڭا يېقىنلاشتى، مېنى تېخىمۇ قورقۇنچ باستى.

— سىز مېنى ئىگە ـ چاقىسىز، دەپ بوزەك قىلماقچىمۇ، — دېدىم يىغا ئارىلاش ۋە ئورنۇمدىن تۇرۇپ يۈگۈرگىنىمچە تۈن قاراڭغۇسى ئىچىگە كىرىپ كەتتىم. يىگىت مېنى قوغلىمىدى. ئىككى كوچىدىن ئۆتۈپ، ئۇنىڭ قوغلاپ كېلىۋاتمىغانلىقىغا ئىشەنگەندىن كېيىن، ئېلېكتىر يورۇتۇپ تۇرغان لەمپە تېگىگە كېلىپ يوشۇرۇنۇپ ئولتۇردۇم. تاتلىق ئۇيقۇ خۇددى ئانا قۇچىقىدەك ئۆز باغرىغا ئالدى. ئەتىسى تاڭ شەپىقى كۆتىرىلگەندە كۆزۈمنى ئېچىپ، سۇررەڭلىك پاختىلىق چاپاننىڭ ئۈستىمگە يېپىقلىق تۇرغىنىنى كۆردۈم. هېلىقى يىگىت مېنىڭ قارشىمدا مەندىن كۆز ئۈزمەي قاراپ تۇراتتى.

مەن ئۇنىڭغا قارىدىم. ئۇ ئۈستىگە بېغىرەڭ رەختتىن يارىشىملىق گىمناستيۇركا كىيگەن، دۈپ ـ دۈگىلەك يۈزلىرى ئالمىدەك قىزىل بولۇپ، قويۇق كىرپىكلىك قارا كۆزلىرى مېھرىبانلىققا تولغان ئىدى.

مېنىڭ تۇرغىنىمنى كۆرۈپ ئۇ يېنىمغا كەلدى.

— قوسىقىڭىز ئاچقاندۇ، يۈرۈك، تاماق يەيلى! — دېدى ئۇ.

ئۇنىڭ مۇلايىم قىياپىتى مېنىڭ كۆڭلۈمنى تىندۇردى.

ئۇ مېنى كىچىككىنە ئاشخانىغا ئېلىپ كىرىپ تاماق بۇيرۇدى.

— بۇ شەھەرگە قانداق كېلىپ قالدىڭىز؟ — دېدى يىگىت كۈتكۈچى ئايال ئېلىپ كەلگەن تاماقنى ئالدىمغا سۈنۈپ قويۇپ.

مەن ئۇنىڭغا ئۆزەم توغرىلىق قىسقىچە سۆزلەپ بەردىم.

يىگىت لېۋىنى چىشلىدى. غىلدىرلاپ تۇرغان ياش كىرپىكلىرى ئۈستىدە توختاپ قالدى.

— هازىر بەختسىزلىك بىر قىسىم قىزلار ئۈچۈن ئاپەت، — دېدى بىر هازادىن كېيىن، — سىزمۇ ئېچىلماي تۇرۇپ توزىغان گۈلدەك بەختسىز قىز ئىكەنسىز. ئەگەر خالىسىڭىز مۇندىن كېيىن مېنىڭ پانالىقىمدا

بولۇڭ.
— ياق، — دېدىم مەن چۆچۈپ، —
خەيرا ـ خاھلىغىڭىز ئۈچۈن رەھمەت.
— قورقماڭ، بۇندىن كېيىن ئىككىمىز
تۇققان بولىمىز. سىڭلىم بولىسىز...
ئۇ ئاخىرى مېنى كۆندۈردى ۋە ئۆيىگە
ئېلىپ ماڭدى. مەن سۆلەتلىك ياش يىگىتـ
نىڭ مەندەك ئاددى، دېۋانىدەك قىز بىلەن
يانمۇ ـ يان مېڭىشىنى ئويلاپ يىغلىغۇم كې ـ
لەتتى. بىر لەمپىلىك، قەدىمىي ھويلىلارنىڭ
بىرىگە كىردۇق، ئۆيدىن بىر موماي چىقىپ
بىزنى خۇشخۇيلۇق بىلەن كۈتۈۋالدى. يىگىت
بىزنى تونۇشتۇردى:
— بۇياق، ئاپىمىز بولىدۇ، تارتىنماڭ،
بۇندىن كېيىن مۇشۇ ئۆيدە تۇرۇسىز، — دې ـ
دى ـ دە، چىقىپ كەتتى...
ئالىيە، خېتىمنى كۆرۈپ ئەجەپلىنىۋاتـ
قانسەن؟ بىر چاغلاردا ئىككىمىزنىڭ باغ
سەيلىسىگە چىققىنىمىز ئېسىڭدىمۇ؟ بىز دە ـ
رەخ سايىسىدا ئولتۇرۇپ تۇرمۇش غايىلىرى ـ
مىز ھەققىدە پاراڭلاشقان ئىدۇق.
— خەلچەم، نىمىنى ياخشى كۆرىسەن؟ —
دەپ سورىدىڭ سەن.
— ياپ ـ يېشىل دۇنيانى ياخشى كۆ ـ
رىمەن، قارىغىنا، بىزنىڭ بۇ يەر نىمە دې ـ
گەن گۈزەل، — دېدىم.
— يەنچۇ؟ يىگىتلەردىنچۇ؟
— ئۆزى قەيسەر، بىراق كۆڭلى كەڭ،
باغرى يۇمشاق ئادەملەرنى ياخشى كۆرىمەن،
لېكىن ئۇنداق ئادەملەرنى تېپىش ناھايىتى
تەس، — دېدىم...
مانا ھازىر ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتۈپـ
تۇ. يىللار ئۆتۈپ، تونجى بەختسىزلىكتىن
كېيىن ئاشۇ باللارچە شىرىن ئارزۇيۇمنىڭ
تەسادىپى ئالدىمغا كېلىشىنى كىم بىلگەن ـ ھە؟!
موماي تاغاق كۆرمەي توقۇم بولۇپ
كەتكەن چاچلىرىنى تال ـ تال ئۆرۈپ قويد ـ
دى. كەچلىكى ئاق داستىخان ئالدىدا ئولتۇ ـ
رۇپ مىزىلىك تاماق يېدىم. بىراق تۆشەككە
كىرىپ ياتقىنىمدا ماڭا تەسادىپى ئۇچرىشىپ قالغان
بۇ بەخت سىرلىق ئىشتەك تۇيۇلدى. مەن
نىمە ئۈچۈن بۇ يەرگە كېلىپ قالدىم؟ ئۇ
نىمە ئۈچۈن ماڭا شۇنچە مېھرىبانلىق كۆر ـ
سىتىدۇ؟
— موما، بۇ يىگىت ئوغلىڭىزمۇ؟ — سو ـ
رىدىم مەن.
— ياق، — دېدى موماي، — ئەسلىدە
ئۇ يىگىتمۇ بۇ شەھەرگە مۇساپىر، يىراقتىن
كەلگەن، بىراق قېرىنداشتىنمۇ چارە. كۈيەۋ ـ
لۇك يىگىت؛ ئۇ مېنىڭ قېرى، ئاجىزلىغىمنى
بىلىپ كۆپ ياخشىلىق قىلدى. مەن بۇ يە ـ
گىتنىڭ قىزلارغا نىمە ئۈچۈن جان قېقىپ
شۇنچە مېھرىبانلىق كۆرسىتىدىغانلىغىغا ئەقلىم
ھەيران.
— ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى قەيەردە؟
— ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ئاتا ـ ئانىسى
خېلى بۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەن ئىكەن. مەن
ئۇنىڭ ئاتا مېھرىگە قانمىغانلىغىنى بىلىپ، مۇ ـ
شۇ ئۆيدە يېتىپ ـ قوپۇشىنى كۆپ قېتىم ئېيتـ
تىم. لېكىن ئۇ زادىلا ئۇنىمايدۇ. ئۇ، ھازىر
شەھەر مەركىزىدىكى ئائىلىلىكلەر ياتىغىنىڭ
ئۈچىنچى قەۋىتىدە تەنھا ياشايدۇ.
— ئۇ نىمە ئىش قىلىدۇ؟
— رادىيو ـ تېلېۋىزور رېمونت قىلىدۇ.
ئۇستا ھۈنەرۋەن. شۇڭا ئۇنىڭ دۇكىنىدىن
كۈن بويى ئادەم ئۈزۈلمەيدۇ.
ئەتىسى ئۇ خورۇم سومكىسىنى كۆتىرىپ
كۈلۈمسىرىگىنىچە كىرىپ كەلدى.
— خەلچە، كېچىدىن ياخشى ئۇخلىدى ـ
ڭىزمۇ؟ — دېدى ئۇ ماڭا زەڭ قويۇپ قاراپ.
— ئۆز ئۆيۈمدەك خاتىرجەم ئۇخلىدىم، —
دېدىم مەن.

— ئۆزىڭىزنى ئازادە تۇتۇڭ، — دېدى ئۇ خۇشاللىنىپ، — مەن سىزگە يېڭى كىيىم ئالغاچ كەلدىم.

ئۇ، سومكىسىنى ئېچىپ، شىرە ئۈستىگە يايدى. ئۇنىڭ ئىچىدە قىزلار ئارزۇ قىلىدىغان زەرلىك كوپتا بىلەن مەن ھازىرغىچە ئېرىشەلمىگەن چۈچىلىك يىپەك رومالمۇ بار ئىدى.

— شەھەردىكى قىزلار مۇشۇنداق كىيىنىشنى بەكمۇ ياخشى كۆرىدۇ، — دېدى ئۇ كىيىملەرنى ماڭا كۆرسىتىۋېتىپ، — كىيىۋېلىڭ، كىشىلەر سىزنىڭ مۇساپىر قىز ئىكەنلىكىڭىزنى ئۇقمىسۇن.

مېنىڭ قوللىرىم تىترەپ كەتتى. ھاياجىنىمنى باسالمىدىم. دۇنيادا مۇشۇنداقمۇ مەرت، كۆيۈمچان يىگىتلەر بولىدىكىنا، تۇۋا!...

— رەھمەت، — دېدىم مەن كىيىملەرنى قولۇمغا ئېلىپ.

مەن كىيىملەرنى كىيىپ ئەينەككە قارىدىم، ئەينەكتە چىرايلىق ياغلىق ئارىسىدىن قاپقارا چاچلىرى كۆرۈنۈپ تۇرغان زىلۋا قىز جىلمىيىپ تۇراتتى. مەنمۇ چىرايلىق ئىكەنمەنغۇ؟ نېمە ئۈچۈن تەقدىر ماڭا بەختسىزلىك تامغىسىنى بېسىپ قويدى؟...

يىگىتنىڭ ئىسمى نۇر ئىكەن، ئۇنىڭ دۇكىنى شەھەر چېتىدىكى كوچىلارنىڭ بىرىدە بولۇپ، ئىشىك ئالدىغا گۈل تېرىلغان، دۇكان ئىچىگىمۇ جانان قاچىلىق گۈللەر قويۇلغان ئىدى.

ئۇ، ھاراقمۇ ئىچمەيتتى، تاماكىمۇ چەكمەيتتى، ياشلارغا ئارىلىشىپ كېچىلىك ئولتۇرۇش، ئويۇن - تاماشىلارغىمۇ بارمايتتى. يازنىڭ دىمىق كۈنلىرى باشلانغان بولسىمۇ، ئۇ يەنە زادىلا سالمايدىغان گىمناستيوركىسىنى كىيىپ يۈرەتتى. مەن ھەر قېتىم ئۇنىڭ دۇكىنىغا بارغىنىمدا چىرايلىق كېيىنگەن قىزلارنىڭ ئولتۇرغىنىنى كۆرەتتىم. بىر قېتىم ئۇلارنىڭ پاراڭىغىمۇ داخىل بولدۇم.

— نۇر، قانچىگە كىردىڭىز؟ — دېدى قىزلاردىن بىرسى گەپ ئېچىپ.

— 29 غا، — دېدى نۇر ئىشتىن بېشىنى كۆتەرمەيلا.

— ئەجەپ، بىزنىڭ بۇ شەھەردە ياشلار 18 گە كىرمەيلا بۇرۇتلىرى خەت تارتىپ قالىدۇ، سىزنىڭ تۇمشۇقىڭىز ھازىرغىچە ئاپپاق پاقىراپ تۇرىدىغۇ؟ — دېدى يەنە بىرسى.

نۇر ئۈنچىقمىدى. قىزلاردىن بىرسى قاپىقىنى سۈزۈپ چاقچاق بىلەن گەپنى داۋاملاشتۇردى:

— نۇر، سىز ئۆمرىڭىزدە مۇھەببەتلىشىپمۇ باققاندۇ؟

— ھەئە، چىرايلىق سۆيگىنىم بار ئىدى.

— ئۇ سىزنى نېمە ئۈچۈن تاشلىۋەتتى؟

— بىلمەيمەن.

— كۆڭلىنى ئالالماپسىز - دە، — دېدى قىزلاردىن بىرسى شوخلۇق بىلەن، — ئەگەر مەنمۇ سىزنىڭ سۆيگىنىڭىز بولسام ئاللىقاچان تاشلاپ كېتەتتىم.

ئايلار ئۆتۈپ ياز پەسلىنىڭ چىرايلىق كۈنلىرى كەلدى. ھويلىدىكى گۈللەر چىرايلىق ئېچىلدى. قۇياش نۇرىغا چۆمگەن شەھەر تېخىمۇ گۈزەل تۈسكە كىردى. مېنىڭ تۇرمۇشۇممۇ غەمسىز ۋە ئەركىن ئۆتمەكتە ئىدى، لېكىن بۇ كۈنلەر ماڭا تەسادىپىلىقتەك تۇيۇلۇپ ئەندىشىگىمۇ سالاتتى. چۈنكى، مەن ھامان بىرسىنىڭ ئەمرىدە، كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ مېنى ئىزدەپ تاپىدۇ. مەن يەنە رەھىمسىز تۇرمۇشنىڭ ئالقىنىغا كىرىپ كېتىمەن. بۇ يەردىكى ئەركىن تۇرمۇش ئەلۋەتتە ماڭا نېسىپ بولمايدۇ.

ئاردىن بىر نەچچە كۈن ئۆتۈپ، داغ-



دۇغلىق بايرام كۈنى دەل مېنىڭ ئۆيلىنىش بولدى. مەن ئۇ كۈنى بازارغا سودىلىققا چىققان ئىدىم، تۇيۇقسىز بىر قول ئارقامدىن كېلىپ، بىلىگىمنى ئامبۇردەك قىستى.

— ئەمدىغۇ قولۇمغا چۈشكەنسەن، — دىدى خىرىلدىغان بىر ئاۋاز.

ئاھ، خۇدا، سەن بۇ ئادەمنى ماڭا قانداق يولۇقتۇرۇپ قويدۇڭ؟ سەن يەنە بىر قېتىم ئۆزەڭگە نالە - پەريات چەكتۈرمەكچىمۇ؟ مەن ماغدۇرسىزلىنىپ كەتتىم.

— جېنىم ئاكا، مەن سىزنى ئۆز ئاتام ئورنىدا چىن كۆڭلۈمدىن ھۆرمەت قىلاي، مېنى قويۇۋېتىڭ.

— مېنى ئالداۋاتامسەن؟ بوزۇقلىغىڭ ئۈچۈن ئىككى كۆزۈڭنى ئويۇپ تاشلاشقا ھەقلىقمەن.

ئۇ بىر قولى بىلەن چېچىمنى تۇتۇۋالدى، مېنىڭ بېشىم ئۇنىڭ سوغ كۆكسىگە تەگدى.

— جېنىم ئاكا، سىز مەرت ئادەمغۇ، مەرتلەر ئاجىزلارغا خورلۇق قىلمايدۇ.

دەل شۇ چاغدا بىرىنىڭ قېشىمىزدا نۇر پەيدا بولدى. ئىنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتكەن، كۆزلىرى غەزەپكە تولغان ئىدى.

— قويۇۋەت! — دىدى ئۇ قىرىغا قاراپ.

— سەن نىمە دىمەكچى؟ — دىدى ھىلىقى ئادەم ئۆزىگە قاراپ تۇرغان نۇرغا قاراپ، — بۇ مېنىڭ ئۈچ مىڭ كوي خەجلەپ ئالغان ئايالىم.

— ئۇ ئايىلىڭ بولسا، مېنىڭ سىڭلىم.

— ياخشى گەپ، — دىدى ئۇ نۇرغا سەپ - سېلىپ قارىغاندىن كېيىن مەنسىتمىگەندەك قىلىپ، — مەنمۇ بۇ بۇزۇقنى خوتۇن قىلمايمەن، سەن ئاكىسى بولساڭ، تويلۇق چىقىمىمنى تۆلەپ بەر.

ئەتىسى ئۇ ئادەم مېنىڭ بىلەن ئاجرىشىشقا رازى بولدى. مەن سوت مەھكىمىسىدىن ئاجرىشىش خېتىنى كۆكسىمگە تاڭغىنىمچە قايتىپ كەلدىم. مەن ئۇ چاغدا بۇ ئادەمنىڭ نىمە ئۈچۈن مېنى ئاسانلا قويۇۋەتكىنىنى بىلمەيتتىم. كېيىن ئۇقتۇمكى، نۇر مېنىڭ ئەركىنلىككە چىقىشىم ئۈچۈن ئۇ ئادەمنىڭ ھەممە ئىقتىسادىي تەلىۋىگە رازى بولۇپ، تۆلەپتۇ.

دۇنيادا ئاجايىپ ئادەملەر بولىدۇ، ئۇ نىمە ئۈچۈن تەر تۆكۈپ تاپقان بىر مۇنچە پۇلنى يات ئادەمگە بېرىۋەتتى؟ ئۇ زادى قانداق ئادەم؟ ئۇ نىمىشقا ماڭا شۇنچە مېھرىبانلىق كۆرسىتىدۇ؟... مېنىڭ قەلبىدە ئۇنىڭغا نىسبەتەن ھارارەتلىك بىر تۇيغۇ ئويغىنىشقا باشلىدى.

— مۇما، نۇرنىڭ راستلا سۆيگىنى يوقمىدۇ؟ — دىدىم بىر كۈنى مومايغا.

— يوق، بىرەر دىيانەتلىك قىز بىلەن

تويلىشۋالسا ياخشى بولاتتى، ــ دىدى موماي.

ــ يا بۇ ھەقتە سىزدىن يوشۇرۇپ يۈرگەنمىدۇ؟

ــ بىزنىڭ ئانا - بالا بولۇپ ئۆتتۇۋاتقىنىمىزغا ئۈچ يىل بولدى. ئۇ مەندىن سىر يوشۇرمايدۇ. مېنىڭچە، ئاقكۆڭۈل يىگىتلەر تۇرمۇشتا ئەنە شۇنداق تەمكىن، ئېغىر - بېسىق بولىدۇ.

مەن كېچىچە ئۇخلالمىدىم، ئاي نۇرى يۈزۈمنى سۆيۈپ ئۆي ئىچىگە شولا چېچىپ تۇراتتى. يۈرىگىمنى يوشۇرۇن بىر ئوت كۆيدۈرەتتى، مەن ئورنىمدىن تۇرۇپ كىيىملىرىمنى كىيدىم - دە، دەرۋازىدىن چىقتىم ۋە دەرەخ ئارىسى بىلەن مېڭىپ ئىگىز ياتاق بىناسى ئالدىغا كەلدىم. چەت تەرەپتىكى دەرىزىدىن ياتاق ئىچىگە قارىدىم. ياتاققا تاش ئەينەك قويۇلغان، گىلەملەر تارتىلغان بولۇپ، ناھايىتى ئازادە ئىدى. ئۇنىڭ بۇ كىچىككىنە خانىسىنى قايسى قىز كېلىپ شۇنچە چىرايلىق سەرەمجانلاشتۇرۇپ بەرگەندۇ؟

نۇر سىم كارۋات ئۈستىدە ئۇستىگە يوڭ ئەدىيالنى تاشلىغان ھالدا تاتلىق ئۇخلىماقتا ئىدى.

مەن ئۇنىڭغا ئۇزاق قاراپ تۇردۇم، ئۇ راستلا مېنى ياخشى كۆرەرمۇ؟ مۇمكىن ئەمەس، مەن ئېقىپ كەلگەن يىتىم بىر قىز. يىغا - زارە ئىچىدە ئۆتكەن تويۇم ياشلىق چىچەكلىرىدىنى ۋاقىتسىز توزىتىۋەتتى. مەن ئەمدى كىشلەر زوقلانمايدىغان، پەقەت ئىچ ئاغرىتىپ قويۇدىغان كىشىگە ئايلاندىم. قەلبىمدىكى مۇھەببەت ئۆزەم ئۈچۈن ئۇلۇغ، باشقىلار ئۈچۈن كۈلكىلىك. مەن ئۆزەمنى دەرىزىدىن پەسكە ئالدىم - دە، ئۆكسۈپ يىغلىۋەتتىم.

مەن ئەمدى ئۇنىڭ دۈكىنىغا ھەر كۈنى بارىدىغان بولدۇم. مەن ئۇنىڭ سەممىي چىرايىدا مۇھەببەت ئۇچقۇنىنىڭ پەيدا بولۇشىنى كۈتەتتىم. ئۇنىڭ قەلب سۆزلىرىنى ئېيتىشىغا، قىزغىن مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلىشىغا تەشنا ئىدىم. لېكىن ئۇ مېنى يەنە ئادەتتىكىچە كۈتۈۋالاتتى. يەنە شۇ مۇلايىم كۆزلەر...

ــ نۇر ئاكا، توي قىلماسىز؟ ــ دىدىم بىر كۈنى گەپ ئېچىپ.

ــ توي دەمسىز؟ ــ ئۇ كۈلۈمسىرەپ قويدى، ــ تېخى ۋاقتى بار.

ــ قىزلار مېنى رەنجىتىپ قويارمىكىن دەپ ئەندىشە قىلماڭ، بىر ئۆمۈر سىزگە خىزمەت قىلىشقا بەل باغلىغان قىزلارمۇ چىقىدۇ.

مەن بۇ سۆزلەرنى ئېيتىۋاتقىنىمدا يۈزۈمگە ئوت ئالغاندەك قىزىرىپ كەتتىم. مەن شۇ چاغدا مۇھەببەتنىڭ ئۆز كۈچى بىلەن ھەممىنى بېسىپ چۈشۈدىغانلىغىنى بىلدىم. نۇر ئوق - يادەك كىرپىكلىرىنى قېقىپ نىمىشقىدۇ چوڭقۇر تىنىپ قويدى. كېيىن:

ــ خەلىچە، قاراڭ، مەن تېلېۋىزورنى ئۆزگەرتىپ ياساشنى ئويلاۋاتىمەن. ئەگەر بۇ ئىشىم ئەمەلگە ئاشسا، ناھايىتى چوڭ مۇۋەپپەقىيەت بولاتتى، ــ دىدى ھىچنەرسىنى سەزمىگەندەك قىلىپ.

مەن ئۇنىڭ سۇزۇك لەۋلىرى، قىزغۇچ مەڭزى ۋە تۇيغۇسىز كۆزلىرىگە تىكىلگىنىمچە تۇرۇپ قالدىم. بۇ يىگىت نىمە ئۈچۈن توي قىلىشقا قىزىقمايدۇ؟ ئۇ قىزلارنىڭ يېنىپ تۇرغان كۆزلىرىدىن بىزارمۇ؟ بۇنىڭدا زادى نىمە سىر بار؟

ئارىدىن بىر ئاي ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى. مەن ئەمدى يالغۇز دەرەختەك يەككە - يىگانە، سەھەردىكى نەي ساداسىدەك مۇڭلۇق بولۇپ قالدىم. ئەتىگەندە شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقان سۇ بويىغا ئولتۇرۇپ گۈللۈكلەرگە

قارايمەن. ئەنە شۇ گۈل شاخلىرى بويۇن تاشلاپ بىر بىرىگە ئېگىلىپ تۇردۇ. ئۇلار كۆپ بويىي بىر بىرىگە ئىنتىزار. ئاھ خۇدا! سەن ئۇلارنى نېمە ئۈچۈن مەندەك پىغان ئىچىدە ئۆتۈشكە يارىتىپ قويدۇڭ؟!

— خەلچە، ئۆتكەن كۈنى مومايى سىزنىڭ دەرەخ تۈۋىدە يىغلاپ تۇرغىنىڭىزنى كۆرۈپ قاپتۇ، سىزگە نېمە بولدى؟ — دېدى نۇر بىر كۈنى دۇكىنىغا بارغىنىمدا.

— ھېچنېمە، ناھايىتى خوشالمەن، — دېدىم مەن يوشۇرۇپ.

— ئىشەنمەيمەن، جاۋەپ قالدىڭىز. كۆز يېشىڭىز نېمە ئۈچۈن ھازىرغىچە تۆگ-مەيدۇ؟

مەن قانچە كۆلۈمسىرەشكە تىرىشساممۇ، قەلبىمنى يوشۇرالمىدىم. قولۇم گۈل قاچىسىغا تېگىپ ئۆرۈۋەتتى، تاقىتىم توشتى - دە، نۇر ئۈچۈن سىر بولۇپ كېلىۋاتقان قەلبىمنى ئىختىيارسىز ئاچتىم. مەن ئۇنىڭدىن ھاياجان-لىق قۇچاقلاشنى كۈتكەن ئىدىم. بىراق ئۇ-نىڭ چىرايى شەپەقتەك قىزىللىققا تولدى-دە، تەئەججۈپلىنىپ لېۋىنى چىشلىدى.

— خەلچە، ئىككىمىزنىڭ يۈرىكى بىر بېغىشتىكى ئالمىدەك ئوخشاش، مەن سىزنى چېنىمدىنمۇ ياخشى كۆرىمەن، — دېدى ئۇ ماڭا قاراپ، — بىراق ئۆيلەنمەيمەن.

«نۇر ئاكا، ئۇنداق دېمەڭ. سىزدەك ياش يىگىتنىڭ ئۆيلەنمەي تەنھا ئۆتۈشىگە ئىشەنمەيمەن. جاھاندىكى ئۇچار قۇشلارنىڭمۇ تاللاپ سۆيگەن مەشۇقى بولىدىغۇ، رەھىمدىل يىگىتلەر ئۆزىگە ئەسىر بولغان قىزلارنىڭ مۇ-ھەببىتىنى ھېچقاچان رەت قىلمايدۇ» دەپ كۆڭلۈمدە ئىلتىجا قىلدىم. ئەمما نىمىشقىدۇ ئاغزىمدىن چىقىرىشقا پېتىنالمىدىم...

ئالىيە، ياز كۈنى دەريا بويىدا سەيلە قىلغىنىمىز ئېسىڭىزدىمۇ؟

— ئالىيە، ئەگەر سەن ئوغۇل بولساڭ، قانداق قىزنى ياخشى كۆرەتتىڭ؟ — دېدىم بىر كۈنى بىر تال گۈلنى ئويناپ تۇرۇپ.

سەن بىر ئاز ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدىڭ - دە:

— مەن چىرايىنى ئەمەس، پاك قەلبىنى ئىزدەيتتىم، — دېدىڭ.

— ئەگەر قارىغۇ ياكى توكۇر بولسىچۇ؟ — دېدىم مەن.

— قولتۇقىدىن يۆلەپ، قولىدىن يېتىلەپ كۈتەتتىم. ئۇنىڭ مۇشۇ دەريا سۈيىدەك سۈزۈك قەلبى بولسىلا كۇپايە، — دېگەن ئىدىڭ.

سەن شۇ چاغدا بۇ سۆزلەرنىڭ ئەكسى تەرىپىدە ئاياللار ئۈچۈن قانچىلىك ئازاپ ۋە پىغانىنىڭ يوشۇرۇنغانلىقىنى بىلەمتىڭ؟

مەن ئەمدى پانا بولغان بۇ قەدىمىي ھويلىدىن كېتىش قارارىغا كەلدىم. ئاخىرقى قېتىم ھويلىنى سۈپۈرۈپ، كىرلەرنى يۇدۇم، گۈللەرگە سۇ قۇيدۇم؛ موماينى ئۆز ئانامدەك قېنىپ - قېنىپ قۇچاقلىدىم، ئاندىن نۇرنىڭ ئالدىغا كەلدىم:

— نۇر ئاكا، يەتتە ئايدىن بۇيان بۇ ئۆيدە خۇددى ئۆز ئاتا - ئانامنىڭ يېنىدا تۇرغاندەك ئازادە ياشىدىم، رەھمەت سىزگە، دۇنيادا ھەممە ئەرلەرنىڭ سىزدەك بولغان كۈنى ئاياللارنىڭ يېشى قۇرۇپ، بەختى ئېچىلغان كۈنى بولىدۇ. خۇدا سىزگە تېخىمۇ زور ئامەت بەخش ئەتسۇن، — دېدىم مەن خوشلىشىۋېتىپ.

— خەلچە، كەتمەڭ، — دېدى نۇر، ئۇنىڭ ئاۋازى تىترەيتتى، كۆزلىرى قايغۇغا تولغان ئىدى. — مەن سىزنىڭ نېمە ئۈچۈن كېتىدىغانلىغىڭىزنى بىلىمەن. بىراق، مېنىڭ-دىن رەنجىمەڭ. ئەمدى سىزگە تېلىپۈزۈر

رېمونت قىلىشنىمۇ ئۆگىنىپ قويماقچىمەن. بەلكىم بۇ كەلگۈسى تۇرمۇشىڭىز ئۈچۈن پايدىلىق بولۇپ قالار.

— رەھمەت، مەن سىزنى ئۆمۈرۋايەت ياد ئېتىمەن. مەن — كۆز ياشلىرىمنى ئاران تۇتۇپ تۇراتتىم، نۇر مېنىڭ قولۇمنى تۇتتى:

— يۈرۈڭ، ئايلىنىپ كېلەيلى. — دېدى ئۇ ئاستا.

بىز مەجنۇن تاللىق يول بىلەن قىپ-قىزىل گۈلگە ئورالغان لەمپىلىك پەشتاقتا قاراپ ماڭدۇق. سۇنىڭ شىلدىرلاپ ئېقىشى، قۇشلارنىڭ سايرىشى ۋە ياپ-يېشىللىق ئىچىدىكى ساپ ھاۋا كىشىنىڭ كۆڭلىنى ياشارتاتتى. بىز گۈللۈكنى ئايلىنىپ كىچىككىنە ئورۇندۇقتا ئولتۇردۇق. ئېھتىمال، بۇ ئىككىمىزنىڭ ئەڭ ئاخىرقى سۆھبىتىمىز بولسا كېرەك. ئۇ مېنىڭ قولۇمنى تۇتتى-دە، ئۆزىگە تارتتى، مەن ئۇنىڭ كۆكسىگە بېشىمنى قويدۇم. ئۇنىڭدىن ئۇرغۇۋاتقان ئىسسىق ھارارەت ۋۇجۇدۇمنى لەرزىگە سالدى. يۈرىكىم دۈپۈلدەپ سوقۇشقا باشلىدى. بىراق ئاز ئۆتمەي ئۇنىڭ كۆز ياشلىرىنىڭ يۈزۈمگە يامغۇر تامچىسىدەك چۈشۈۋاتقىنىنى كۆردۈم.

— خەلىچە، مەن سىزنى بىھۇدە ئازاپتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ئىشىنىڭ ھەقىقىتىنى ئېيتىشقا مەجبۇر بولىۋاتىمەن... مەن ئوغۇل ئەمەس، سىزگە ئوخشاش قىز.

— نىمە؟ — چۆچۈپ بېشىمنى كۆتەردىم.

ئۇ قولى بىلەن گىمناستيۇركىسىنىڭ تۈگمىسىنى يەشتى-دە، يېپەك كۆينىكى ئىچىدىن كۆكسىنى ئاچتى. چىڭ تارتىپ قويۇلغان لىپتىك تېگىدىن ئالمىدەك يۇمىلاق كۆكسى كۆز ئالدىمدا پەيدا بولدى. مەن نىمە دېيىشىمنى بىلمەي داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدىم.

سەيلىگاھنىڭ كەچلىك مەنزىرىسى بىرجۈپ قىزنىڭ دېڭىزدەك داۋالغۇپ تۇرغان قەلبى ئۈچۈن سۈكۈتكە پاتقاندەك جىم-جىت ئۆتمەكتە ئىدى. باغ ئىچىدە ئادەملەر شالاڭلىشىپ، ھەيۋەتلىك سىدە دەرەخلىرى كۆزىنى، يۇمۇپ قاراڭغۇ تۇمان ئىچىگە كىرىشكە باشلىدى.

— نۇر... بۇ قانداق بولغىنى؟...

نۇر گىمناستيۇركىسىنىڭ تۈگمىلىرىنى ئەتكەچ تۆۋەندىكىلەرنى سۆزلەپ بەردى:

— مېنىڭ ئىسمىم نۇرىيە، سىزگە ئوخشاش بەختسىز قىزمەن. ئائىلىمىزدە ئاپام بىلەن ئىككىمىزلا ياشايتتۇق. بويۇمغا يېتىپ توي قىلىش ئالدىدا ئۈچ يىلدىن بېرى بىرگە ئۆتۈۋاتقان سۆيگۈنۈمنى تۈرمىگە ئېلىپ كېتىشتى-دە، ئالتە يىللىق كېسىۋەتتى. يىغلىدىم، قاخشىدىم، ئاخىرى تۈرمىدىن چىققىچە كۈتۈش نىيىتىگە كەلدىم. ئۇنى تۈرمىگە يوقلاپ بارىدىغان مېنىڭدىن باشقا ئادىمى يوق ئىدى. شۇڭا مەن قۇرۇلۇشلاردا كۈنلۈك ئىشلەپ يىققان پۇلۇمغا خالتا تەييارلاپ ئۇنىڭغا ئەۋەتەتتىم. ئالتە يىلنى ئاز دەمسىز؟ بۇ جەرياندا بىساتىمدىكى ھەممە نەرسىنى سېتىپ تۈگەتتىم. مەن ئۇنىڭ تۈرمىدىن ساق-سالامەت قايتىپ كېلىشىنى كۈتەتتىم. بىز ھەر قېتىم تۈرمىدە كۆرۈشكەندە ئۇ كۆزىگە ياش ئېلىپ تۇرۇپ:

— نۇرىيە، سىز ماڭا ھەممىدىن ئۇلۇغ، ھەممىدىن مېھرىبان. — دەيتتى.

ئاخىرى ئالتە يىلمۇ توشۇپ، ئۇ تۈرمىدىن چىقتى. بىز توي قىلدۇق. ئىككى يىل ئۆتكەندە ئۇ قۇرۇلۇش كۆتىرە ئالغۇچە-

لارنىڭ كەينىدە يۈرۈپ، پۇل تېپىشقا باشلىدى. ئۇستىگە سارجا كىيىملەرنى كىيىپ، موتوتسىكلىت مىنىدىغان بولدى - دە، مېنىڭدىن چېنىشقا باشلىدى. مەن ئۇنىڭ قوچىقىغا ئۆزەمنى ئېتىپ يىغلىدىم. لېكىن، ئۇ ئۆزۈن ئۆتمەي، كەلگۈسى ئايىلىنى ئۆيگە باشلاپ كىرىپ مېنى ئاياق - ئاستى قىلدى...

مەن نۇرىيەنى چىڭ قۇچاقلىۋالدىم. نىمە ئۈچۈن بەزى ئاياللارنىڭ كۆلۈپ ئۆتۈدىغان چاغلىرى ئاز؟ نىمە ئۈچۈن كۆز يېشى ئەۋلاتتىن - ئەۋلاتقا مىراس بولۇپ قالىدۇ؟

— نۇرىيە ئاچا، شۇنىڭدىن كېيىن تۇرمۇشقا چىقمىدىڭىزمۇ؟

— ياق، — نۇرىيە سۆزىنى داۋام قىلدى، — شۇنىڭدىن كېيىن ئۆمۈرۋايەت تۇرمۇشلۇق بولماي مۇستەقىل ياشاش قارارىغا كەلدىم. ئاپام ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن يۇرتۇمنى تاشلاپ، ئەرەنچە ياسىنىپ، بۇ شەھەرگە كەلدىم.

ماڭا ھەممە نەرسە چۈشىنىشلىك بولدى. نۇرىيە گىمناستيۇركىسىنىڭ يانچۇغىدىن چاقنىغىنا خاتىرىنى ئېلىپ، ئۇنىڭدىن بىر پارچە رەسىمنى چىقاردى. بۇ نۇرىيەنىڭ تۇنجى توي قىلىش ئالدىدا چۈشكەن رەسىمى بولۇپ، بېشىدىكى گۈللۈك زەر ياغلىق خوپمۇ ياراشقان ئىدى، قۇندۇزدەك چاچلىرى يەلكىسىگە چۈشۈپ تۇراتتى.

— نۇرىيە ئاچا، خوپمۇ چىرايلىق قىز ئىكەنسىز، — دېدىم ھەيران بولۇپ.

— ئۆزەممۇ رەسىمگە ھەر قارىسام كۆڭلۈم بۇزۇلىدۇ، — نۇرىيە ئېغىر ئۇھ تارتتى، لېكىن ئۇ ئۆزىنى تېتىك تۇتۇپ كۆلۈمسىرىدى، — ئاياللارنىڭ بەزىلىرى نىمە ئۈچۈن بەختسىز بولۇپ قالىدۇ؟ سەۋەبىنى بىلەمسىز؟ بۇنىڭ ھەممىسى ئاياللارنىڭ ئەرلەرگە بېقىنىپ قالغانلىغىدا. ئاياللار ئەرلەرنىڭ كىرىنى يۇيۇپ، ئېشىنى ئېتىپلا ئۆزۈل - كېسىل بەختلىك بولالمايدۇ. ئۇلار دىمۇ ئەرلەرگە ئوخشاش مۇستەقىل ياشاش ئىقتىدارى بولۇش كېرەك. مەن بۇ شەھەرگە كەلگەندىن كېيىن، دەسلەپ سائەت رېمونت قىلىشنى ئۆگەندىم. كېيىن ئۈنئالغۇ، تېلېۋىزور رېمونت قىلىشقا كىرىشتىم. ھازىر كۈنىگە 15 سومدىن 20 سومغىچە ئىشلىيەلەيمەن. مېنى بەختسىز دىگىلى بولامدۇ؟ مۇشۇ يىللار ئىچىدە ماڭا بەش قىز توي قىلىش تەلىۋىنى قويدى. ئەگەر مەن قىزلىق قىياپىتىمگە كەلگەن بولسام يەنە بىر مۇنچە يىگىتلەر توي قىلىش ھەققىدە تەلەپ قويۇشىمۇ مۇمكىن ئىدى.

— نۇرىيە ئاچا، بۇندىن كېيىنمۇ يەنە مۇشۇنداق ياشامسىز؟

— ياق، — ئۇ مېنىڭ مەقسىدىمنى چۈشەنگەندەك بېشىنى چايقاپ قويدى، — دەسلەپ ئۆمۈر بويى تۇرمۇشلۇق بولماي ئەرەنچە كىيىنىپ، تەنھا ئۆتۈپ كېتىش نىيىتىدە ئىدىم. بىراق ھايات ئۇنىڭغا يول قويمايدىكەن، دۇنيادا نۇرغۇن دىلى پاك، ۋىجدانلىق يىگىتلەرمۇ ئۆتكەنىكەن. مەن ھازىر بىر خىل ھېنەر ئۆگىنىۋاتىمەن. مەن ئۇنى ئۆگىنىپ بولغاندىن كېيىن يۇرتۇمغا قايتىمەن. ئۆز يۇرت نىمە دىگەن سۆيۈملۈك - ھە؟ شۇ چاغدا ئايالالىق كىيىم بىلەن كوچىغا چىقىمەن.

بىز ئورنىمىزدىن تۇرۇپ ئېرىق بويلاپ ماڭدۇق. مەن دەرەخلەر ئارىسىدىن چۈشۈۋاتقان ئاي شولىسىدا ئۇنىڭغا تويىماي قارايتتىم.

— نۇرىيە ئاچا، بۇندىن كېيىن ئىككىمىز مەڭگۈلۈك ئاچا - سىڭىللاردىن بولايلى.

نۇرىيە گېپىمگە جاۋابەن مېنى يەنە بىر قېتىم باغرىغا باستى. نەملەشكەن مەڭزىلىرىمىزنى بىر - بىرىمىزگە چىڭ يېقىشتۇق. قەلبىمدە سىڭىللىق مېھرى ئۇرغىدى.

مانا ھازىر ئارىدىن ئۈچ يىل ئۆتتى. مەن نۇرىيەدىن ھۈنەر ئۆگەندىم. مېنىڭ ئۆزىدەك ئۇستا بولغىنىمنى كۆرگەندىن كېيىن، نۇرىيە دۇكىنىنى ماڭا ئۆتكۈزۈپ بەردى - دە، ئۆز يۇرتىغا كەتتى. ئۇنىڭ شەھەردىكى قىز دوستلىرى يەنە دۇكانغا ئۇزۇلمەي كېلىپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە، نۇرىيە يەنە جاسارەتلىك ياش يىگىت ئىدى.

— نۇر تېخىچە قايتىپ كەلمىدىمۇ؟ — سورشاتتى ئۇلار.

— ياق، — دەپ قىسقىلا جاۋاپ بېرەتتىم مەن.

— ئېھتىمال، قىز تاللاپ يۈرسە كېرەك.

مېنىڭ يىغلىغۇم كېلەتتى.

مەن ئۇنى يەنە بىر قېتىم كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولدۇم. ئۆتكەن يىل ئۇنىڭدىن بىر پارچە خەت تاپشۇرۇپ ئالغان ئىدىم. خەتتە نۇرىيە ئۆزىنىڭ بىر تەرجىمان يىگىت بىلەن توي قىلغانلىقىنى، تۇرمۇشىنىڭ ناھايىتى كۆڭۈللۈك ئۆتۈۋاتقىنىنى يازغان ئىدى. بۇندىن ئىككى كۈن بۇرۇن تۇيۇقسىز ئۇنىڭ رەسىمىنى گېزىتتىن كۆرۈپ قالدىم. گېزىت نۇرىيەنىڭ ئۆز ئالدىغا كارخانا قۇرۇپ، 100 مىڭ يۈەنلىك ياشلار قاتارىغا ئۆتكەنلىكىنى خەۋەر قىلغان ئىدى. ئۇ ئاۋالقىدەك مۇلايىم كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى. بويىنىغا مەرۋايىتلارنى ئاسقان، چېچىغا ياقۇت كۆزلۈك ئالتۇن چازىلارنى تاقىغان، ئوتلۇق كۆزلىرىدىن بەخت، شىجائەت ئۇرغۇپ تۇراتتى. ياشلىرىم تۆكۈلدى، ئېھ، سۆيۈملۈك ھەدە!

ئالىيە، مېنىڭ يازىدىغانلىرىم تۈگىدى. سەن بۇنىڭغا ئىشىنەمسەن؟ ئىشەنگىن، مىڭلىغان ئاياللارنىڭ جاپا تارتىپلا ئۆتۈشنى خالىمايدىغانلىقى، ئۇلاردىمۇ تولۇق ئىقتىدار ۋە ھاياتىي كۈچنىڭ بارلىقىغا ئىشەنگىن.

خەير، تۇرمۇشىڭغا بەخت تىلەيمەن!...»

www.uyghurkitap.com

# ئىككى ھېكايە

ئىدرىس بارات

## تويلۇق

ئۇلار پات - ئارىدا توي قىلىشقا پۈتۈشتى.

قىز — گۈلشەن شەھەردىكى بايashat كادىر ئائىلىسىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن گۈزەللەردىن ئىدى، شۇنىڭغا يارىشا ئۇنىڭ كىيىنىش ۋە يۈرۈش - تۇرۇشلىرىمۇ شەھەر شارائىتىغا مۇناسىپ بولۇپ، گۈزەللىكىگە ھۆسن قوشۇپ تۇراتتى. يىگىت — مەتكېرەم ئەسلى يېزىلىق بولۇپ، كىچىك چېغىدىلا دادىسىدىن يېتىم قالغانلىقتىن ئانىسىنىڭ ئالدىدا ئۆسۈپ چوڭ بولغان. ئۇ، مەكتەپ پۈتتۈرۈپ، شەھەرگە خىزمەتكە تەقسىم قىلىنغاندىن كېيىن، كۆزگە كۆرۈنگەن كەسپىي قابىلىيىتى، ھۆرمەتكە سازاۋەر ئىش ئورنى ۋە كېلىشكەن قەددى - قامىتى بىلەن زامان - زامانلاردىن بۇيان داۋاملىشىپ كەلگەن شەھەرلىكلەرنىڭ ئۆزىنى ئۈستۈن كۆرىدىغان مەغرۇر ھېسسىياتى ئۈستىدىن غالىپ كېلىپ، قۇدىلىشىشتىكى نەسەپ، مەرتىۋە توساقلىرىنىمۇ ھالقىپ ئۆتۈپ، شەھەر قىزلىرى «قورغانى»غا ئاخىرى بۆسۈپ كىرگەن ئىدى. ئۇمۇ نۇرغۇن ياقا يۇرتلۇق يىگىتلەرگە ئوخشاش ھەممە ئىش پۈتۈپ توي قىلىشقا ئازلا قالغاندا، ئاپىسىنىڭ رازىلىقىنى ئېلىپ قويۇش ئۈچۈن يۇرتىغا خەت يېزىۋەتكەن بولسىمۇ، بىراق، ئاپىسىنىڭ شۇنچە ئۇزاق يول بېسىپ، تويىغا ئىككى - ئۈچ كۈنلا قالغاندا يېتىپ كېلىشىنى ئويلىمىغان ئىدى.

ئاپىسىنىڭ توساتتىن يېتىپ كېلىشى مەتكېرەمنى ھەم خوشال قىلدى، ھەم ئوڭايسىزلاندۇردى. چۈنكى، بۇ ساددا ئايال يېزىلىقلارغا خاس كۆرۈمسىز، ئاددى ئۈستىبېشى بىلەنلا كەلگەن ئىدى. مەتكېرەم ئاپىسىنىڭ نىمكەش قارا چىبەرقۇت چاپىنىنى تالاغا ئەپچىقىپ، تاياق بىلەن بىر ھازا

قاقشان بولسىمۇ، توپىسىنى ھېچ تۈگىتەلمىدى. ئۇ ئاپىسىنىڭ مۇشۇ تۇرقىدا گۈلشەن بىلەن، بولۇپمۇ گۈلشەننىڭ سالاپەتلىك دادىسى، ئاسانلىقچە ئادەم ياراتمايدىغان ئاپىسى بىلەن كۆرۈشۈشىدىن ۋە توي كۈنى ئەل-جامائەت ئالدىدا «مەيدانغا چىقىشى»دىن نومۇس قىلاتتى. دىمىسىمۇ، ئۆزى ئىسىل سارجىدىن كاستيۇم-بۇرۇلكا، دىراپتىن پەلتۇ كىيىپ، گالستۇك تاقاپ قېتىۋالسا، ئاپىسى ئاشۇنداق پەجمۇدە ھالدا تۇرسا، ئەل-جامائەت نىمىلەرنى دىمەس؟ ئۇ، بىرەر قۇر يېڭى كىيىم ئېلىپ، ئاپىسىنىڭ ئۇستىبېشىنى سەل-پەل تۈزەشتۈرۈپ قويۇشنى نەقەدەر ئارزۇ قىلاتتى-ھە! بىراق، ئۇنىڭ نەچچە يىلدىن بېرى يىققان ئىقتىسادى تويدىن بۇرۇنقى تۈگىمەس رەسمىيەتلەر، تۇيپەيلىدىن ئاللىقاچان قۇرۇغان، يەنە تېخى ئىككى يۈز يۈەنگە يېقىن قەرزگىمۇ بوغۇلغان ئىدى.

تەڭلىك دىگەن يامان نەمە-دە! ئۇ، نى-نى ئوغۇل باللارنىڭ قەددىنى پۈكىدۇ. مەتكېرەمنىڭ باياتىن ئاپىسىنى قارشى ئالغان ۋاقتىدىكى خوشاللىقىنىڭ ئورنىنى بارا-بارا غەم باستى. ئۇ بۇگۈن ئۆمرىدە ئەڭ قىيىن مەسىلىگە دۇچ كەلگەندەك، جىددى پىكىر قىلماقتا، ئامال ئويلىماقتا ئىدى. شۇڭا ھازىر ئاپىسىنىڭ قىلىۋاتقان گەپ-سۆزلىرى ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرمەيتتى...

شۇ پەيتتە، گۈلشەن كىرىپ كەلدى. ئۇ تېخى بولغۇسى قېيىنئانىسىنىڭ كېلىدىغانلىقىدىن ۋە كېلىپ بولغانلىقىدىن بىخەۋەر ئىدى. مەتكېرەم قىسقىچە تونۇشتۇرغاندىن كېيىن، پۈتۈن ئۆزايىدىن خۇشپۇراق يېغىپ تۇرىدىغان قىز بىلەن يۈز-كۆزىنى سەپەر چاڭ-توزاڭلىرى باسقان ئانا مەڭزىنى مەڭزىگە يېقىشىپ كۆرۈشتى، تېچلىق-ئامانلىق سوراشتى. قىزنىڭ كۆزلىرىدىن شاتلىق ئۇچقۇنى چاقنىدى، ئانىنىڭ ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كۆزلىرىدە بولسا، ئىسسىق ھاياجانلىق ياشلىرى ئەگىدى.

ئەسلىدە تويىنىڭ ھەممە تەييارلىقى تەق بولدى دىگەن پەيتتە، يېڭى بىر مەسىلە كېلىپ چىققان ئىدى: مەتكېرەم تويلۇققا قېينانىسىنىڭ ئۇسخا تاللايدىغىنىدىن بىخەۋەر قەشقەردىن چىچەك نۇسخىلىق ياقۇت ھالقا ئەكەلدۇرۇپ قويغان، تويلۇق سائەتكە ھازىرچە گۈلشەن قولىدىكى «شاڭخەي» ماركىلىق سائەتنى تاقاپ تۇرۇدىغانغا پۈتۈشكەن ئىدى. لېكىن گۈلشەننىڭ ئاپىسى نوغاي نۇسخىلىق ياقۇت ھالقا، شۇيتسارىيە سائىتى بولمىسا تويىنى قىلغىلى بولمايدۇ، دەپ تۇرۇۋالدى. مەتكېرەمنىڭ تەڭلىكتە قېلىۋاتقانلىقىنى بىلگەن گۈلشەن ئۆزىنىڭ تاقاپ يۈرگەن ھالقىسىنى بىر دوستىنىڭ نوغاي نۇسخىلىق ھالقىسىغا ئالماشتۇرۇپ، ئاپىسىنىڭ ئۆتكەلدىن ئۆتۈۋالدىغان، ئۆزىنىڭ بانكىدىكى ئامانەت پۇلىنى قەرەلدىن بۇرۇن ئېلىپ، شۇيتسارىيە سائىتى ئالىدىغان قارارغا كېلىپ، بۇ توغرىلىق مەتكېرەم بىلەن مەسلىھەتلىشىش ئۈچۈن كەلگەن ئىدى. گۈلشەن قېيىنئانىسىنىڭ ئالدىدا بۇ گەپلەرنى دەپ ئولتۇرۇشنى بىئەپ بىلىپ، مەتكېرەمنى سىرتقا چاقىردى ۋە خىيالىنى ئېيتتى. بۇ چوڭ غەمدىن قۇتۇلغان مەتكېرەم ئەلۋەتتە خوشال بولىشى كېرەك ئىدى، لېكىن، ھوشيار قىز مەتكېرەمنىڭ ئانچە بەك خوشال بولۇپ كەتمىگەنلىگىنى سەزدى.

— نىمە بولدى سىزگە؟ مىجەزىڭىز يوقمۇ نىمە؟ — دەپ سورىدى گۈلشەن.

— ياق، — دىدى مەتكېرەم يەنىلا روھسىز قىياپەتتە، — بىر غەمدىن قۇتۇلساق،

يەنە بىر غەم دەگا.

— يەنە نېمە غەم؟ ئوچۇقراق دەگا.

— كۆردىڭىزغۇ، — دېدى مەتكېرەم بېشى بىلەن ياتىغىنى شەرەت قىلىپ، — ئانام ئاشۇ تۇرقىدىلا كەپتۇ. ئاشۇ ئۇستىباش بىلەن ئاتا - ئانىڭىزنىڭ ئالدىغا قانداق ئاپىرارمەن؟ توي كۈنى خەق نېمە دەر؟

گۈلشەنمۇ ئويغا پېتىپ قالدى. دىمىسىمۇ توي ئەمەسمۇ، تويدا ھەممە ئادەم چىرايلىق كىيىنىدۇ. ئاتا - ئانىنىڭ چىرايلىق كىيىنىشى ئۆزى ئۈچۈنلا ئەمەس، يەنىلا ئەل - جامائەتنىڭ، تويى بولۇۋاتقان باللىرىنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن - دە. گۈلشەن ئەقىللىق قىز ئىدى، ئۇ، شۇ تاپتا گەپ قىلمىغىنى بىلەن، ئۇنىڭ كۆڭلىدىمۇ بىر ئەندىشە كېزىپ يۈرەتتى.

— مۇنداق قىلايلى، قاراڭ، — دېدى ئۇ مەتكېرەمگە، — ئاپىمىز كەپتۇ، بۇ ياخشى ئىش. سىز نەچچە يىل كۆرۈشمىگەن، ئۆيدە بىللە قېلىپ بىردەم مۇڭدىشىۋېلىڭ، سودىلىقتا ئۆزەم باراي. كەچتە ئاپىمىزنى بىزنىڭكىگە باشلاپ بارايلى، قۇدىلار كۆرۈشسۇن.

— مۇشۇ پېتى؟

— غەم قىلماڭ، ئۇنىڭمۇ بىر ئامالى بولۇپ قالار، — گۈلشەن شۇنداق دېگىنىچە ئۆيگە كىرىپ قېيىنئانىسى بىلەن خوشلاشتى - دە، يۈرۈپ كەتتى.

گۈلشەن سائەت ماگىزىنىغا كىرمەي، كىيىم - كېچەك ماگىزىنلىرىنى ئايلىنىپ، قارا سۆكنو پەلتۇدىن بىرنى ئالدى، ئەمدى ئۇنىڭ قولىدا سائەت ئالماقچى بولغان پۇلدىن ئازراقلا قالغان ئىدى، ئۇ، بۇ پۇلغا بىر تۇشتال ئالدى - دە، خوشال ھالدا مەتكېرەمنىڭ ياتىقىغا كەلدى. لېكىن ياتاقتا مەتكېرەمنىڭ ئاپىسى يالغۇز ئولتۇراتتى.

گۈلشەن سۆكنو پەلتۇنى قېيىنئانىسىغا كىيدۈرۈپ، تۇۋد شالنى بېشىغا سالغان ئىدى،



www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭغا باشقىچە سۈپەت كىردى. شۇ ئەسنادا سىرتتىن كىرىپ كەلگەن مەتكېرەم دەسلەپتە ھەيران بولدى، لېكىن دەرھال ئىشىنىڭ تەكتىگە يەتتى - دە، ئەھۋالنى ئاپىسىغا سۆزلەپ بەردى. ئانا ھاياجانلانغان ئىدى، ئۇ، گۈلشەننى باغرىغا بېسىپ، باش - كۆزلىرىگە سۆيدى:

— جېنىم قىزىم، مەن ئۈچۈن كايىپلا، خۇدايىم مەرتىۋىلىرىنى يۇقۇرى قىلسۇن، ياخشى كۆڭۈللىرىگە رەھمەت. شەھەر قىزلىرى بىز سەھرالىقلا ئاش بولارمۇ دەپ غەم يەيتتىم ... ئەمدى كۆڭلۈم تىندى. ئۇ شۇنداق دېگىنىچە جىلتكىسىنىڭ يانچۇقىدىن مۇشتۇمدەك بىر مونەكنى ئالدى - دە، ئۇنىڭدىن ئون يۈەنلىك بىر تۇتام پۇلنى چىقىرىپ مەتكېرەمگە سۇندى:

— مە، بالام. بۇ ئاز بولسىمۇ تويۇڭغا ئاتىغىنىم، رەخ - پەخ، ئۆي لازىمەتلىكىنى دېگەننىڭ ياخشىسى مۇشۇ شەھەردە، دەپ پۇلنى كۆتىرىپ كەلدىم، بالام. خالىغىنىڭلارنى ئېلىڭلار، ۋاي، ما گالۋاڭلىغىنىنى، كېلىن بالامغا ئالغىنىمۇ بار تېخى، مېنىڭ ئالغان بىر نەمەم بۇ قىزىمغا يارامتىكىن - تاڭ، — ئۇ جىلتكىسىنىڭ يەنە بىر يانچۇقىدىن قىزىل لاتىغا ئورالغان قۇتىنى چىقاردى ۋە ئىككى قوللاپ گۈلشەنگە تۇتقازدى، — قاراپ باقسىلا بالام، خەقلەر قەشقەرنىڭ داڭلىق دېيىشتى، ئالغاچ كەلدىم، يارىمىسا بۇ يەردىن ئالارمىز.

گۈلشەن قۇتىنى ئېچىپ ھەيران بولدى. بۇ كۆزنى قاماشتۇرۇدىغان سۆسۈن ياقۇت كۆزلۈك نوغاي نۇسخىلىق ئالتۇن ھالقا ئىدى. ئۇ، ئاپىسى ھەۋەس قىلغان شاپتۇل چېچىكى رەڭلىك ياقۇت كۆزلۈك ھالقىدىنمۇ جۇلالىق بولۇپ، ئىشلىنىشىمۇ ئۆزگىچە نەپىس ئىدى.

— رەھمەت ئاپا، جىق كايىپلا. — گۈلشەن شۇنداق دېگىنىچە ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي قېينئانىسىنى مېھرى بىلەن باغرىغا باستى.

## كىچىككەن توي

ئاغىنىمىز ئەخمەتنىڭ يېقىندا بولۇپ ئۆتكەن تويى ئۇزۇن يىللىق بويتاقلىق تۇرمۇشىغا خاتىمە بېرىپ، ئۇنى دوستلىرى ۋە خىزمەتداشلىرىنىڭ خوتۇن توغرىسىدا قىلىدىغان چاقچىقىدىن ئازات قىلغان بولسىمۇ، لېكىن يەنە بىرمۇنچە كىشىلەرنىڭ كاللىسىدا: «ئەجەبا، ئەخمەت شۇنچە يىللاردىن بېرى ئەمەلدار خوتۇن ئېلىشنى كۈتۈپ تۇرغان بولغىيمىدى؟ ئاۋۇ قىزمۇ ئەمەل تۇتۇپ ئاندىن ياتلىق بولۇش ئۈچۈن ساقلىغان بولغىيمىدى؟...» دېگەندەك بىر تالاي سوئاللارنى پەيدا قىلماي قالمىدى. دەرۋەقە، ئەخمەت بىلەن ئايشەمگۈلنىڭ تويى ئۇ ۋەزىپىگە تەيىنلىنىپ بىر ھەپتىدىن كېيىن تويىۇقسىزلا بولغان ئىدى. تويغا كەلگەنلەرمۇ كۆپ بولدى، ئادەم كۆپ بولغاندىكىن، گەپمۇ كۆپ بولدى. لېكىن، ھەر كىم ھەر نېمە دېگەن بىلەن، بۇ ئىككىسىنىڭ ئىلگىرىكى مۇناسىۋىتى توغرىسىدا ھېچ كىشى ھېچنېمىنى بىلمەيتتى.

توي ئۆتۈپ بىرنەچچە كۈندىن كېيىن، بىز بىر نەچچىمىز ئاياللىرىمىز بىلەن بىللە ئۇلارنى يوقلاپ ئۆيىگە باردۇق، گەپتىن گەپ چىقىپ، مەسىلە ئەخمەت بىلەن ئايشەمگۈلنىڭ ئىلگىرىكى مۇناسىۋىتى ئۈستىگە بېرىپ تاقالغاندا، ئەخمەت مۇنۇلارنى ھېكايە قىلىپ بەردى:

— بۇنىڭدىن ئون نەچچە يىل ئىلگىرى بىر مېھماندارچىلىقتا ئايشىخان ئىسىملىك بىر قىزنى ئۇچراتقان ئىدىم. ئۇنىڭ ئۆزىنى تۇتۇشلىرى، قەددى - قامىتى، ھۆسنى - جامالى كۆڭلۈمگە ياققان ئىدى. ئۇ، ئۆزىنى ناھايىتى مەغرۇر تۇتاتتى، مەندە دەل ئەنە شۇنداق خاراكتېرنى ياخشى كۆرەتتىم، شۇڭا، ئۆزەمنى بىر سىناپ بېقىش نىيىتىگە كەلدىم. لېكىن ئىشنى نەدىن، قانداقچە باشلاش توغرىسىدا كۆپ ئويلىنىپ بېشىم قاتتى. بىۋاستە يۈزتۇرانە گەپ ئاچاي دېسەم، بۇ ھاكاۋۇر قىز بىر ئېغىز گەپ بىلەن قېقىۋەتسە، قانداق قىلىمەن، ئارىغا ئەلچى قويۇپ بېقىشنىمۇ ئويلىدىم. لېكىن ئىش ئەپلەشمىسە، سۆز - چۆچەك بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئۇنىڭدىنمۇ يالتايدىم، ئاخىرى بىر چارە تاپتىم: خەت يېزىش، قىسقىلا خەت يېزىپ، مەلۇم جايدا يالغۇز ئۇچرىشىشقا تەكلىپ قىلىش، كەلسە، ئىشنىڭ ئوڭغا تارتقىنى، بىر - بىرىمىز بىلەن تونۇشۇۋالىمىز - دە، ئاستا - ئاستا ئۆز ئارا چۈشىنىشىۋالىمىز. كەلمىسە، ئىشنى قىلىۇن، ئۇ چاغدا بۇ ئىشنى ھېچكىم سەزمەي قالىدۇ، ھەتتا ئۇ ئۆزىمۇ مېنىڭ كىملىگىمنى بىلمەي قالىدۇ.

خىيالىم بىر يەرگە توختىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا قىسقىغىنا خەت يېزىپ تۆت پۇڭلۇق ماركا چاپلىدىم - دە، پوچتىدىن سېلىۋەتتىم (ھېلىقى مېھماندارچىلىقتا بولۇنغان گەپ - سۆزلەردىن ئۇنىڭ X ئىنستىتۇتىنىڭ يۇقۇرى يىللىغىدا ئوقۇيدىغان ستۇدېنتكا ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغان ئىدىم). ئەتىسى خەتتە بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا، كۆرۈشمەكچى بولغان جايغا بېرىپ ساقلىدىم، ئۇ كەلمىدى. بىرنەچچە كۈنگىچە ئۇدا تەقەززالىق بىلەن شۇ ئەتراپنى ئايلاندىم، يوق. ھەتتا مەكتىۋىنىڭ ئالدىغىمۇ بېرىپ باقتىم، ئۇچرىتالمىدىم، بىر كىمدىن سوراشقا پېتىنالمايتتىم، ئاخىرى ئۈمىتنى ئۈزۈپ قايتىپ كەتتىم ۋە ئۇنى ئويلىماسلىققا تىرىشتىم. ئەمما بىر خىل ئازاپلىق ھېسسىيات خىيالىمغا كىرىۋېلىپ، كۆڭلۈمنى بىئارام قىلىۋەردى. ئەجابا، مەن شۇ قىز ياراتمىغۇدەك ئادەممۇ؟ قېنى، كۆرەرمەن، سەن قانچىلىك بىرسىنى تاپالارسەنكىن! غورۇرلۇق يىگىت بىر قىزنىڭ چوڭچىلىغى ئالدىدا ھەرگىز سۇنماسلىغى كېرەك.

شۇنداق دېگىنىم بىلەن نىمە ئۈچۈندۇر ئۇ قىزنى زادىلا ئۇنتۇپ كېتەلمىدىم. مۇشۇ ئون نەچچە يىلدىن بېرى مېنىڭ نەزىردە ئۇنىڭدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان بىرەر قىز بىلەن تېپىشقان بولسام، بەلكىم، ئۆيلىنىپمۇ بولار ئىدىم، بىراق، ئۇچرىمىدى، مەندە بويتاقلىقنىڭ زېرىكىشلىك كۈنلىرىگە چىداپ يۈرۈۋەردىم.

ھايات دېگەن غەلىتە بىر سەھنە ئىكەن. ئۇ ئويلىمىغان يەردە ئادەمگە ئاجايىپ كومېدىيىلەرنى كۆرسىتىپ ئۆتۈدىكەن. ئۆتكەن يىلى مەن ئالىي مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگە ياشلارنى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىغا تاللاش خىزمىتىگە قاتناشتىم. مۇشۇ جەرياندا تاسادىپى ئۇچراتقان ئەھۋال مېنى قاتتىق ھەيران قالدۇردى:

رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىغا كۆرسىتىلگەن ستۇدېنتلارنىڭ ئارخىپىنى كۆرۈۋېتىپ، ئايشەمگۈل ئىسىملىك بىر قىزنىڭ ئارخىپىدىن بىر ماتېرىيالنى ئۇچرىتىپ قالدىم. ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلگەن ئىدى:

«مەزكۇرنىڭ ياتىقىدىن تېپىلغان ‹7068› دېگەن رەقەملىك مەخپى بەلگە بىلەن يېزىلغان بىر پارچە خەت چەتئەل ئىشپىيونلىرى ياكى ئەكسىلئىنقىلاۋىي گۇرۇھ ئەزالىرىنىڭ ئالاقىلىشىش خېتى دېگەن گۇماندا قوغداش خادىملىرى تەرىپىدىن

قولغا چۈشۈرۈلگەن، لېكىن مەزكۇر ئۆزى ئىقرار ئەمەس، بۇ بىر تەكشۈرۈش نەتىجىسى چىقمىغان چىگىش ئەنزە. مۇشۇ خەت مۇناسىۋىتى بىلەن مەزكۇر ئالتە ئاي تۇتۇپ تۇرۇپ تەكشۈرۈلگەن.»

بۇ يەكۈننىڭ كەينىگە چاپلانغان خەت مۇنداق ئىدى:

«سۆيۈملۈك ئايشىخان:

مەن بۇ خەتنى دەرگۇماندا يېزىۋاتىمەن، قولىڭىزغا تېگىش - تەگمەسلىكىنىمۇ ئۇقمايمەن، ناۋادا قولىڭىزغا تەگسە، X ئاينىڭ X كۈنى كەچ سائەت 9 دا نەنمىڭدىكى گۈللۈك ئەتراپىدا ئۇچرىشىشنى ئۈمىت قىلىمەن. سىزگە دەيدىغان مۇھىم گەپ بارئىدى.»

خەتنىڭ ئاخىرىغا يېزىلغان ئىسىم ئۆچۈرۈۋېتىلگەن ئىدى. ئارخىپتا خەت بىلەن بىللە ساقلانغان كانۋېرتتا قىزنىڭ ئادرېسى، تۆۋەن تەرەپكە «7068» دېگەن سىپېرلار يېزىلغان ئىدى. مەن خەتكە قاراپ ئۇزۇنغىچە تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدىم، كۆز ئالدىم قاراڭغۇلىشىپ، بېشىم قايغاندەك بولدى. چۈنكى، بۇ خەت دەل مېنىڭ ئەينى ۋاقىتتا ئايشىخانغا يازغان خېتىمنىڭ نەق ئۆزى ئىدى. شۇ ۋاقىتتا نېمە ئۈچۈن «7068» دېگەن رەقەمنى يازغىنىمنى ئەسلىيەلمەيمەن، بۇ ئېھتىمال «70 - يىلى 6 - ئاينىڭ 8 - كۈنى» دېگەننى قىسقارتىپ، ياكى ئالدىراشچىلىقتا ئارىلىققا چېكىت قويۇشنىمۇ ئۇنتۇپ، شۇنداق يازغان بولسام كېرەك. شۇڭا، باشلىقلار ئۇنى ئىشپىيونلارنىڭ بەلگىسى دەپ چۈشىنىپتىكەن - دە! ياھەزرەت!... كىچىككىنە خەتنىڭ بۇ قىزغا شۇ قەدەر چوڭ مالامەت كەلتۈرگىنىنى دىمەمدىغان؟...

— ئۇنىڭدىن كېيىن قانداق بولدى؟ — دەپ سورىدىم مەن قىزىقىپ.

ئەخمەت جاۋاپ بېرىپ مۇنداق دىدى:

— ئايشەمگۈل ئىسىملىك بۇ قىزنى خىزمەت ئورنىغا بېرىپ ئىزلەپ تاپتىم، قارىسام، كىم دەيمىسلەر؟ ھېلىقى ئايشىخاننىڭ دەل ئۆزى. كۆرۈشۈپ، يۇقۇرقى ئەھۋالنى سورىدىم. ئۇ قىز گەپنى ئاڭلاپ، خۇددى ئاتا - ئانىسى ئۆلۈپ كېتىپ نەچچە يىلدىن كېيىن خەۋەر تاپقان ھازىداردەك ئىچ - ئىچىدىن قايناپ يىغلاپ كەتتى.

مەن تەشكىلگە ھەقىقى ئەھۋالنى ۋە ئەينى ۋاقىتتىكى مۇددىئايىمنى ئېيتىپ، ھېلىقى خەت توغرىسىدىكى گۇمانلىق يەكۈننى ئۇنىڭ ئارخىپىدىن ئالدۇرۇۋەتتىم.

قىز كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئايشىخان دېگەن ئىسمىنى ئايشەمگۈلگە ئۆزگەرتكەن بولۇپ، بىگۇنا تۇرۇپ ئۇچرىغان رەھىمسىز زەربىلەرگە بەرداشلىق بېرىپ، ئون نەچچە يىلدىن بۇيان ئۆزىنىڭ ئىسىل ئەخلاقى - پەزىلىتى، خىزمەتتىكى ئەستايىدىل تىرىشچانلىقى، بىلىمى ۋە قابىلىيىتى بىلەن گۇمانلىق نەزەرلەرنىڭ تۇمانلىرىنى تارقىتىپ، ياخشى تەسىر قالدۇرغان ئىكەن. شۇڭا، تەشكىل بۇ قېتىم ئىدارە رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىغا تاللىنىدىغان ئالىي مەكتەپ سەۋىيىسىدىكى كادىرلارنىڭ تىزىملىكىگە كىرگۈزۈپتۇ. بۇ قىز نېمە سەۋەپتىنكى، تا ھازىرغىچە ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بولماپتۇ. مەن ئەينى ئەھۋالنى دەپ بېرىۋىدىم، دەسلەپ ئۇ رەنجىپ نەچچە ئايغىچە ماڭا قارىماي يۈردى. كېيىنچە ئىدارىدىكى بىر قىسىم يولداشلار مەن توغرىلىق گەپ قىلىپ ئۇنى بىر ئاز يۇمشىتىپتۇ، شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن بارا - بارا پاراڭلىشىدىغان بولدۇق. ھەر قېتىم پاراڭلاشقاندا، ئۆزەمنىڭ ھاماقەتلىكىم تۈپەيلىدىن ئۇنىڭ بېشىغا كەلتۈرگەن مالامەتلىرىم توغرىلىق ئەپۇ سورايتتىم. ئۇنىڭ مېنى تىللىۋېلىشىغا، ھەتتا يۈزۈمگە تۈكۈرۈپ دەردىنى ئېلىۋېلى-

شىغىنىمۇ رازى ئىدىم. شۇنداق بولغىنىدا مېنىڭ ۋىجدان ئازاۋىم بىر ئاز يېنىكلىگەن بولاتتى. مەن ئەپۇ سورىغىنىمدا، ئۇ:

— بولدى، بۇ گەپنى تولا دەۋەرمەڭ. راستىنى ئېيتسام، مەن مۇشۇ خەت تۈپەيلىدىن ناھەق قارىلىنىپ، تۇتقۇن قىلىنغان دەسلەپكى مەزگىلدە خورلۇقتا چىدىماي ئۆلۈۋېلىشنىمۇ ئويلىغان ئىدىم. لېكىن ئۆلۈدىغان ئىش بولسىمۇ، مېنى بىكاردىن-بىكار بالاغا قويغان دۈشمىنىمدىن ئەنتىمىنى ئېلىپ ئاندىن ئۆلەي دىگەن نىيەت بىلەن ياشىدىم. ئەمما بۇ خەتنى يېزىپ مېنى بالاغا قويغۇچىنىڭ كىم ئىكەنلىگىنى بىلەلمەيتتىم. كېيىن مېنى گۇناسىز دەپ تۈرمىدىن چىقىرىشتى ۋە خىزمەت بەردى. كېيىنچە، ئۇ دەرتلەر ماڭا خۇددى بىر يامان چۈشتەكلا بىلىنىدىغان بولدى. بەلكىم، شۇ پالاكەتكە ئۇچرىمىغان بولسام، ھىلىغىچە ئۈچ-تۆت بالىنىڭ ئانىسى بولۇپ قالار ئىدىم. سىز ئەھۋالىنى ئۆزىڭىز ئېيتمىغان بولسىڭىز، مەن نەدىن بىلەتتىم؟ بۇ جەھەتتىن ئېيتقاندا، سىز سەممى ئىكەنسىز، گېپىڭىز مېنى ئىشەندۈردى، — دىدى.

مەن ئۇنى ھەققەتەن ياخشى كۆرىدىغانلىغىمنى بارغانسېرى ھىس قىلدىم. ئۇنىڭ ماڭا بولغان قارىشىمۇ دۈشمەنلىكتىن دوستلۇققا ئالمىشىپ، بىزنىڭ مۇناسىۋىتىمىزدە دىراماتىك ئۆزگىرىش شەكىللەندى. ئۇقۇشماسلىقىمىز كۆڭۈللۈك خاتىمە بېرىلدى.

ئەخمەت سۆزلەۋاتقاندا، ئايشەمگۈل چاي-پاي، سەي راسلاپ، كىرىپ-چىقىپ تۇرغان بولسىمۇ، ئاساسىي زېھنى قازان بېشىدا بولغاچقا، سوئال سوراشقا ئۈلگۈرەلمىگەن ئىدۇق. مانا ئەمدى ئۇمۇ كىرىپ ئولتۇردى.

— ئەخمەتتۇ سىزگە «مۇھەببەت خېتى» يېزىپ قويۇپ، سىزنى شۇنچە يىل ساقلاپتۇ. سىزچۇ؟ سىزمۇ شۇنچە يىللاردىن بېرى ئەخمەتنى ساقلىغانمىدىڭىز؟ — دەپ چاقچاق قىلدۇق ئۇنىڭغا.

ئايشەمگۈل چاقچاقچى ھەم ئوچۇق سۆزلۈك ئىكەن، ئۇ چاقىلداپ سۆزلەپ كەتتى:

— «مۇھەببەت خېتى» ئەمىش تېخى، ئۇ بىر «ئاپەت خېتى» بولدى دەڭا. مەن شۇ خەتنى يازغۇچىنى راستىنلا جىق ئىزلىدىم. ئەگەر ئاشۇ دەسلەپكى يىللاردا ئۇچرىتالىغان بولسام، ئارىمىزدا نىمە ئىشلار بولۇپ كېتەتتىكىن؟ — ئۇ قاقاقلاپ كۈلدى ۋە سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ دىدى، — راستىنى ئېيتسام، ئۇ خەتنىڭ ماڭا يامان غەرەزدە يېزىلمىغانلىغىنى ھىس قىلاتتىم. لېكىن مېنىڭ ھەر قانچە سۆزلەپمۇ گېپىمنى ئاقتۇرالمىغانلىغىم ماڭا قاتتىق ئەلەم بولدى، شۇڭا، مەن تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن تولىمۇ ئېھتىياتچان بولۇپ قالدىم، ھىچكىم بىلەن ئارىلاشمىدىم. سىردىشىم — كىتاپ بولدى... ئاخىرى ۋەتەن ئاسمىنى سۈزۈلۈپ، ماڭا بولغان گۇمانلىق نەزەرلەرنىڭ تۇمانلىرى يوقالدى، لېكىن، بۇ چاغدا... — ئايشەمگۈل سەل ئوڭايسىزلانغان ھەم ھەسرەتلەنگەندەك بىر خىل ھالەتتە گەپتىن توختىۋالدى.

— ھە، قېنى، دەۋېرىڭ، ھەممىمىز سىزنىڭ دىلكەشلىرىڭىزغۇ، — دىيىشتۇق گەپنىڭ ئاخىرىغا قىزىقىپ.

— ھەي، بۇ چاغدا يېشىم 30 دىن ئاشقان ئىدى، يېشى 30 دىن ئاشقان قىزلارغا ئاسانلىقچە لايىق چىقمايدۇ، مەنمۇ يۈرىۋەردىم، ئاخىرى بۇ غوجام پەيدا بولدى.

ھەممەيلەن يايراپ كۈلۈشۈپ كەتتۇق.

www.uyghurkitap.com

# سازەندە دىخان

(ھېكايە)

ئابدۇراخمان قاھار

1

سازەندە — ئولتۇرۇش، مەشرەپ، توي-تۆكۈننىڭ گۈلى. كىشىلەرنىڭ ناخشا-سازغا بولغان تەشنالىقىنى سازەندىنىڭ ماھىرلىق بىلەن چالغان پەدىلىرى ۋە ئېيتقان ناخشىسى قاندۇرىدۇ. شۇڭا، كىشىلەر سازەندىلەرنى قەدىرلىشىدۇ.

بىزنىڭ ساۋۇتۇم ئەنە شۇنداق سازەندىلەردىن ئىدى. ئۇنىڭ كەسپى دىخان، بىر ئائىلىنىڭ تىرىكچىلىگى شۇنىڭغا قارىتىنىغا باقىاي، ئۇ ھەر كۈنى ئولتۇرۇش، مەشرەپلەردىن قالمايدۇ. بارماي قالسا، ئىچى پۇشۇدۇ، ئەگەر ئىككى-ئۈچ كۈن بىر يەردىن باغاق كەلمەي قالسا، ئىچى تىتىلداپ، ئورۇنسىز ئىشلار ئۈچۈن خوتۇن-بالىلىرىنى تىللايدۇ.

بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن، شەھەردىن ئىككى ۋەلسىپىتلىق يىگىت چىقتى-دە، بىرسى ساۋۇتۇمنى ۋەلسىپىتنىڭ كەينىگە ئولتۇرغۇزۇپ، يەنە بىرسى تەمبۇرىنى كۆتىرىپ شەھەرگە ئېلىپ ماڭدى. ئاپتاپ سۇنۇپ ئولتۇرغان بوۋايلار ئۇنىڭ كەينىدىن گەپكە چۈشتى:

— دىخانچىلىق قىلىدىغان نەرسە ئەمەس بۇ.

— ئاجايىپ-ھە، تەقدىر ئادەمنىڭ بېشىغا نىمە قىسمەتلەرنى سالمايدۇ دەيسىز؟ ئەگەر شۇ ۋاقىتتا جەمىيەت شۇ قەدەر قالايمىقانلىشىپ كەتمىگەن بولسا، شۇ بىر ئاددى خەت بىر ناتىۋان قىزنىڭ بېشىغا مۇنچە كۆلپەتلەرنى كەلتۈرمىگەن بولاتتى، — دىدى ئايالىم.

— بىراق، — دىدىم مەن گەپنى يەنىلا چاقچاققا بۇراپ، — ئاشۇ ئۇقۇشماسلىقلار بولمىغىنىدا، سىلەرنىڭ بۇ بەختلىك تېپىشىشىڭلار بۇنداق تەسىرلىك بولماس ئىدى.

— ئۇگەنگەن خۇي ئۆلگۈچە قالىدۇ، دەپ بىكار ئېيتمىغان.

—«بۇقنى كالام دېمەك، سازچىنى بالام...» دەپ تېپىپ ئېيتقان ـ دە.

— ئۇنداقىۇ دېيىمىزۇ، بىراق ئۇمۇ ئېقىۋاتقان ئىشنى قىلىدۇ ـ دە.

— ھازىر ئېقىۋاتقان بىلەن، كېيىن پۇشايمان قىلىدۇ، مېھرىبانەم مىڭ پالاقلىغان بىلەن قۇچاقتا بالىسى تۇرسا، قانچىلىك ئىش قىلالايدۇ؟ مۇشۇ بالىنىڭ يولىنى قىلىدىغان ئىشتى.

ساۋۇتتۇمنىڭ يولىنى قىلىدىغان ئادەم چىقتى. ياش بوغالتىر بىر كۈنى ئەترەت باشلىقىغا مۇنداق دېدى:

— ساۋۇتتۇمنىڭ يولىنى قىلىدىغان ئىشتى.

—يولىنى قىلغاننى كۆترەلەيدىغان نېمىسۇ ئۇ.

— قويۇپ بەرسەك، قەرزگە بوغۇلۇپ ـ رىدۇ، ئۇنىڭدىن كۆرە، بىزمۇ چارە قوللانساق دېيمەن.

— نېمە چارە؟

— كىمدە كىم ئۇنى چاقىرسا، ئەترەتكە بەش سوم تۆلىسۇن. بىز ئۇنى ئىككى گۇڭ ھىساپلىساق.

— ئۆزى ئۇنامدۇ؟

— مەن ئۇنىتاي.

— مەيلى.

ساۋۇتتۇم بۇ تەكلىپكە تەسلىكتە كۆندى. كۆنمىگەنمۇ بولاتتى، بوغالتىر: تەشكىل ساڭا كۆيۈنۈۋاتقاندىن كېيىن، ئۇنىڭ قەدىرىنى بىل، دەپ چىڭ تۇرۇۋالدى.

ھاجىتى چۈشكەن كىشىلەر بەش سوم تۆرماق، ئون سومغىمۇ تەييار ـ دە. مانا ئەمدى ئولتۇرۇشقا چاقىرىدىغانلار ساۋۇتتۇمنىڭ رەڭگى ـ روھىغا، كەيپىنىڭ خوش ياكى خوشى يوقلۇقىغا قارىمايدىغان بولدى. ئەترەتكە بەش سوم تۆلەپ ئۇنىڭ قىغىزىنى ئېلىۋالسىلا، ئىش پۈتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ساۋۇتتۇمنىڭ ئىشىگى ئالدىدىن ۋېلسىپىت، ئېشەك ھارۋىلىرى ھەتتا ماشىنىلارمۇ ئۈزۈلمەيدىغان بولدى. ئۈزۈن ئۆتمەي، ئۇ ئەترەتتە يۈزلۈك بىر ئادەمگە ئايلىنىپ قالدى.

بىر كۈنى ساۋۇتتۇم شەھەردىكى كاتتا بىر ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىندى، ئۇ دەسلەپتىلا «ئۆزھال» مۇقامىنىڭ مۇقەددىمىسىنى، مەشرىپىنى ۋە بەش داستان، مەرغۇلىنى چېلىپ تۈگەتتى. ئاندىن چاقچاق باشلىنىپ كەتتى. چاقچاق خېلى داۋاملىشىپ، سۆسلىشىپ قىلىشىدى، ئاق يۈزلۈك ياشقىنا بىر يىگىت ساۋۇتتۇمنىڭ يېنىغا سىلجىپ كەلدى:

— مۇڭ ئاڭلايلى، مۇڭ، — دېدى ئۇ ساۋۇتتۇمنىڭ قولىغا تەمبۇرنى تۇتقۇزۇپ، — چال ساۋۇتتۇم، بىكارغا چالمايسەن، ئاران بىر سوملۇق چالدىڭ تېخى. قورقما، جىقراق چالساڭ، ئۇشۇقىنى بېرىمىز.

ساۋۇتتۇمغا چاقچاق قىلغان يىگىتنىڭ لەقىمى «تۆشۈك» ئىدى. ساۋۇتتۇم ئۇنىڭغا چاقچاق بىلەن جاۋاپ ياندۇردى:

— تۆشۈكتىن توختىمىغان پۇللار جىق ـ تە.

ئولتۇرۇشتىكىلەر قاتتىق كۈلۈشتى. ھىلىقى يىگىت تېرىكىپ قالدى.

— چاقچىقىڭنى قوي، — دېدى ئۇ خاپا بولۇپ، — بىز سېنى بەش سومغا چاقچاق قىلىدۇ، دەپ سېتىۋالمىغان، ساز چالدۇ، دەپ سېتىۋالغان، بىلسەڭ قوي، سەن بەش سومنىڭ قولى، چالماي ھەددىڭ ئەمەس!

سورۇن بۇزۇلدى، بۇ گەپ ساۋۇتتۇمغىلا ئەمەس، باشقىلارغىمۇ ئېغىر كەلدى. ئولتۇرۇشتىكىلەر ياش يىگىتكە ھۆرپىيىشتى. خورلۇقتىن پۈتۈن ئەزايى تىترەپ، چىرايى

تاتىرىپ كەتكەن ساۋۇتنۇم، ئايالى تۇخۇم سېتىپ يىغىپ، پايپاق ئالغاچ چىقتىڭ، دەپ بەرگەن بەش سوم پۇلنى ئۇنىڭ بېشىغا ئاتتى ـ دە، سورۇندىن چىقىپ كەتتى.

2

شۇنىڭ بىلەن ئەترەتتىكىلەرنىڭ ساۋۇتنۇمنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش چارىسىمۇ بىكار بولدى. ئۇ ئىچكۈلۈك، چېكىملىكلەرگە بېرىلدى. تەمبۇرىدىن مۇڭلۇق سادا، ئېغىزىدىن ھەسرەتلىك ناخشا ئاڭلىنىدىغان بولدى. ئانىسىنىڭ يىغلاپ تۇرۇپ قىلغان نەسىھەتلىرى بىلەن ئاچچىق ـ ئاچچىق سۆزلىرىمۇ قۇلىقىغا كىرمىدى. مېھرىبانەمنىڭ بۇلاقتەك كۆزلىرى پىلدىرلاپ، گىردە ناندەك يۈزى ئۈششۈك تەككەن يوپۇرماقتەك سولىشىپ قالدى. ئۇ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ: «سازەندىگە تەگمە بالام، دېسەك ئۇنىماي، خان زۆھرە بىلەن خان تاھىردەك ئاشىق ـ مەشۇق بولغىنىڭغا توي ئەمدى، مۇشۇ تارتقۇلۇقىڭ بار ئىكەن» دېگەن تەنە ـ تاپىلىق سۆزىدىن قېچىپ چوڭ ئۆيگىمۇ بارمايدىغان بولدى. بىر كۈن توق بولسا، بىر كۈن ئاچ دېگۈدەك ئۆتۈۋاتقان كۈنلىرىگە ۋە باللىرىنىڭ قىپيالىڭاچ ھالىغا ئېچىناتتى ـ دە، ھەممە دەرتلىرىنى كۆز يېشى بىلەن چىقىرىۋالاتتى، لېكىن ئۇ كۆز يېشىنى بىرسىگە كۆرسەتكەن ئەمەس. ساۋۇتنۇمنىڭ ئانىسى كېلىنىدىن رازى ئىدى. «خۇدايىم مېنى ھېچنېمىدىن ئېيتمىسىمۇ، كېلىنىدىن ئېيتىپتىكەن» دەپ ئويلايتتى ئۇ ھەمىشە.

بۇ ئائىلىنىڭ پېشايۋانلىرىغا كەپتەرمۇ كەلمەيدىغان، ئۆيلىرىگە قالغاچ ئۇۋىمۇ سالمايدىغان بولۇپ قالغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە ھېيت كېلىپ قالدى. ھېيت ـ ھەممە كىشى شات ـ خۇراملىققا چۆمىدىغان، ئۇرۇق ـ تۇغقان، ئاغىنە ـ بۇرادەرلەر بىر ـ بىرىنى يوقلايدىغان، ئارازلىشىپ قالغانلارمۇ ئىناقلىشىپ قالىدىغان كۈن. بىراق، ئۆيدىكىلەرنىڭ ھېيت بىلەن تەڭلا بېشى قاتتى. تاڭ ئېتىشقا ئاز قالغاندا ئانىسى قاتتىق ئۇخلاۋاتقان ئوغلىنى ئويغاتتى:

— قوپ، بالام، — ئانىنىڭ غەمكىن كۆزلىرى ساۋۇتنۇمغا تىكىلدى، — ئۆگۈنلۈككە ھېيت، قانداق قىلىمىز؟ باللىرىڭ يالىڭاچ، ئۆيدە بىر چىمدىم ئاق ئۇن، يا بىر تېيىم ماي يوق. رەھمەتلىك داداڭنىڭ روھىغا ئاتاپ، يەتتىمۇ سالالمايدىغان بولدۇق.

ئۇيقۇسىغا قانماي، ئۇندەرەپ تۇرۇپ كەتكەن ساۋۇتنۇم كۆزلىرىنى ئۇگىلاپ:

— ئەترەتتىن ھېيتلىق ماي، ئۇن بېرىدىكەن، دەپ ئاڭلىۋىدىمغۇ، — دېدى.

— بىزدەك قەرزدارلارغا ھېچنېمە بەرمەيدىكەن، تۈنۈگۈن مېھرىبانەم خالتىنى قۇرۇق ياندۇرۇپ كەلدى، كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا ئۆلەمپتۇ، ئۇنىڭ بېرىسى بوپتۇ. تۇۋا قىلدىم، خۇدايىم، شۇنداقمۇ كۈنلەرگە قالىدىكەن كىشى.

ساۋۇتنۇمنىڭ چىرايى كېسەل تارتقان كىشىدەك سارغىيىپ پۈرۈشتى، ئانىسىنىڭ مەيۈس ۋە ئازاپ ئۇچقۇنلىرى قاپلىغان يۈزىگە، بالا ئېمىتىپ، ئۈنسىز يەرگە قاراپ ئولتۇرغان خوتۇنىغا، يىرتىق كىيىملىرىنىڭ يوچۇقىدىن بەدەنلىرى كۆرۈنۈپ تۇرغان باللىرىغا قارىدى. شۇ چاغدا يۈرىكىنىڭ قەيەردۇ بىر يەرلىرى خۇددى ئامبۇر بىلەن قىسقاندەك ئازاپلىق ئاغرىدى، لېكىن ئۇ بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلالمىدى. ئاخىرىدا يەنە ئۇنى ئانىسى تەڭقىسلىقتىن قۇتۇلدۇردى. ئۇ ئاخىرەتلىكى ئۈچۈن ئېلىپ قويغان 15 مېتىر ئاق خەسىنى ساندۇقتىن ئېلىپ ساۋۇتنۇمغا ئۇزاتتى:

— مە، بالام. سېتىپ چىق...

www.uyghurkitap.com

ساۋۇتۇمنىڭ بەدەنلىرى بوشىشىپ كەت-
تى، كۆزلىرىگە يىغا ياماشتى:
— ئاپا!... بولدى، تەمبۇرۇمنى ساتىمەن.
مۇشۇ مەھەللىدىلا ئالىدىغانلار بار، — ئۇ قو-
زۇقتىكى تەمبۇرنى قولىغا ئالدى.

مېھرىبانەم ئورنىدىن تۇردى:

— ياق، تەمبۇرنى ساتماڭ، ماۋۇ ئۇزۇ-
گۈمنى سېتىڭ!

ساۋۇتۇمنىڭ يادىغا مېھرىبانەم بىلەن
يار بولۇشۇپ، ئايدىڭ كېچىدە ئاشۇ ئۇزۇكنى
ئۇنىڭ قولىغا سېلىپ قويغان شېرىن خاتىرى-
لىك چاغلىرى كەلدى.

— ئۇزۇكنى ساتمايمەن... تەمبۇرنى
ساتىمەن...

— تەمبۇرنى ساتسىڭىز، مەن بۇ ئۆيدىن
كېتىمەن.

ساۋۇتۇمنىڭ ئۆپكىسى ئۆرۈلدى، ئۆي-
نىڭ كەينىدىكى باغقا چىقتى-دە، ھۆكىرەپ
يىغلىۋەتتى... ئۇ، شۇ چاقىچە تەمبۇرنىڭ
سېھىرلىك، مۇڭلۇق ئاۋازى بىلەن تالاي-
تالاي ئادەملەرنى يىغلىتىۋەتكەن، ئۆزى چال-
غان سازدىن ئۆزى قانچىلىك مۇڭلانغان،
ھاياجانلانغان بولسىمۇ، بىر قېتىم يىغلىمىغان،
بۈگۈنچۇ؟ تۇرمۇشنىڭ رەھىمسىز قولى ياقى-
سىدىن قاتتىق بوغقاندا، ئۇ ئاشۇ يۈرەكنى
تىترەتكۈچى ساداسىزمۇ يىغلىۋەتتى... ھېيت-
باللىرىغا يېپ-يېڭى كىيىملەرنى كىيدۈرۈ-
دىغان، قوللىرىغا پۇل تۇتقۇزۇدىغان شات-
خۇراملىق كۈن ئەمەسمىدى، باشقا باللار
كوچىلاردا قىيغىتىشىپ ئويناپ يۈرسە، ساۋۇ-
تۇمنىڭ باللىرى بويىنىنى قىسىپ، شۇمشىيىپ
تۇرسا، ئۇ قانداق چىدايدۇ؟

ساۋۇتۇم ئىلاجسىزلىقتىن مېھرىبانەمنىڭ
پۇلىغا يارىغۇدەك ئاخىرقى نەرسىسى — ئۇزۇگە-
نى ئېلىپ شەھەرگە كىرىپ كەتتى.

3

ھوزۇر-ھالاۋەت ئۈچۈن تەر تۆكۈشنى
راھەت بىلىدىغانلارنىڭ بەختى ئېچىلدى.
يەرلەر دېھقانلارغا ھوددىگە بۆلۈپ بېرىلدى.
ساۋۇتۇمغا ئۇزاقى يىللىق ئېچىلغان يەر-
دىن — مەھەللىگە يىراق كۆتەرمە ئېرىق
ياقىسىدىن بىر پارچە يەر تەقسىم قىلىندى.
لېكىن، بۇنىڭغا ئانچە ئېرەڭشىپ كەتمىدى،
ئولتۇرۇش، مەشرەپ ۋە توي-تۆكۈنلەردە
تەمبۇرنى چېلىپ، ناخشىسىنى ئېيتىپ يۈرۈ-
ۋەردى. بىر كۈنى ئۇ دېمىغىدا ناخشا ئېي-
تىپ ھويلىسىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، خوشنىسى
قاسىم بوۋاي ئۇنى توختاتتى:

— مەيەرگە كەل، بالام. — دېدى ئۇ، —
قانچە مو يەر تەگدى ساڭا؟

— يىگىرمە بەش مو.

— ھەششەرە، ئاز يەر ئەمەس، نىمە
قىلماقنى ئويلاۋاتىسەن؟

— ھې... ھې... تېخى ئۇنى پىلانغا
ئالغۇچى بولمىدىم.

قاسىم بوۋاينىڭ قاپاقلىرى سېلىندى:

— نىمە گەپىڭ بۇ؟ رەھمەتلىك داداڭ
سەددىق ئاخۇننى دورىسىمىدىڭ، جۇمۇ سەن.
ئويۇن-تاماشىمۇ ئۆز يولى بىلەن-دە، دېھقان
ئۈچۈن شۇنداق ياخشى زامانلار كەلگەندە
ئەمدى كۆتىرەلمىسەڭ قاچان كۆتىرىلىسەن؟
ئۆزەڭنىڭغۇ كۈنى ئۆتەر، ئاناڭنىڭ، خوتۇن-
باللىرىڭنىڭ كۈن-ھالىچۇ؟

ساۋۇتۇم جىم بولۇپ قالدى. قاسىم
بوۋاي سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ دېدى:

— ساڭا ئىككى ئېغىز مەسلىھەتىم بار،
ئاڭلامسەن؟

— ئاڭلايمەن، قاسىم بوۋا.

— ئۆيىڭنىڭ كەينىدىكى بېغىڭ، چامام-
دا ئۈچ مودىن ئاشىدۇ، ھېچنىمە چىقمايدىغان

قاراياغاچلارنى نىمە قىلسەن؟ يىقىت، سات، پۇلغا ياخشى ئېشەك بىلەن هارۋا كېلىدۇ، كىشىلەر يىراق دەپ قويىتاشقا بارمايدۇ، هارۋا يولى يوق دەيدۇ، ئۇ يەردە تىنىپ ياتقان ئوغۇت بار، ئەتىگەنرەك ماڭساڭ، كۈنگە بىر هارۋا ئەكىلەلەيسەن، يېرىڭگە چاچ، بېغىڭغا تاۋۇز تەر، ئېرىنمەي هەر پىلەكنىڭ يېنىغا 20 - 30 قېتىم بار، شۇ چاغدا كۆرىسەن كارامەتنى.

ساۋۇتوم بوۋاينىڭ مەسلىھەتى بويىچە ئەتىسىلا سازغا ئامراق ئاغىنىلىرىدىن ئۈچ - تۆتىنى باشلاپ كىردى - دە، بېغىنىڭ ئەتراپىدىكى چوڭ - كىچىك قاراياغاچلارنىڭ هەممىسىنى كەستى. ئۈچ كۈنگىچە قارا تەرگە چۆمىلىپ، كۆتەكلىرىنى قومۇرۇپ چىقاردى. كېسىلگەن ياغاچلارنى بازارغىمۇ ئەكىرمىدى، مەهەللىدىلا خېرىدارى چىقتى. بىرسى شوتىلىققا، بىرسى لاپاسقا، بىرسى لىم ياغاچلىققا ئالدى. ساۋۇتوم بۇ پۇلغا يارىتىپ تۇرۇپ ئېشەك ئالدى، هارۋا ياساتتى - دە، يىراق يەردىن ئوغۇت توشۇشقا كىرىشتى.

هايات زوقىنى قوزغايدىغان ئەتىيازنىڭ ئىللىق ئاپتىۋى باشلانغان چاغلاردا، ئۇ مايسا بولغان بۇغدايلىقىنىڭ قىرىنى سوقتى، يان ئېرىقىنى ئالدى. بىرىنچى سۇدىن كېيىن، دېهىربانەم بىلەن بېغىغا ئىشلەشكە كىرىشتى. توققۇز كۈن ئۆتكەندە، تاۋۇزلۇقنىڭ چۆنەكلىرى تارتىلىپ بولدى.

هىلىقى چاغلاردا ساۋۇتومنى كايىغان، زاڭلىق قىلغان بوۋايلارنىڭ ئەمدىكى پاراڭلىرىمۇ ئۆزگىرىپ قالدى:

— قولىدا كەتمەن توختايدىكەنغۇ بۇنىڭمۇ.

— دىخان بالىسى - دە...

قەدىرلىك هىكايە ئوقۇغۇچىلار، ساۋۇتوم ئەمدى ساز چېلىشتىن، ئولتۇرۇشلارغا بېرىشتىن ۋاز كەچتىمۇ، دەپ سورارسىلەر، ئۇنىڭ بۇ هەقتە قانداق قارارغا كەلگەنلىكىنى سىلەرگە سۆزلەپ بېرەي.

بىر كۈنى ساۋۇتوم پۇشقاقلىرىنى تۈرۈۋېتىپ، بۇغدايلىقىغا دان سۈيى تۇتۇۋاتاتتى، مەهەللە تەرەپتىن بىر جىپ ماشىنا كۆرۈندى - دە، توپا توزۇتۇپ، ئۇدۇل ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ توختىدى. جىپتىن بىرسى ئىنچىكە بۇرۇت قويىۋالغان، يەنە بىرسى پاخما چاچلىق ئىككى يىگىت چۈشتى، ئۇلار ساۋۇتومنى بىر ئولتۇرۇشقا چاقىرىپ چىقتانلىقىنى ئېيتتى:

— رەهمەت، ئولتۇرۇشقا بارالمايمەن، — دىدى ساۋۇتوم كەتمەن سېپىگە يۆلىنىپ تۇرۇپ، — ئىشىم ئالدىراش.

— يۇرۇ هوي ... ئىش دىگەن ئۆلگەندە تۈگەيدۇ. ئالايىتەن كىچىك ماشىنا ئېلىپ چىقتۇق ساڭا.

— ئايرۇپىلان ئېلىپ چىقساڭلارمۇ بارالمايمەن.

— مانىڭ يوغانچى بولۇپ كەتكىنىنى.



ساۋۇتوم سىلىق گەپ بىلەن ئۆز ئەھۋالىنى چۈشەندۈردى:

— مەن نېنىمنى دېخانچىلىقتىن تېپىپ يەيمەن ئاغىنىلەر، ئۆزەمنىڭ ھەۋىسى، ئاغىنىلەرنىڭ كۆڭلى ئۈچۈن، شەنبە كۈنەدىن باشقا كۈنى ئولتۇرۇشقا بارالمايمەن.

— بىزمۇ شەنبە قىلايلى دېگەن، ئۇرۇەچىدىن كەلگەن مېھمانىنىڭ ئىشى ئالدىراشكەن.

— مېھمانىنىڭ ئىشىنىڭ ئالدىراشلىقىغا قارايسىلەرۇ، مېنىڭكىگە قارىماسسىلەر، مەن مېھمانغا ساز چېلىپ بەرسەم، ئۇ مېنىڭ سۆيۈمنى تۇتۇپ بەرمەيدۇ-دە.

— نىمانچىۋالا قىلىسەن، بىزنىڭمۇ سېنى رازى قىلغۇچىلىكىمىز بار.

ساۋۇتومنىڭ ساغۇچ چاچ-ساقاللىرى كىرپىكىنىڭ تىكىنىدەك تىك-تىك بولۇپ، قوي كۆزلىرى ياندى:

— بىلىپ قوي، ھازىر مەن بەش سومنىڭ قۇلى ئەمەس، يىگىرمە بەش مو يەرنىڭ خوجايىنى!...

ئۇ، دولىسىغا كەتمەننى سالغان پېتى، سۇنى شالاقلىتىپ كېچىپ نېرى كەتتى.

4

ساۋۇتوم كەچلىك تامىقىنى ئالدىراش يېيىشكە باشلىدى. چۈنكى قاسىم بوۋاينىڭكىگە كېچىكىپ قالسا، ئەلۋەتتە ئۇيات-تە، شۇ چاغدا ئوتتۇرانچى ئوغلى تالادىن كىرىپ كەلدى، ئۇ ئايىقى بىلەن بىر پاتمان لايىنى سۆرەپ كىرگەن ئىدى.

— قارىغىنا، پەتىنكەڭنى، يەرنىڭ ئەكەك-چىششىغا قارىماي مېڭىپ، — دېدى ساۋۇتوم، — ھە، نەگە باردىڭ؟

— موماڭ ھەسەل ئەكىلىپ بەر، دېگەن، ماگىزىننىڭ ئالدى پاتقاق ئىكەن.

— موماڭ ھەسەلدىن بېرەمدۇ ساڭا؟

— بېرىدۇ.

— ۋېيىيەي... مومىسىنىڭ سېرىق مېيىنىمۇ تەڭ يەۋاتىدۇ بۇ، — دېدى مېھرىبانەم گەپ قىستۇرۇپ.

ساۋۇتوم ئوغلىغا:

— ماڭ، موماڭنى چاقىر، — دېدى.

ئانىسى كىردى.

— قارا، ئاپا، — دېدى ساۋۇتوم، — قوناق 850 جىڭدىن ئاپلىنىپتۇ، ئىككى تونىنا ئۆتۈكەزدىم، 400 سوم دېگەن سۆز، قانچەرەك كىرىم بوپتۇ، مېھرىبان؟

— 900 سومغا بۇغداي ساتتۇق، 650 سومغا تاۋۇز ساتتۇق، ھەممە چىقىمنى چىقىرىۋەتسەك، 1500 سوم كىرىم بوپتۇ. ئۇرۇقلۇق، ئوزۇقلۇقلىرىمىزنى ئېلىپ قويدۇق، تاۋۇزدىن ئازراق يەنە بار، ھە، راست، تۆت ھارۋا سامان ساتتۇق.

ساۋۇتوم تامىقىنى يەپ بولۇپ، قوزۇقتىن تەمبۇرىنى ئېلىپ ئۆيدىن چىقتى-دە، ئالدىراپ قاسىم بوۋاينىڭ ھويلىسىغا كىردى. قاسىم بوۋاي ئۇنى نەۋرىسىنىڭ سۈننەت تويىنىڭ كەچكى ئولتۇرۇشىغا چاقىرغان ئىدى.

— سېنىڭ شەنبەڭگە قاراپ، ئولتۇرۇشنى ئۈچ كۈن كېچىكتۈردۈم، نەغمە-ناۋاسىز ئولتۇرۇش — گۆشى يوق لەغمەندەك بىر نىمە، بالام. — دېدى ئۇ ساۋۇتومغا.

— سېنىڭكىگە شەنبە بولمىسىمۇ كىردۋېرەتتىم.

— ياق، ياق، شەرتىڭنى ھەرگىز بۇزما، ئاشۇ شەرتىڭ، تىرىشچانلىقىڭ قازىنىڭنىمۇ، چۆمۈچىڭنىمۇ ماي قىلدى ئەمەسمۇ؟

قاسىم بوۋاينىڭ ئۆيىدىن يېرىم كېچەگىچە نەغمە-ناۋا بىلەن چاقچاق ئاۋازى ئۈزۈلمىدى.

(ئاخىرى 48 - بەتتە)

# ئۈچ شېئىر

### مەھەممەت شاۋدۇن

## كېلىمىز باشئەگىمدە نۇر ئىچىدە

ئۇپۇقتا سىڭىپ كەتتى كەچكى شەپەق،
تەڭگىلىرى كۆز چاقناتقان
ئالتۇن بېلىق توپلىرى
چۆكتى گويا كۆك دېڭىزنىڭ تەكتىگە.
تاغلارنىڭ كۆلەڭگۈسى بولدى غايىپ،
تارتىلدى قارا پەردە
كۈندۈزلۈك كۆرۈنۈشلەر ئاياقلاشقان
چەكسىز سەھنىگە.
ماشىنا غۇيۇلدايدۇ ئاستىمىزدا،
كېلىمىز باشئەگىم داۋىنى بويلاپ،
يېنىمىزدا ئاقار جىمجىت كۆنچى دەرياسى.
مانا، ئالدىمىزدا يۈز ئاچتى بىردىن
چىراقلار مەرىكىسى،
نۇر دۇنياسى!
جىمىرلايدۇ سان - ساناقسىز نۇر توچكىسى،
ئۇ دېمەك بىنالارنىڭ دەرىزىسى.
سانسام قەۋەتىنى
تالدى كۆزۈم،
دەرياغا باقسام، مانا شولا چېچىپ،
ئەكس ئېتىپ ئۇندا تاغلار مەنزىرىسى.
بىنالار ئۆگزىسىدە بىر كارامەت:
قادالغان شۇنچە قويۇق ئىگىز خادا.
ئېچىغلىق تۇرغاق يېقىن دەرىزىدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئاڭلىنار قۇلاقلارغا ھەر خىل سادا.
ھەيرانمەن، بىز نەدە دەپ،
شەھەر ئەمەس،
بارىمىز يەنىلا بىز تاغ ئىچىدە.
ئەنە، تاغدا تاھىر ـ زۆھرە قەۋرىگاھى،
كۆرۈنۈپ تۇرار غۇۋا بۇ كېچىدە.
ئاڭلىنار ئىستانۇك ۋە ماتور ئۈنى،
تۇرخۇنلار تارقىتىدۇ كۆككە تۈتۈن.
كەپشەرلەش ماشىنىسى ئىگىزلىكتە
ۋىژىلدار ئۇچقۇن چېچىپ،
قىلار ھەركەت
كىرانلار ئەجدىھادەك سوزۇپ بويۇن...
كەلمەكتە ماشىنىمىز تىنماي ئۇچۇپ،
قەيەردە بۇ ۋادىنىڭ چەت ـ چېگرىسى؟!
خىيالىم كەتتى بىردىن ئۇزاقلارغا،
ئېسىمدە ھارۋىكەشنىڭ خاتىرىسى:
تۈن كېچە،
كېلەر كارۋان،
ئېشەكچىلە،
تار جىلغا.
يوللار كاتاك ھەم ئوي ـ دوڭغۇل.
بۆرىلەر ھۇۋلىشىدۇ خىرىس قىلىپ
ھارۋىلار غىچىرلايدۇ،
شۇنچە قىيىن
پىقىراپ چاقلار، لېكىن ئاۋۇماس يول.
شاقىراپ ياڭدى يامغۇر قېرىشقاندەك،
قوشۇلدى شۇدەم يولنىڭ ئازاۋىغا
تېخىمۇ چىدىغۇسىز گۆر ئازاۋى.
پۆشۈلدار ئات ـ ئېشەكلەر ھارغىنىدىن،
ئاياقلار،
كەتكەن ھالدىن، قۇرۇپ تاۋى.
ئاھ، ئۆتەڭ، قەيەردىسەن؟
تېشىلدى كۆز،
كۆرۈنمەس ئىگىز پوتەي،① ياكى چىراق!

① پوتەي — يوللارغا ئورنىتىلغان مۇساپە بەلگىسى.

ئۆرۈلدى لەك بېسىلغان كۆتەك هارۋا،
يىقىلدى هەم هارۋىكەش،
چاقتى چاقماق...
ئۈزۈلدى خىياللىرىم،
تۈنجى پويىز
تىترىتىپ تۈن قوينىنى،
گۈدۈك بېرىپ
ئۆتكەندە تاغ ئىچىدىن شۇڭغۇپ چىقىپ،
ئۆتتى شۇدەم نۇر ئۈستىگە نۇر ياغدۇرۇپ،
گويا بىر نۇر ئېقىمى پارلاپ ئېقىپ...

×

كېلىمىز باشئەگمەسدە تۈن كېچىدە،
كېلىمىز نۇر دۇنياسى،
نۇر ئىچىدە
قوزغايدۇ ئېپتىخارلىق تۇيغۇسىنى
يىللارنىڭ كاراماتى
بۇ ۋادىدىن
زوقلىنىپ، يايراپ ئۆتكەن هەر كىشىدە!

## باغۋەن ئاتا

ياز چېغى كېزىپ بويلۇق - بېهشتىگىنى،
كۆپ يېدىم، باغۋەن ئاتا، يەمىشىڭنى.
قىش كۈنى كەلسەم يەنە مېهمان قىلىپ،
ئالدىمغا تۆكتۈڭ ئىسسىق كىشمىشىڭنى...

بېغىڭ ۋە ئايۋىنىڭنىڭ ئىشىگىدەك،
مېهمانغا قولۇڭ ئوچۇق، داستىنىڭ كەڭ.
زاغرا نان يېگەندىمۇ داغ سۇ بىلەن،
ئۆيلەردە داۋام قىلغان شۇ ئەنئەنەڭ.

بولسىمۇ كۈنۈڭ ئېغىر، غېمىڭ تولا،
كۈتەتتىڭ مېهماننى سەن شۇنچە خۇشخۇي.
داستىنىڭ قۇرۇق لېكىن،
كۆڭلۈڭ سېنىڭ
شۇنچىلىك كەڭ ئىدىكى، بولاتتى تويى...

كۆڭلۈڭ توق، قولۇڭ ئۈزۈن بۈگۈن مانا،
قۇتۇلدۇڭ مەئىشەتنىڭ تەڭلىكىدىن.
كۆرۈنەر كۆڭلۈڭ، سېخى چەكسىز يېزاڭ،
بەرىكەتلىك داستىنىڭنىڭ كەڭلىكىدىن.

ئۆيلىرىڭ بۈگۈن ساراي - مېهمانخانا،
دۇنيانىڭ هەر يېقىدىن كېلەر مېهمان.
قىسىلماي ئۈزىتىسەن ئوچۇق كۆڭۈل،
ئالدىغا ئۈز يولدا سېلىپ داستقان.

www.uyghurkitap.com

## ئەنجۈر

ئەنجۈرنى ماختاپ ھەر كىشى،
دەيدۇ بېھىشنىڭ يېمىشى.
كۆپتۇر خېرىدارى ئەجەپ،
يوقتۇر بازاردا تەڭدىشى.

ئىسسىقلىقىدا قارىماي،
ئۆز مېۋىسىنى ئايىماي؛
ئۆسكەن ئىمىش ئۇ شۇنچە پەس،
ئۈزسۇن ئاسانلا دەپ كىشى.

گەر بولسىمۇ ئەنجۈر پاكار،
مېۋىسى شۇنچە ئەتىۋار؛
مىزان ئەمەسكەن مېۋىگە،
شاخنىڭ ئېگىز - پەس بولۇشى.

# ئىككى شېئىر

**ئابدۇرېھىم ئابدۇللا**

## ئۈمىت ھەققىدە ناخشا

تۈنلەر قارا، كۆزلىرىم يۇلتۇز،
تەلمۈرەتتىم يىراق يۇلتۇزغا؛
بەختى ئاتلىق، ۋەسلى خۇمارلىق،
ئانار يۈزلۈك، قېشى قۇندۇزغا.
مۆلدۈر تېگىپ تۇرسىمۇ باشقا،
كۆز قىساتتى زۆھرە سامادىن.
چېھرىمدە نۇر — ئىشەنچ تەسۋىرى،
يار ئۈچۈرى كەلگەچ سابادىن.
كۆرۈنەتتى ۋىسال جىلۋىسى
بۇلۇتلارنىڭ ئۈستىدە بالقىپ.
ئاڭلىناتتى ھۆرلۈك ناخشىسى،
تۇمانلىق تاغ، داۋاندىن ھالقىپ.
كۆرۈنگەن تاغ يىراق ئەمەسكەن،
بولسىلا گەر ئەرلىك ئىرادە.
ئاتلىقلارمۇ قايتقان بۇ يولدىن
مەنزىلىمگە يەتتىم پىيادە.
ئۈچۈپ يەتتىم پىيادە ئەمەس،
ئۈمىت بەرگەن مەغرۇر قاناتتا.
جان ئىكەنغۇ ئىنسانغا ئۈمىت،
بۇ چېكى يوق تىلسىم ھاياتتا.
ئۈمىت شامى ئۆچسە دىلىڭدىن،
قىسمەتلەرنىڭ شامالىرىدا؛
كار قىلماسكەن قۇياش نۇرىمۇ،
كەچمىشىڭنىڭ داۋانلىرىدا...
يېتەكلىدى قولۇمدىن ئۈمىت،
تەۋەككۈلنىڭ كۆۋرۈكلىرىدە.
ساداقەتلىك، يار بولدى ئۈمىت
ياشلىقىمنىڭ چۆللۈكلىرىدە.
كۆككە باقسام قۇتۇپ يۇلتۇزى
تۈندە ئازسام بولدى رەھنامە.
نىجات تىلەپ بارسام ئالدىغا،
ساھىپ بولۇپ دېدى: «مەرھابا!»
يېنىپ تۇرغان ئۈمىت چىرىغى،
ھاڭدا ياتسام ئاي بولدى تاغدا.
سۈيى زىلال دەريا بولدى ئۇ،
باياۋاندا چاڭقىغان چاغدا.
ئېغىر كۈنلەر ئالدى بارىمنى،
قالدى يەنە ئىلكىمدە ئۈمىت.
ئاڭلاتمىدىم تۈنگە زارىمنى،
كۈلۈپ تۇردى چېھرىمدە ئۈمىت.
ئەلا ئۆتتۇم، پىسەنت قىلمىدىم،
پەلەكسىراتتەك ھەر ئىمتىھاندىن.

دىرىلدىمەي غەيۇر ھالقىدىم،
ئەجەلسىياق ھاگدىن، داۋاندىن...
سىناق ئالدى مېنىگدىن ھايات،
سېلىپ شۇندا ئوتقا، قىيانغا.
چىدىماستىن تاھىرمۇ ئۆلگەن،
مەن چىدىغان ئېغىر ھىجرانغا.
جان ھەلقۇمغا يەتكەن شۇ چېغىم،
ئۈمىت بولغان ئىدى يار - يۆلەك.

كىم كۆگلۈمنى ياساپ قوياتتى،
ئۇ چاغلاردا ئۈمىتتىن بۆلەك؟

×

ئۈمىت بىلەن يەتتىم مۇراتقا،
غايىسىزلار قالدى چېگىمدا.
مۇبارەكلەپ كۈلدى كائىنات،
ئۈمىت زەر تاج بولدى بېشىمدا.

## هاياتقا ئەقىدەم

تۇغۇلۇپ،
تۇنجى رەت يۆگەلگەن ئىدىم،
مۇبارەكلەپ قۇياش ئەۋەتكەن
نۇر يۆگىكىمگە.
ۋۇجۇدۇمدىن توپا پۇرايدۇ،
پەخرىم شۇ مېنىڭ!
ئۇپا ئورنىدا سېغىز سۇرتۈلگەچ
يۇمران تېنىمگە.

تېپچەكلەپ،
ۋىلىقلاپ كۈلۈپ يايرىغان ئىدىم
ئاشۇ چاغدا،
ئانام قولىدىكى سېغىزغا قاراپ.
بۆشۈگۈمدە ئۇخلىماس بولدۇم،
ئاشۇ سېغىزدىن
بىر ئىشىق —
بىر سۆيگۈ تېنىمگە تاراپ...

تۇۋا!...
قانداق بالا بۇ؟
دەيتتى ئانام ئەللەيدىن ھېرىپ،
ماگا قاراپ بېشىنى چايقاپ.
ئاتام
كۈلۈمسىرەپ خىيال سۇرەتتى...
گۇدەك قەلبىمدىكى سەزگۈمنى بايقاپ.

شۇنداق بالا بولدۇم،
ئۇخلىمايدىغان،
يۇلتۇزدەك كۆزۈمدە يۇلتۇزغا بېقىپ.
ئانام ئەللىيى
مەس قىلغۇچى شىرىن شاراپتەك
كىرىپ تۇرسىمۇ قەلبىمگە ئېقىپ...

بىلەتتىم،
شۇ ساناقسىز يۇلتۇزلار
خەلقىمنىڭ ماگا تىكىلگەن
ئۈمىتلىك كۆزلىرى ئىدى.
ئەتراپنى لەرزىگە سېلىپ،
بۆشۈگۈمنى تەۋرىتىپ،
ياگرىغان گۈلدۈرمامىلار
ئاتامنىڭ نەسىھەتلىك سۆزلىرى ئىدى.

ئادەممەن!
قەرزدار ئۆسكەن،
ئانام باغرىدىن ئاپپاق سۈت ئېمىپ.
يۈزۈم ئوچۇق...
كۆگلۈم يورۇق!
چۈنكى،
بارالايمەن
ۋاپا دۇلدۇلۇمنى ھەر جەگگە مىنىپ.

خەلقىمنى،
دوستلىرىمنى سەيلىدە قويۇپ،
ئۇلار ئۈچۈن جەگگە ئاتلانسام

بەختىيار مېنىڭ.
ئىجات تەۋەللۇتىدىكى قاتتىق ئورۇندۇق،
پورۇخ قايىنىغان شىددەتلىك جەڭگاھ
تەختىيار مېنىڭ.

كۆلمەك!
ئەقىل ئىشى ئەمەس يەلدىن رەنجىگەن.
ئەر ئەمەس
تۆھپەمنى كۆرمىدى،
بىلمىدى، دەپ
ئەلدىن رەنجىگەن.

كۆرمىدىمۇ،
بىلمىدىمۇ ئەل؟
يازدىڭمۇ؟!
ئۆچمەس قىلىپ ئىسسىق قېنىدا.
ھەر ۋاراقدار ئوغۇل - قىزىنى

غۇنچە بىلىپ،
سولمىسۇن دەپ.

ئېچىلدۇرۇپ، پەرۋىش قىلدىڭمۇ؟!
قەلب تەشتىگىدە،
سۆيگۈ تېگىدا.

ياشاي!
خەلقىمگە ياراپ
ئۇنىڭا پىداكار،
ئۇنىڭا قۇل بولۇپ
بۇرچۇمنى ئېسىمدە ساقلاپ.
ئۆلەي!
ئەجەل كۆزىگە تىك قاراپ،
قېنىدىن ئايرىپ بەرگەن ئانام سۈتىنىڭ،
ئىچكەن تامچە سۈنىڭ،
يېگەن بىر توقاچىنىڭ
شەربىتىنى ۋە تۇزىنى ئاقلاپ...

# رۇبائىيلار

## ئابلىمىت ھاجى

1
ئەل كۆڭلى، يۇرت كۆڭلى ھەممىدىن ئۇلۇغ،
بۇ كۆڭۈل بولمىغان ئادەملەردىن قورق.
ئەلنى سۆي، يۇرتنى سۆي، ئۇ سېنىڭ ئاناڭ،
ئۇ سۆيگۈ كىمدە يوق، ئۇ قاتاردا يوق.

2
بۇ دۇنيا بىز ئۈچۈن بىر قونالغۇ - دەك،
شۇ دەڭگە تۆت كۈنلۈك مېھمانسەن ئۆزەڭ.
ئۆمرۈڭنى قەدىرلەپ، ۋاقتىڭنى ئۇشلاپ
بىر نىشان قالدۇرغىن «ئۆلمەيمەن» دىسەڭ.

3
بىر قولدا ھاياتلىق شەمشىرىنى تۇت،
بىر قولدا ئادەملىك كەۋسىرىنى تۇت،
گەز كەلسە ئالەمچە ئالتۇنىڭ بىكار،
ئادەملەر رايى چوڭ بۇنى ئەستە تۇت.

4
ئالتۇندىن ئەسۋاپلار ياسايدۇ زەرگەر،
ئېيت قېنى، مىس كۆلى ئىشلەيدۇ نەگە؟!
نە ئارمان خەلقىمنى قىلىپ مەن رىزا،
دات باسماس ئالتۇن بوپ كۆمۈلسەم يەرگە.

5
تاللايدۇ ئادەمنى چېلىش مەيدانى،
سىنىلار چېلىشتا قەلبى، ۋىجدانى،
چىقىدۇ ھۆرمەتتە شاھلىق تەختىگە،
كىشىنىڭ ئەل ئۈچۈن ئاقسا تەر - قانى.

6
دوستلۇقتا مەنپەئەتنى قىلمىغىن ئۆلچەم،
غەرەزسىز دوستلاشساڭ بولىدۇ مەھكەم،
بىلەمسەن، دوستلۇقنىڭ گۈلى بەك نازۇك،
چىن دوستلۇق ئۆسىدۇ ھەمىشە كۆركەم.

www.uyghurkitap.com

7

ئۇل قىرانكى چالىمنى ئالما، دىدى،
ئۇينا، كۈل، بەزمىدىن قالما، دىدى،
ئۆتتى ئۆمرى شۇ ھەۋەستە مەنىسىز،
كەتتى يىللار، ئاقىۋەت پۇشايمان يىدى.

8

ھەسەتخۇر ھەمىشە راھەتتىن يىراق،
كۆڭلىنى تىنجىتماس ھەسەت، دەرت، پىراق.
بولمايدۇ بىر مىنۇت ئاراملىق چىچىغى،
بۇنداق ياشىغاندىن ئۆلگەن ياخشىراق.

9

ئۇ سىنى ماختاركەن يوق سۈپەت بىلەن،
بىتەھقىق باپلايدۇ يوق سەۋەپ بىلەن،
ھوشيار بول، ئۇ باھا بىردۇ چوقۇم،
ياخشىغا، يامانغا پەقەت نەپ بىلەن.

10

نادان ئۆلۈپ ناھايەت قىرقى ئۆتتى،
كۈندۈزدىكى چۈشتەكلا ئۇنتۇلۇپ كەتتى،
ئالىم ئۆلۈپ نەچچىلەپ ئەسىرلەر ئۆتتى،
بارغانسىرى شۆھرىتى پەلەككە يەتتى.

11

جاھاندا ھەق سۆزدەك يوق بىر زۇلپىقار،
راستچىللىق كىشىگە زىننەت، ئىپتىخار.
گۆھەرلەر ئىچىدە بۇ ئىككى گۆھەر
جۇلالاپ ھەممىدىن بەكرەك نۇر چاچار.

12

ھاياتنى گۈللەتەر مەنىلىك ھەركەت،
ھەركەتنىڭ مىۋىسى تۈگىمەس بەركەت.
ھەركەت قىل دوستلىرىم، بولما لايىغەزەل
ھورۇنلۇق كەلتۈرەر ھالاكەت پەقەت.

# شېئىرلار

مۇختار خېلىل

## يىللار ــ سېھىرگەر

مۈكچۈيۈكلۈك بوۋايىنى كۆرۈپ،
دوستۇم ئەجەپ كۈلۈپلا كەتتىڭ.
ھەيران قالدىم كۈلكەڭگە قاراپ،
ئىھتىمالىم، كۆپ مازاق ئەتتىڭ.

پەملەپ باقىسەن ئۇمۇ ياش چاغدا،
بىردەك بەستىلىك بولغىيدى بىر ئەر.
بەزمۇ بوۋاي بولۇپ قالىمىز،
چۈنكى يىللار شۇنداق سېھىرگەر.

## ئانارنىڭ رىۋايىتى

ئانار ئىكەن جەننەت مىۋىسى،
كىم يىسە تىل يىردلار ئىمىش.
رىۋايەت بۇ: «بولمىسا ئۇزۇق
ئۆلگەن ئادەم تىرىلەر ئىمىش».

ئۈنچە ئوخشاش ئانار دانلىرى،
شىرنىلىكنى تالىشىپ قاپتۇ.
شۇڭا خۇدا ئانار ئىچىنى،
ئايرىم - ئايرىم توساقغا ئاپتۇ.

## كان ئىشچىسى

كۆكتە ئەمەس يەر ئاستىدا كۆرۈمەن
شۇنچە يارقىن، شۇنچە يانغىن يۇلتۇزنى.
ئىشلەر ئىشچى كان تېگىدە تۈندىمۇ،
ئۇ ئۆتتۈنۈپ ئەلگە يورۇق - كۈندۈزنى.

ماڭلايدىكى چىراق نۇرى يورۇتار،
كان ئاستىنى — ئىش ئورنىنى چولپاندەك.
يۇلتۇز كۆزلۈك، قۇياش يۈزلۈك ئىشچىغا
تۈيۈلىدۇ كاننىڭ ئاستى ئاسماندەك.

www.uyghurkitap.com

### جاۋاپ كۈلكە

دىمەك مېنى يېشىم ئاقسا يىغلاتقىۇ،
يىغلاشىدىمۇ، كۈلۈشىدىمۇ بىلمەمەن.
ئەجدات ئۈچۈن، خەلقىم ئۈچۈن يىغلىسام،
لېكىن يىللار ئالدىدا شات كۈلۈمەن.

ئىدى بوۋام خۇش چاقچاق ھەم خۇش پېئىل،
خۇش كۈلۈشنى كەتكەن ماڭا قالدۇرۇپ.
يىلىنىڭ سوغاق كۈلكىسىگە جاۋابەن،
كۈلەي غەلىبە كۈلكىسىنى ياندۇرۇپ.

### ئەلدە كۆزنىڭ دورىسى

يۆلىگەچ ئەل، ھوقۇقىنىڭ —
راۋىغىغا ئۆرلىدىڭ.
ياغ توشتىمۇ كۆزۈڭگە،
بىراق ئەلنى كۆرمىدىڭ.

بوپ قالمىسۇن پەرقىمىز،
كۆزۈڭ ئېقى - قارىسى.
چاپسان چۈشكىن تۆۋەنگە،
ئەلدە كۆزنىڭ دورىسى.

# كۆرۈپ

**سېتىنىسا اوقمان**

شوخلىنىپ يايرار كۆڭۈل گۈلشەن جامالىڭنى كۆرۈپ،
باغ ئارا چوغلۇق كەبى كۈلگەن جامالىڭنى كۆرۈپ،
بىخۇبار تاڭ پەيزىنى سۈرگەن جامالىڭنى كۆرۈپ،
چىن گۈزەللىك دىلبىرى كۆرگەن جامالىڭنى كۆرۈپ،
ھۆر ھاياتنىڭ نۇرىغا چۆمگەن جامالىڭنى كۆرۈپ.

يوق جاھاننىڭ گۈلشىنىدە سەن كەبى نازۇك بەدەن،
سەن ئۈچۈن مەڭگۈ تەسەددۇق ساڭا شەيدا جانۇ - تەن،
زوق ئېلىپ ئىشقىڭ نۇرىدىن كۆزلىرىم بولدى روشەن،
باغلىدىم رىشتىم ساڭا باغرى قۇياشلىق، ئەي ۋەتەن،
ھەر سەھەر جىسمىمگە كۈچ بەرگەن جامالىڭنى كۆرۈپ.

سەن ئىدىڭ تارىختا مەشھۇر چېھرىسى جەننەت ماكان،
شۇ ئۇلۇغۋار خىسلىتىڭدىن ساڭا چىن تەشنا جاھان،
دىل سېنى ئەتمەس تەرك، ئەي سەرۋىدەك زىبا جانان،
سەن ھامان كۆڭلۈم كۆكىدە پارلىغان ماھى تابان،
ياشنىدىم گۈلزار ئارا كۈلگەن جامالىڭنى كۆرۈپ.

ئاقتىنى دەريالىرىڭدا سۇ ئەمەس جان كەۋسىرى،
ھەر گىيا، تاش، تۇپرىقىڭدۇر كۆزلىرىمنىڭ گۆھىرى،

ھەر سۆزۈڭ پۈتمەس ھەقىقەت يۈرىگىمنىڭ جەۋھىرى،
سەن ئۈچۈن يانغان مۇھەببەت بولدى دىل ئەڭگۈشتىرى،
جانغا سۆيگۈ رىشتىنى چەككەن جامالىڭنى كۆرۈپ.

يوق دىلىمنىڭ تۆرىدە ئۆزگە ماكان سەندىن بۆلەك،
بىر ساڭا بولماق ۋاپادار مەندىكى ئالىي تىلەك،
سىنى ھەردەم كۈيلىمەككە سوقتى يالقۇنلۇق يۈرەك،
سەن ئۈچۈن يۈتكەشكە تاغنى تاۋلىدىم مەن گاڭ بىلەك،
ۋۇجۇدۇمغا كۈچ بەخش ئەتكەن جامالىڭنى كۆرۈپ.

## غەزەل

**داۋۇتجان سەيدىن**

باھار كەلدى، جانان ئىشقا سەھەردە ئويغىنىپ ماڭدى،
گويا تاڭ پەرىسى ئوخشاش ئېتىزغا يول ئېلىپ ماڭدى.

سامادا نۇر تۆكۈپ چولپان گۈزەل رەپتارىغا كۆيگەچ،
جانانىڭ قەددى، رۇخسارى جۇلالاپ، نۇرلىنىپ ماڭدى.

سۆيۈپ ئەركە شامال تال - تال سىيادەك زۇلپىنى يەلپۈپ،
نازاكەت جىلۋىسىگە ناز قوشۇپ، شوخ، روھلىنىپ ماڭدى.

نەپەس ئېىپ قانغىچە تاڭنىڭ ئىپار ھىدلىق ھاۋاسىدىن،
قاراپ ھەريان گۈزەل گۈلشەن - دىيارغا زوقلىنىپ ماڭدى.

تۆكۈپ تەر مول ھوسۇل ئالماق قارارى دىلدا يالقۇنلاپ،
گويا گۈلخان كەبى پۈتكۈل ۋۇجۇدى چوغلىنىپ ماڭدى.

## ئىككى شېئىر

**ئابلىز ئوسمان**

**تاغلار**

تاڭ سەھەر ... قىزارغان ئۇپۇقنىڭ يۈزى،          تەپەككۇر لاچىنىم قاقىدۇ قانات،
قارايمەن ئانا يۇرت بوستانلىرىغا.          قەلبىمنىڭ پايانسىز ئاسمانلىرىدا.

كۆرۈنەر يىراقتىن قاتمۇ - قات تاغلار،
زەنجىردەك چىرمىشىپ ئۇزاق - ئۇزاققا.
بوي بەرمەس ئۇلارنىڭ مەزمۇت گەۋدىسى،
ئەسىرلەر ئۆتسىمۇ جۇدۇن - سوغۇققا.
چوققىسى ئەسلىتەر مويسىپىت ئەرنى،
شۇنچىلىك ھەيۋەتلىك، شۇنچىلىك مەغرۇر.
ئۇ بولغاچ مەنبەسى جۇشقۇن ئېقىنىنىڭ،
قوزغايدۇ يۈرەكتە سۆيگۈ ۋە غورۇر.

ھەيرانمەن شۇ تاغنىڭ ئېتەكلىرىگە،
قىشۇ - ياز ئۆسۇدۇ لەيلىقازاقلار.
تاغ سۈپەت بۈركۈتلەر قىلىدۇ پەرۋاز،
كار قىلماس ئۇنىڭغا ھەر خىل تۇساقلار.
قارايمەن شۇ تاغقا كۆزۈمنى ئۈزمەي،
تاغ ئىشقى قېنىمغا قوشۇلغانمىكىن؟!
خەلقىمنىڭ كۈرەشچان مەرت ئوغلانلىرى،
تاغ بولۇپ تۇپراقتىن تۇغۇلغانمىكىن؟!

## كۆن نۇرىدەك پارلاق كەلگۈسى

جىمىرلايدۇ دەريا يۈزىدە،
كۈن نۇرىنىڭ ئالتۇن شولىسى.
مەن قارايمەن ئۈمىت كۆزۈمدە،
كۆز چاقنىتار نازلىق جىلۋىسى.

شۇنچە نۇرلۇق، شۇنچە غۇبارسىز،
داۋالغۇيدۇ دولقۇنلار ئارا.
خىيالىمدا مەن بىر بىلىجان،
ئەگىشىمەن توختىماي ئاڭا.

ئەگرى - توقاي جىرالار بىلەن
توختىماستىن ئاقىدۇ دەريا.

چېلىشىمەن قايناملار بىلەن،
بورانىدىكى بۈركۈتمەن گويا.

نۇر يىراقتا كۆلەر بىر تاتلىق،
جانان كەبى قىلىپ بىقارار.
لېكىن ئاڭا يېتىمەن جەزمەن،
ئىشەنچ، ئۈمىت، غەلىبە ماڭا يار.

×

جىمىرلايدۇ دەريا يۈزىدە،
كۈن نۇرىنىڭ ئالتۇن شولىسى.
ئەنە چاقناپ تۇرار يىراقتا،
كۈن نۇرىدەك پارلاق كەلگۈسى!

www.uyghurkitap.com

# ئىگىز بىناغا ياماشقان بوتكا!

(ھېكايە)

مۇھەممەت باغراش

بىرنىڭ كۆكتاپ دۇكىنىمىز يېڭى سېلىنغان ئىگىز بىناغا كۆچۈپ كىردى. بىز بۇ بىناغا كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن، دۇكىنىمىزنىڭ مەسئۇلىيەت تۇزۇمى شەخسلەرگىچە كۆتىرە بېرىشكە ئۆزگەرتىلدى. شۇنىڭ بىلەن گۇرۇپپىمىزدا بۇرۇنقىدەك سەن سالا، مەن سالا، دىگەندەك ھالەت يېڭىچە جانلىنىشقا ئورۇن بوشاتتى. ھەركىم ئۆزىگە بۆلۈپ بېرىلگەن كۆكتاتنى دۇكاننىڭ ئالدىغا ئەپچىقىپ ئۆزى ئوگچە ساتىدىغان، پايدا - زىيىنىغا ئۆزى ئىگە بولۇپ، ئاشقان پايدىسىنى مۇكاپات تەرىقىسىدە چۆنتىگىگە سالىدىغان بولغاچقا، ھەممە كىشى بىردىنلا ئالدىراشچىلىق ئىچىدە قالدى. دۇكىنىمىزدىكى پىرىكازچىكلار بارلىق كۈچ - قۇدرىتى، ئەقىل - ئىدرىكى، پىكىر - خىيالىنى ئىشقا سېلىپ، بەس - بەس بىلەن چېپىشىدىغان بولۇپ كەتتى. لېكىن يېڭى زىددىيەت كېلىپ چىقتى. ئۇ بولسىمۇ تىجارەت قىلىدىغان ئورۇن مەسىلىسى ئىدى. بۆلۈشتۈرۈلگەن يېرىمىز تار ۋە قىستاڭ ئىدى، گاھى كۈنلىرى چۈشۈرۈلگەن كۆكتاتلارنىڭ كۆپلىگىدىن بۇ يەردە دەسسەپ تۇرغۇدەك ئورۇنمۇ قالمايتتى. شۇنداق بولغاچقا دۆۋىلەپ قويغان كۆكتاتلار بىر - بىرىمىزنىڭكىگە ئارىلىشىپ كېتەتتى. كۆكتات دۆۋىلىرى ئارىسىغا تىقىلىپ قالغان خېرىدارلار كۆكتاتلارنى دەسسەپ بىزەپ قىلىۋېتەتتى. مۇبادا، ئۇلارغا چىڭراق سۆزلەپ قويساڭ، كۆزلىرىنى ئالايتىپ غۇدۇرىغىنىچە باشقىلارنىڭ كۆكتات دۆۋىسىگە قاراپ كېتىپ قالاتتى - دە، بىز خېرىداردىن ئايرىلىپ قالاتتۇق. شۇڭا بىز ئىلاجىسىزلىقتىن لازا دۆۋىسىنىڭ ئۈستىگە پامىدۇرنى، چەيزە دۆۋىسىنىڭ ئۈستىگە چىڭسەيىنى قويۇپ ساتىدىغان بولدۇق. ئەگەر كۆكتات بىرەر كۈن تۇرۇپ قالغۇدەك بولسا، ئاستى تەرىپى بىردىنلا سېسىشقا باشلايتتى، بۇنداق سېسىغان كۆكتاتلارنى ئايرىپ ئەخلەت ساندۇقلىرىغا تۆكۈشكە مەجبۇر بولاتتۇق. بۇ ئاخىرقى

www.uyghurkitap.com

ھساپتا ئۆزىمىزگە زىيان ئىدى. شۇڭا ھەر بىرىمىز بىرەر قەدەم يەرنى بولسىمۇ كۆپرەك ئىگەللىۋېلىشقا تىرىشىدىغان بولدۇق. نەتىجىدە، ئۆزئارا غەيۋەت - شىكايەت، جېدەل - ماجرا پەيدا بولدى. گاھىدا بۇنداق جېدەللەر شىركەت مۇدىرىنىڭ ئالدىغا چۈشمىگىچە ھەل بولمايتتى. بىزنىڭ بىنادىن بىر يېرىم، ئىككى مېتىر نېرىسىدىكى دوقمۇشتا بىر قەلەيچىلىك بوتكىسى بولۇپ، خۇددى بىر كونا قەۋرىدەك چوقچىيىپ تۇراتتى. ئەگەر ئاشۇ بوتكا بولمىغان بولسا، ئۇنىڭ ئورنىغا بىرەر ماشىنا كۆكتات چۈشۈرگىلى بولاتتى.

مۇبادا مەن ئاشۇ بوتكىنىڭ ئورنىنى پايدىلىنالىغان بولسام نەقەدەر ياخشى بولاتتى... مېنىڭ كاللامدا ئاشۇ خىياللار پەيدا بولغان ئىدى. «يەر ئۈچۈن بولغان كۈرەش» ئۆتكۈرلەشكەنسېرى، بۇ خىيال مېنى چېقىپ ئارام بەرمەيدىغان بولدى. مەيلى كۈندۈزى دۇكاندا تىجارەت قىلىۋاتقان، ياكى ئىشتىن چۈشۈپ ئۆيگە كېتىۋاتقان، ھەتتا كېچىلىرى قاتتىق ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ كەتكەن چاغلىرىدىمۇ، مەن ئەنە شۇ خىيال بىلەن چۈلغىنىپ، بىر خىل ۋەس - ۋەسە ئىچىدە قىينىلىدىغان، ئۇ بوتكا ماڭا ئادەتتىكى بىر تىجارەت بوتكىسى ئەمەس، گويا جەڭ فرونتىدىكى ماڭا قارشى تەرەپنىڭ ئوت توچكىسىدەك بىلىنىدىغان بولۇپ قالدى. كۈنلەر ئۆتكەنسېرى مېنىڭ كۆڭلۈمدە ئاشۇ بوتكا ھەققىدە يېڭىدىن - يېڭى پىكىر - خىياللار تۇغۇلۇشقا باشلىدى. مەن ئاشۇ پىلانلىرىمنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئاۋال ئاشۇ بوتكىنىڭ ئىگىسىنى كۆزىتىپ باقماقچى بولدۇم.

×

بۇ بوتكىنىڭ ئىگىسى قېرىلىقتا ئاخىرقى چەككە يەتكەن، ئاغزىدا چىشى قالمىغان، دومچەك بىر بوۋاي ئىدى. بۇ بوۋاي شۇنچىلىك پاكار، ۋىجىك ئىدىكى، ئۆزى دەسسەپ تۇرغان يەردىن بىر مېتىردىن سەللا ئوشۇق كۆتىرىلىپ تۇراتتى ۋە بەئەينى بوۋاق بالىنىڭ پۇسمىسىچىلىك كېلىدىغان ئەسكى بوتكىسىغا ئۆزىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشى ۋە تىجارىتىگە كېرەك بولىدىغان پۈتۈن بىساتى بىلەن ھېچ گەپ - سۆزسىزلا سىغىپ كېتەتتى.

تۇنىكچى بوۋاينىڭ بۇ يەردە ياشاۋاتقىنىغا خېلى يىللار بولغان بولسا كېرەك. ئۇنى بۇ ئەتراپتىكى ھەممە كىشى ئوبدانلا بىلىدىكەن ۋە ئۇنىڭ بىلەن قەلەيچىلىككە باغلىنىشى بولمىغان ھەر خىل مۇئامىلىدە بولىشىدىكەن. ئادەتتە سۈت ئالىدىغان كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ سۈت قاچىلىرىنى كەچتە ئۇنىڭ بوتكىسىنىڭ ئالدىغا تىزىپ قويىشىدىكەن. ئەتىگەندە سۈت ساتىدىغانلارنىڭ تىراكتورىمۇ مۇشۇ بوتكىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختايدىكەنده، كىشىلەر ئۆز قاچىلىرىنىڭ نۆۋىتى بويىچە سۈتلىرىنى ئېلىپ كېتىشىدىكەن. بوۋاي كېچىچە ئۇلارنىڭ سۈت قاچىلىرىغا قاراپ قويىدىكەن.

بوتكىنىڭ ئالدى تەرىپى چوڭ كوچا بولۇپ، يايمىچىلار، باققاللار، ھارۋىدا كۆكتات ساتىدىغانلار ۋە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى يېمەك-ئىچمەك شىركىتىنىڭ كىچىك ھارۋىدا بولكا - پېچىنە ساتىدىغان خادىملىرى، كاۋاپچى، سامسىپەزلەر ئاشۇ بوتكىنى چۆرىدەپ ئۇزۇندىن - ئۇزۇنغا سوزۇلغان سەپ تۈزۈشۈپ تىجارەت قىلىشاتتى. ئۇلار تۇنىكچى بوۋاينى شۇنچىلىك چوڭ بىلىدىكەنكى، «ئالدى - ساتتى»دا ھەرگىزمۇ ھۆل يەرگە دەسسىمەيدىغان ئەڭ بىلەرمەن تىجارەتچىلەرمۇ ئۆزلىرىگە قوغۇن - تاۋۇز، مېۋە - كۆكتات چۈشۈرمەكچى بولسا، ئۇنىڭ مەسلىھەتىنى ئالىدىكەن. نەرقى - ناۋاسىنى كېلىشتۈرۈپ قويۇشقا ئۇنى تەكلىپ قىلىدىكەن. بۇ يەردىكى ئوقەت-

چىلەرنىڭ كۆپىنچىسى مۇسۇلمانلار بولغاچقا ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ناماز ئوقۇيدىغان كىشىلەرنى ئاشۇ بوۋاي تاھارەتلىك ئىسسىق سۇ بىلەن تەمىنلەيدىكەن. بۇ بوۋاينىڭ مەخسۇس ئاشۇنداق كىشىلەرگە ئاتاپ ياساپ قويغان ئىبرىق - چۆگۈنلىرى بار ئىكەن، ئۇلار نامازدىن قايتىپ كەلگىچە بوۋاي ئۇلارنىڭ ماللىرىغا كۆز - قۇلاق بولۇپ، خېرىدار كېلىپ قالغۇدەك بولسا ماللىرىنى جىڭلاپ سېتىپ قويۇپ پۇلىنى ئېلىپ قويۇدىكەن. بوۋاينىڭ ئوتخانىسىدا ھەر دائىم دىگۇدەك بىر چوڭ چۆگۈندە سۇ قايناپ تۇرىدىكەن. كەچكىچە ئاپتاپتا قاقلىنىپ ئولتۇرۇپ ئۇسساپ - چاڭقاپ كەتكەن تىجارەتچىلەر، ھەتتا بىزنىڭ بىنانىڭ ئېرىقى چېتىدىكى قاتناش چىرىغىنى باشقۇرىدىغان ساقچىلارمۇ خالىغان چاغلىرىدا كۇرۇشكىلىرىنى كۆتىرىشىپ كېلىپ بوۋاينىڭ قاينىتىپ قويغان سۈيىدە چاي دەملىشىپ ئۇسسۇزلۇقىنى قاندۇرۇپ كېتىشىدىكەن. بىزنىڭ دۇكاندىكى بىرنەچچە خەنزۇ پىرىكازچىكلارمۇ بوۋاينىڭ چېيىغا ئۆگىنىپ قېلىشتى.

بىر كۈنى ئۇنىڭ يېنىدا 4 - 5 ياشلارغا كىرگەن بىر كىچىك قىزچاق پەيدا بولۇپ قالدى. تۈنۈكچى بوۋاي بۇ قىزنى نەدىندۇ يېتىلەپ كەلگەن ئىدى. بۇ قىزچاق چۈشكىچە پۈتۈن بازارنى بېشىغا كىيىپ تازا يىغلىدى. بوۋاي ئۇنىڭغا بىردەم قوغۇن پىچىپ بېرىپ، بىردەم چوكا مۇز ئېلىپ بېرىپ، بىردەم يانچۇقلىرىنى ھەر خىل تاتلىقلار بىلەن توشقۇزۇپ تازا پايپېتەك بولدى. بېرىپ - بېرىپ ھېلىقى قىزچاقنىڭ يىغىسى پەسلەپ، تۈنۈكچى بوۋاي ئۆزىنىڭ تۆمۈر - تەسەكلىرى ئىچىدىن تېپىپ بەرگەن كونىسېرۋا قۇتىسىنى تاراقشىتىپ ئويناشقا باشلىدى. كەچقۇرۇن ئۇ بوۋاي ھېلىقى قىزچاقنى يېتىلىگىنىچە نەگىدۇر كەتتى. ئەتىسى 35 ياشلار چامىسىدىكى بىر ئايال ھېلىقى قىزچاقنى كۆتىرىپ، بىر ساقچى يىگىتنىڭ باشلىشى بىلەن بۇ يەرگە كەلدى. قىزچاق بوۋاينى كۆرۈپ، ئاپىسىنىڭ قۇچىقىدىن سوغۇرۇلۇپ چىقىپ، ئۇنىڭ بوينىغا گىرە سالغىنىچە يىپىشىۋالدى. بوۋاينىڭ خوشاللىقتىن يۈز - كۆزلىرى يورۇلۇپ كەتكەن ئىدى. كېيىن ئاڭلىسام، قىزنىڭ ئانىسى مۇشۇ ئەتراپتا بۇ قىزنى يوقىتىپ قويغان ئىكەن. بوۋاي ئۇ قىزنى يىغلاپ ئولتۇرغان يېرىدە ئۇچرىتىپ ئېلىپ كەپتۇ. كېيىن ئۇ قىزنى پەيچۇسوغا ئاپىرىپ بېرىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ھېلىقى ئايال ۋە ئۇنىڭ قىزى تۈنۈكچى بوۋاينى دائىم كېلىپ يوقلاپ تۇرىدىغان بولۇپ قالدى.

دۇنيادا ئۆزىنى خېلى ئابرويلۇق ساناپ يۈرىدىغان كاتتا ئەرباپلار كىشىلەرنىڭ كۆزىدىن بىرنەچچە ھەپتە يوقاپ كەتسىمۇ ئۇنى ئۇنچىۋالا كۆپ ئادەمنىڭ سېغىنىپ ئىزدەشتۈرۈپ كېتىشى ناتايىن، لېكىن ئاشۇ تاشلاندۇق بولۇڭدىكى نىجان بوۋاينىڭ نەگىدۇر كېتىپ قېلىپ بىرەر كۈن كۆرۈنمەي قېلىشى خۇددى يېڭى جىيامۇنىڭ تەكلىماكان قۇملۇقىدا ئىزسىز يوقاپ كەتكىنىدەك زىل - زىلە پەيدا قىلغىلى تاس قالاتتى.

— بوۋايغا نېمە بولدىكىنە؟

— ئۇ قەيەرگە كەتتى؟

— ئاخشام سىز ئۇنى كۆرگەنمۇ؟

— بىچارە بوۋاي بوتكىسىدا جىمىدىلا ئۆلۈپ قالمىسۇن يەنە؟

بىردىنلا ئىزدەشلەر، سوراشتۇرۇشلار باشلىنىپ كېتەتتى. بۇنداق چاغلاردا، دۆلەت ئىگىلىگىدىكى دۇكانلارنىڭ مۇلازىمەتچىلىرى، يەككە تىجارەتچىلەر، شۇ يەردىكى كوچا ساقچىلىرى، مەھەللە كومىتېتىنىڭ مەسئۇللىرى، شۇ يەردە ئولتۇرۇشلۇق ئاھالىلار، باشلانغۇچ مەكتەپ باللىرى، بازار باشقۇرغۇچىلار، كوچا

سۇپۇرگۈچىلەر، ئىشقىلىپ بازاردىكى پۈتۈن ساھە بىردىنلا قوزغىلىپ كەتكەندەك بولاتتى.

ناۋادا بوۋاي دۈمچىيىپ دىڭگوكلىغىنىچە ئۈشتۈمتۈت كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدا پەيدا بولسا، ئۇلار خۇددى كۆڭۈللىرى بىردىنلا ئىمىن تېپىپ، يۈرىكى جايىغا چۈشكەندەك چوڭقۇر بىر نەپەس ئېلىشىپ ئۆز ئىشلىرىغا تۇتۇنغىنىنى كۆرگىنىمدە مەن ئىچ-ئىچىمدىن ھەيران بولىمەن.

بۇ قېرى تونىكچىنىڭ شۇنچىۋالا كۆپ خەقنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكىنى گاھىدا مېنىمۇ ئويلاندۇرۇپ قويۇدۇ. ئۇنىڭ ھەممە ئادەمگە غەمخورلۇق قىلىپ يۈرگىنىگە قاراپ ئۆزەمنىمۇ غەلىتە تۇيغۇ ئىچىدە قالىمەن. لېكىن ئادەم دىگەن خام سۈت ئەمگەن نەرسىكەن. ئۇ قېرىنىڭ جامائەتكە قىلىۋاتقان خەيرى-خاھلىغى بىلەن مېنىڭ ئورۇن قىستاڭچىلىغى تۈپەيلى تارتىۋاتقان سورۇقچىلىغىم ئىككىسى ئىككى گەپ ئىدى. ئۇنىڭ ئادەملەرگە قايناق سۇ قاينىتىپ، تەرەتلىك سۇ ئىسسىتىپ بېرىپ تېپىۋاتقان ھۆرمىتىدىن كۆرە كۆز ئالدىمدا سېسىپ كېتىۋاتقان پەمدۇر بىلەن لازىنىڭ قىممىتى ماڭا يېقىنراق، ماڭا ئەزىزرەك ئىدى.

ئەگەر ئۇ شۇنچە ياخشى ئادەم بولسا، ئۆزىنىڭ ئاشۇ بوتكىسىنى قومۇرۇپ بۇ يەردىن كۆچۈپ كەتسۇن-دە؟! بۇنداق بولغاندا مەن مۇنداق ئىككى پايدىغا ئىگە بولاتتىم. يەنى، كۆكتاتلىرىمنى ئۇنىڭ بوتكىسىنىڭ ئورنىغا چۈشۈرۈپ، كېرىلىپ ئولتۇرۇپ ساتالايتتىم؛ يەنە بىرى، ئۇنىڭ ئەتراپىغا چىۋىندەك ئولىشىۋالغان شەخسى كۆكتاتچىلارنى بۇ يەردىن تەزدۈرۈپ، مۇشۇ بىر پارچە بازارنى ئۆزەمنىڭ ئالدىغا قارىتىپ ھەم دۆلەتنى، ھەم ئۆزەمنى تېگىشلىك نەپكە ئىگە قىلاتتىم. شۇنداقلا، ئۇنىڭ خۇددى مېنىڭ بېشىمغا ئورۇلىۋاتقاندەك ئۆچلىگىنى قوزغاۋاتقان ئاشۇ بولقىسىنىڭ تاراق-تۇرۇقىدىن قۇتۇلاتتىم.

كۈنلەر ئەنە شۇنداق ئۆتمەكتە ئىدى. كۆكتات چۈشۈرىدىغان يەر مەسىلىسى ھەل بولمايلا قالماستىن، بەلكى كۈنسېرى جىددىيلەشمەكتە ئىدى. بۇ ئىش مېنى تولىمۇ ئىتتىت قىلاتتى. بۇ ئىشتىن كۆڭلۈم بىئارام بولغانسېرى ھېلىقى بوتكا مېنىڭ كۆزۈمگە تېخىمۇ سەت، بوتكىنىڭ ئىگىسى بولغان ئاشۇ ئۈنچىقماس كۆرۈمسىز بوۋايمۇ ماڭا بارغانسېرى ئېچىجەل، نەپرەتلىك كۆرۈنىدىغان بولدى. مەن ھەر قېتىم ئاشۇ بوتكىنى چۆرىدەپ ئوقەت قىلىۋاتقان شەخسى كۆكتاتچىلارغا ۋە مېنىڭ ئالدىمدىكى سولىشىپ كېتىۋاتقان كۆكتاتلارغا نەزەر كۆزىمنى سالماي، ئاشۇ كۆكتاتچىلار تەرىپىگە كېتىپ بارغان خېرىدارلارغا كۆزۈم چۈشۈشى بىلەنلا ئەرۋايىم قىرىق گەز ئۇچۇدىغان بولۇپ كەتتى. يەنە كېلىپ ھەر مىنۇت قولاق-مېڭەمنى چېقىپ، ئەسەبلىرىمنى قاخشىتىۋاتقان ئاشۇ لەنەتگەردى بولقا ئاۋازىچۇ تېخى! گاھىدا بۇ يېقىمسىز تاراق-تۇرۇڭنىڭ دەستىدىن بوۋاي تەرەپكە غەزەپلىك چەكچىيىپ ئىككى قولۇم بىلەن قولىقىمنى مەھكەم ئېتىۋېلىشقا مەجبۇر بولاتتىم. يا بولمىسا بۇ ئاچچىقىمنى شۇ مىنۇتتا بىرەر تال سېسىق پەمدۇرنى جىگدىن تاللاپ ئېلىۋېتىۋاتقان كاج خېرىدارنى جېنىغا تەككۈزۈپ چېقىۋېلىش ئارقىلىق چىقىرىۋالاتتىم.

بىر كۈنى كەچقۇرۇن دۇكاننى تاقايدىغان چاغدا سىرتتىكى كۆكتاتلارنى دۇكانغا ئەكىرىۋېتىپ، كۆكتاپ دۆۋىسىنىڭ ئاستى تەرىپىدە ئىككى سېۋەتتەك پەمدۇر، چەيزىنىڭ «مىلىچچىدە» سېسىپ كەتكەنلىگىنى كۆردۈم. پەقەت مۇشۇ زىيانلا مېنىڭ مۇكاپاتىمنى يەپ كېتەتتى. سېسىپ كەتكەن بۇ كۆكتاتلارغا قاراپ ئىچىم سىيرىلىپ كەتتى. مەن نىمە قىلارىمنى بىلمەي لېۋىمنى چىشلىگىنىمە

www.uyghurkitap.com

چە كۆكتاتلارغا تىكىلىپ قاقپان قورزۇقتەك
تۇرۇپ قالدىم.
دەل شۇ چاغدا خېلى كۈنلەردىن بېرى
مېنىڭ قەلبىمگە ئورۇنلىشىپ سىڭىپ بېرىۋاتـ
قان ھەلىقى ئۈچ ئېلىش تۇيغۇسى بىردىنلا
ۋۇجۇدۇمنى چۇلغىۋالدى - دە، ئاچچىغىدىن
قىزىللىق تىقىلىپ كەتكەن كۆزلىرىمنى ھەـ
لىقى لەنەتگەردى بوتكىغا تىكتىم.
تۇنىكىچى قېرى بۈگۈن نىمىشقىدۇر
بوتكىسىنى بالدۇرلا تاقاپ قويۇپ، نەگىدۇر
يوقىلىپتۇ. بىزنىڭ دۇكاندىكىلەرمۇ ھىساپلىرىـ
نى تۈگىتىپ، بىرلەپ - ئىككىلەپ كېتىپ قالـ
دى. شۇ پەيتتە خىيالىمغا بىر ئەپچىل پىلان
كەلدى. مەن دەرھال يەڭلىرىمنى شىمايلاپ
ھەلىقى سېسىپ، مىلىچلاپ كەتكەن پەمدۇر،
چەيزىلەرنى بىر تەرىپى ئۆپراپ كەتكەن
ئەسكى شازىغا ئېلىپ، دۇكاندىكىلەر ۋە كوـ
چىدىكى ئادەملەر سەل سىيلىككەن ۋاقىتنى
پايلاپ تۇرۇپ، ھەلىقى بوتكىنىڭ ئىشىگى
ئالدىغا شالاپشىتىپ تۆككىلى تۇردۇم، ئارتۇقـ
چە ھودۇقۇپ ۋە ئالدىراپ كەتكەنلىكىمدىن
چىلىق - چىلىق تەرگە چۆمۈپ كەتتىم. كىـ
يىملىرىمۇ ئىپلاسلىشىپ كەتتى. لېكىن مېنىڭ
كۆڭلۈم بولسا بىر خىل ئۈچ ئېلىش
شاتلىقى بىلەن يايراپ، يۈز - كۆزلىرىم ئوتتەك
ياناتتى. «ئەمدىغۇ بۇ يەردىن يوتەرسەن،
قېرى!» دەيتتىم مەن ئۆز - ئۆزەمگە.
ئەتىسى ئىشقا كەلسەم، بىزنىڭ دۇكانـ
نىڭ ئالدىدىكى دۆۋىلىنىپ قالغان ئەخلەتـ
لەر ئېلىنىپ، بىر كۆكتات چۇشۇرۇپ تىجارەت
قىلىدىغان يەر پاك - پاكىزە سۈپۈرۈلۈپ، سۇ
چېچىپ قويۇلۇپتۇ. مەن بۇ ئىشقا ئانچە ئىـ
رەن قىلمايلا ئۆز ئىشىمغا تۇتۇندۇم ۋە شۇ
ئارىلىقتا ھەلىقى بوتكا تەرەپكە ئوغۇرلۇقچە
قاراپ قويدۇم. ئۇ يەردە مەن تۆكۈۋەتكەن
پەمىدۇرنىڭ ئىزىمۇ كۆرۈنمەيدۇ.

ئۇ يەرمۇ كۈندىكىدەك پاك - پاكىزە سېرىپ
سۈپۈرۈلۈپ سۇ چېچىپ قويۇلۇپتۇ. لېكىن
نىمىشقىدۇر ئۇ يەردە تۇنىكىچى قېرى كۆـ
رۈنمەيدۇ. مەن دۇكاندىن تۈنۈگۈن ئەكىرىۋەتـ
كەن كۆكتاتلىرىمنى توشۇپ چىقتىم. ئەسكى
داس ھەم پۇل سالىدىغان ئەبجىغى چىقىپ شالاقـ
لاپ قالغان قەلەي غەللەمنى تىزىشتۇردۇم. دەل
شۇ چاغدا مېنىڭ ئالدىمدىن بىر كونا قول
ھارۋىسىنى سۆرەپ بوتكا تەرەپكە كېتىپ بارـ
غان تۇنىكىچى قېرى ئۆتۈپ قالدى. مەن
ئۇنىڭ كۈچۈنۈشتىن گۈرەن تومۇرلىرى كۆپۈپ،
تانىدەك تارتىلىپ كەتكەن قاپقارا ۋە
ئىنچىكە بوينىغا، قورزۇقتەك ئۇچلىنىپ
چىققان ئورۇق يەلكىسىگە، قىسقا، ماغدۇرسىز
پاچاقلىرىغا بىلىگىنى قوۋۇشتۇرۇپ، مىيىغىمدا
كۈلگىنىمچە قاراپ تۇردۇم. ئۇ ئالدىمـ
دىن ئۆتۈپ كەتكىچە مەن تەرەپكە
قاراپمۇ قويمىدى. ئۇ مېنىڭ ئالدىمـ
دىن ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن، قولۇمغا
جىڭنى ئالدىم ۋە جىڭنىڭ تېشى بىلەن جىڭ
پەنزىسىنى كۈچلۈك تاراقشىتىپ، ئاۋازىمنىڭ
بارىچە توۋلىدىم:
— ئىسسىل پەمىدۇر! ياخشى پەمىدۇر!
كىلوسى 2 موچەن!
ئەمدى ئۈچ ئېلىشنىڭ ۋە بۇ
قېرىنى بۇ يەردىن تەزدۈرۈشنىڭ ئەپچىلگىنە
بىر يولىنى تېپىۋالغان ئىدىم. ھەر كۈنى
بولمىسىمۇ ئىككى - ئۈچ كۈندە بىر قېتىم
ھەلىقىدەك قىلىپ كۆڭلۈمنى خۇش قىلاتتىم.
دەسلەپتە خېلى بەكلا ھودۇقتۇم. شۇ ئىشنى
قىلىۋېتىپ ئاجايىپ بىر خىل تۇيغۇنىڭ
قەلبىمنىڭ ئەڭ نازۇك بىر يەرلىرىگە خۇددى
بىگىزدەك سانچىلىۋاتقانلىقىنى سېزەتتىم.
خۇددى چاقچاق تىكەندەك بىر خىل سېزىم
ۋۇجۇدۇمنى چېقىپ ئۆتكەندەك بولاتتى. بۇ

www.uyghurkitap.com

ئىنسانلارنى باشقا جىمى مەخلۇقلاردىن كەسكىن پەرقلەندۈرىدىغان ئۇيات — نومۇس تۇيغۇسى ئىدى. لېكىن مەن بۇنداق مىنۇتلاردا: «مەن دۆلەت ئىگىلىگىدىكى بىر ماگىزىننىڭ مەنپەئەتىنى قوغداۋاتىمەن. يەككە تىجارەتچى دىگەن بىزنىڭ جەمىيىتىمىزدە بەرىبىر يىلتىزى يوق قامقاق، بىرلا بوران چىقسا تىرە-پىرەن بولۇپ كېتىدۇ. بىزنىڭ جەمىيىتىمىزنىڭ گەۋدىسى ئۇلار ئەمەس، بەلكى بىز! شۇنداقكەن ئۇلار ھەرقاچان بىزگە يان بېرىشى، پەقەت بىزدىن ئاشقان شارائىت ۋە ئىمكان ئاستىدىلا تىجارەت قىلىشى لازىم، شۇنداقكەن، مېنىڭ بۇنداق قىلىشىم ئەڭ يىراقنى كۆزلەش نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ھەرگىزمۇ ئىجتىمائى ئەخلاق ئۆلچىمىگە زىت ھەركەت ئەمەس!» دەپ ئويلايتتىم. شۇنىڭ بىلەن مېنىڭ كۆڭلۈم تەسكىن تېپىپ قالاتتى.

مەن ھېچ ئىككىلەنمەستىن ھىلىقى ئىشىمنى داۋام قىلىۋەردىم، ئىلگىرى پەقەت سېسىپ كەتكەن پەمىدۇر ۋە چەيزىلەرنىلا ئۇنىڭ بوتكىسىنىڭ ئالدىدىكى بوشلۇقتا ئاپىرىپ تۆككەن بولسام، بارا-بارا سېسىغان كاۋا، تەرخەمەكلەرنى ئۇنىڭ بوتكىسىنىڭ ئۆگزىسىگە قارىتىپ ئاتىدىغان بولدۇم. بۇ مېنىڭ ئۇنىڭغا قاراتقان ئۆچ ئېلىش تەدبىرلىرىمنىڭ دەرىجىسىنى پەللىمۇ-پەللە ئۆرلەتكەنلىكىم ئىدى.

مەن ئەسلىدە بوۋاينىڭ بۇ خورلۇقىغا چىدالماي مەن بىلەن يۈز تۇرانە تۇرۇپ ئېلىشىشىنى ياكى بولمىسا ماگىزىننىڭ رەھبەرلىكىنى ئىزدەپ مېنىڭ ئۈستۈمدىن ئەرز قىلىشىنى، يا بولمىسا كۆدە-كۆيىمىنى كۆتىرىپ بىر كېچىدىلا بۇ يەردىن يوقىلىشىنى كۈتەتتىم. ئىشقىلىپ يارا ئىغىز ئېلىپ تېشىلسە بولاتتى. پەقەت شۇ چاغدىلا ماگىزىنىمىزدىكى يەر قىستاڭچىلىقى تۈپەيلىدىن ئىزتىراپقا چۈشكەن كەسىپداشلىرىمنى ئەتراپىمغا توپلاپ ئۇلارنىڭ كۈچى بىلەن ياكى بولمىسا «يولسىز چاتاق چىقىرىپ دۆلەت ئىگىلىگىدىكى ماگىزىننىڭ تىجارىتىنى ئاقساتتى» دەگەن ئىللەتنى ئۇنىڭغا ئارتىپ، بازار باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ تەدبىر قوللىنىشىنى تەلەپ قىلىش يولى بىلەن ئۇنى بۇ يەردىن مەڭگۈ قوغلىۋېتىش مەقسىدىگە يەتكەن بولاتتىم! پاھ!... ئۇ چاغدا...

لېكىن ئۇ بوۋاي ماگىزىن رەھبەرلىكىگە ئەرزمۇ قىلمىدى، ياكى شۇنچە قىلساممۇ ماڭا بىرەر ئېغىز گەپ قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن ھەتتا مەن تەرەپكە ئالىيىپ قاراپمۇ قويمىدى. ئەكسىچە، ھەر كۈنى ئۆزىنىڭ بوتكىسىنىڭ ئالدىنى تازىلاش بىلەنلا قالماي، بىزنىڭ دۇكاننىڭ ئالدىنىمۇ پاك-پاكىزە تازىلاپ، ئەخلەتلەرنىمۇ توشۇۋېتىدىغان بولىۋالدى. بۇ ئادەم كۆر ياكى پاڭقايمىكىن! ياكى بولمىسا بىزدەك دۆلەت ئىگىلىگىدىكى كارخانا بىلەن پۇت تېپىشىپ قالسا ئۆزىنىڭ تىرىكچىلىك قىلىۋاتقان ئاشۇ يېرىدىن ئايرىلىپ قېلىشىدىن قورقۇپ تۇرۇۋاتامدىكىن؟

مەن كېيىنكى پەرىزىمنى جەزىملەشتۈردۈم. ئەگەر ئىككى تەرەپ دەۋاغا چۈشۈپ قالسا، ئەلۋەتتە دۆلەت كارخانىسى ئۇتۇپ چىقىدۇ-دە! چۈنكى بىزگە دۆلەتنىڭ ئۆزى يۆلەك بولىدۇ، ئۇنىڭغىچۇ؟ ئۇنىڭغا كىم يۆلەك بولاتتى؟! مۇشۇ خىياللىرىم ماڭا مەدەت بېرەتتى. شۇڭا مەن خۇددى قىرىشقاق، غەرەز ئۇقمايدىغان تەرسا، تېجىمەل بالىدەك ئۆزەم ئۈچۈن بەكمۇ كۆڭۈللۈك ئاشۇ ئەمگەككە بېرىلىپلا كەتتىم. بىر كۈنى ئۇ تونۇكىچى بوۋاينىڭ ئىككى كۈنگىچە بوتكىسىنى ئاچمىغانلىقىغا دىققەت قىلىپ قالدىم. لېكىن شۇ ئىككى كۈن ئىچىدىمۇ بوتكىسىنىڭ ئالدى ۋە بىزنىڭ دۇكاننىڭ ئەتراپى يەنىلا بۇرۇنقىدەك تازىلىنىپ تۇردى. 3 - كۈنى ئەتىگەن-

ده بوۋاي يەنە بىر كىشى بىلەن كېلىپ، بوتكىسىنى ئېچىپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى تۆمۈرتەسەك، جابدۇق-سايمانلىرىنى ئېشەك ھارۋىسىغا باسقىلى تۇردى. كېيىن يەنە بىر كەلگىنىدە ھىلىقى ئەسكى بوتكىسىنىڭ تاختايلىرىنى قومۇرۇپ ماڭدى. مەن كۆز ئالدىمدىكى بۇ ھادىسىنى كۆرۈپ شۇنچىلىك يايراپ كەتتىمكى، خوشاللىقىمدىن بارماقلىرىمنى ئاغرىپ كەتكۈچە قايرىپ قاس چىتىرىۋەتتىم. ھاياجاندىن يۈرەكلىرىم دۈپۈلدەپ سېلىپ كەتتى. ئۆزەمنى باسالماي پۈتۈن بازارنى بېشىمغا كىيىپ ۋاقىرىۋېتىشكە تاس قالدىم. دېمەك مەن غەلىبە قىلىپ، ئۇنى ئاخىرى بۇ يەردىن قوغلىۋەتتىم. لېكىن ئۆتىنچى كۈنى ئەتىگەندە بۇ يەرگە قۇرۇلۇش ئىشچىلىري كېلىپ ئورۇنلاشتى ۋە بوتكىغا يانداشقان كونا كېسەك ئۆيلەرنى بىر-بىرلەپ چېقىشقا باشلىدى. ئۇ ئۆيلەردىكى كىشىلەرمۇ ئاللىقاچان كۆچۈشكە باشلىغان ئىكەن.

مېنىڭ كۆڭلۈم بىردىنلا غەش بولۇپ قالدى. «ئۇ قېرى ئەسلىدە مېنىڭ قوللانغان تەدبىرىمنىڭ زورى بىلەن ئەمەس، بەلكى شەھەر قۇرۇلۇشىنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈنلا بۇ يەردىن كۆچكەن ئىكەن-دە؟! دېمەك، مېنىڭ قىلغانلىرىم راستىنلا بىھۇدە ئاۋارىچىلىق بوپتۇ» دەپ ئويلىدىم مەن ئەلەم بىلەن.

مەن كېچە-كېچىلەپ كىرپىك قاقماي چوت سوقۇپ شىرىن خىياللار بۆشۈكىدە تەۋرەنگەن ئىدىم. ئەمدى مېنىڭ پۈتۈن ئارزۇ-ئۈمىتلىرىم بەربات بولغان ئىدى. بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن تازا چىڭقى چۈش مەزگىلىدە، ئۇ قېرى ئۇشتۇمتۇت مېنىڭ بۇرنۇمنىڭ ئاستىدىلا پەيدا بولۇپ قالدى.

— يىگىت، بەش-ئالتە زامان خوشنا بولدۇق، — ئۇنىڭ ماڭا گەپ قىلىشى تۇنجى قېتىم ئىدى. «ئۆز ئەھۋالىغا باقماي بۇ قېرىنىڭ مەغرۇرلىقىنى كۆرەيمۇ! مەن بىلەن بىر ئۇتۇشاي دەپ كەلدىمۇ-يا؟!» دەپ ئويلىدىم مەن مېنىڭ ئالدىمدا خۇددى كىچىك بالا چوڭ ئادەمگە گەپ قىلغاندەك پەستىن ئېگىزگە قاراپ ھېچ تەكەللۇپسىزلا سۆزلەپ كېتىۋاتقان بۇ قېرىغا قاراپ ئىچىمدە. مەن مۇبادا ئۇرۇق تۇخۇمدىن بىرىنى تۇتتۇزۇپ قويساڭ، قولىدىكى ئاشۇ تۇخۇمنىڭ بىر پالاقشىشى بىلەن ئارقىسىغا تىرىككىدە ئۇچۇپ كېتىدىغاندەك كۆرۈنۈۋاتقان ئۆلەرمەن قېرىنىڭ ماڭا قىلىدىغان خىرسىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن تەييارلىنىپ ئۇنىڭغا قاراپ ئۈنچىقماي تۇرۇۋەردىم.

— ئەسلىدە دەرقەمدە ئولتۇرۇپ مۈگدىشىپ بىللە ئۆتەرمىز دەپ ئويلىۋىدىم، لېكىن بۇ يەر قۇرۇلۇش ئورنىغا توغرا كېلىپ قېلىپ، ھۆكۈمەت بىزگە يەرنىڭ ئەركىگىدىن تاللاپ بازارنىڭ نەق ئوتتۇرىسىغا بوتكا سېلىپ بەردى. مەن شۇ بازارغا كۆچۈۋالدىم. ئاخىرى ئايرىلىپ كېتىشتۇق، ئۆزەم كەتكەن بىلەن سىلەرنى ئۇنۇتقۇم كەلمىدى. بۇ يەرنى ئۇنۇتقۇم كەلمىدى.

مەن ئۇنىڭ ئاشۇ قىزىرىپ ياشاڭغىراپ تۇرغان كۆزلىرىگە شۈبھە بىلەن تىكىلدىم: «ئۇ قېرى مېنى سىپاگەرچىلىك بىلەن چېقىۋاتامدۇ نېمە؟!» دەپ ئويلاپ قالدىم. ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— بۇ يەر بارغانسېرى ئاۋات بازار بولىدۇ. ماگىزىنلارنىڭ ئىشى تېخىمۇ ئالدىراش بولۇپ كېتەر. مەن ۋاقتىم يەتسىلا بۇ يەرگە كېلىپ، قاتتىق-قۇرۇق ئىشلىرىڭلارنى قىلىشىپ بېرىپ تۇرسامەن.

مەن ئۇنىڭ ئاشۇ ھېلىلا ئوتتىن چىققان مىستەك بىر خىل ئىسسىقلىق تارقىتىپ يالىلداپ تۇرغان چىرايىدىن ئۆزەم ھېچ كۈتمىگەن ئاقكۆڭۈللۈكنى ئوچۇق سېزىۋاتىمەن.

— ماگىزىنىدا ئىشلىتىۋاتقان داس، شازا،

www.uyghurkitap.com

بەكمۇ خوشالمەن، كىشىلەردىن ياخشى گېپىڭىزنى كۆپ ئاڭلاپ، يۈرىكىمگە سىڭىپ قالدىڭىز ... — دېدى ئۇ سىپارگەرچىلىك بىلەن ۋە ئاخىرىدا ئاستاغىنە قوشۇپ قويدى، — ئەمدى... ئىككىمىز ئۆمۈرلۈك بولساق، دېگەن ئۈمىتتىمەن... تەكلىۋىمنى ماقال كۆرەمسىزكىن؟ ...

— مېنىڭ هازىرچە توي قىلىش نىيىتىم يوق، — دېدى تاجىنىسا قىسقىلا جاۋاپ بېرىپ.

— ئۇنداق دېمەڭ، تاجىنىسا، — دېدى ئابدۇنىياز يېلىنىپ، — مەن سىزدەك ئايالنى ئۇزاقتىن بويان ئارزۇ قىلىپ كەلگەن. بىز بىر ئائىلىدە بولساق ناهايىتى كۆڭۈللۈك ھەم بەختلىك ياشايمىز ...

— سىزنىڭ ئىسمىڭىز ئابدۇنىيازغۇ، — دېدى ئايال ئاخىر، — مەنمۇ سىزنىڭ تەرىپىڭىزنى خېلى كۆپ ئاڭلىغان. ئۈچ ئايالنى بىگۇنا ئەيىپلەپ خېتىنى بېرىۋەتكەنسىز، بۇ هالدا قانداقمۇ سىز بىلەن توي قىلغىلى بولىدۇ ...

لېكىن، ئابدۇنىياز ئۆز نىيىتىدىن يانمىدى. ھەپتىدە ئىككى - ئۈچ قېتىم دوختۇرخانىغا قاتراپ تۇردى، ئارىغا ئادەم قويدى. ئۆزىمۇ كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ، بىچارە قىياپەتتە يېلىندى. ئاخىرى تاجىنىسانىڭ يۇمشاق كۆڭلىنى ئېرىتتى.

— ئابدۇنىياز، كۈنچىلىك ئەر - ئايال ئوتتۇرىسىدا كۆڭۈلسىزلىك پەيدا قىلىدىغان يامان ئادەت. بىز توي قىلساق ئاشۇ جەزىڭىزنى ئۆزگەرتىشىڭىز كېرەك، — دېدى تاجىنىسا.

— تاجىنىسا، ماڭا ئىشىنىڭ، مەن تۆۋە قىلدىم. سىزدەك پاك ئاياللارغا ئىشەنمەسلىك چوڭ گۇنا ھېساپلىنىدۇ. مەن سىزنى قەدىرلەيمەن، ئۆمۈر بويى دىلىڭىزنى رەنجىتمەيمەن ... — دېدى ئابدۇنىياز.

شۇنداق قىلىپ، ئۇلار كۈزدە — شاپتۇل، ئۈزۈم تۆكمە بولغاندا توي قىلىشقا ۋەدىلەشتى.

بىراق، ئابدۇنىيازنىڭ كاللىسىدا يەنە گۇمانلىق خىياللار پەيدا بولدى: «ئادەمنىڭ ئالىسى ئىچىدە، هايۋاننىڭ ئالىسى تېشىدا» دەپتىكەن. تاجىنىسانىڭ ئېغىزىدىكى گېپىگە، كىشىلەرنىڭ قۇرۇق ماختاشلىرىغا ئىشىنىپ كەتكىلى بولامدۇ؟ ھەر هالدا قەدەمنى ئويلاپ بېسىش كېرەك».



ئۇ، كەلگۈسى ئايلىنىڭ قەلبىنى قانداق سىناپ كۆرۈش ھەققىدە بىر ھەپتە ئويلاندى. ئاخىرى، ناتونۇش كىشى قىياپىتىگە كىرىپ سىناپ بېقىش نىيىتىگە كەلدى.

ئۇ، ئىككى ھەپتىگىچە بۇرۇتىغا تىغ تەككۈزمەي، ئۆستۈرۈۋەتتى. دوستىنىڭ قارا چاپىنىنى ئارىيەت ئېلىپ كىيدى. قارا كۆزەينەك تاقىدى. ئەمدى ئۇ خۇددى قىزىقچى ئارتىسقا ئوخشاپ قالغان ئىدى. ھازىر ئۇنى ھېچكىم تونۇيالمايتتى.

ئۇ، تاجىنىسانىڭ كەچلىك ئىسمىنىدىن قايتىشىغا ئۇلگۇرۇپ يولغا چىقتى.

تاجىنىسا بۈگۈن گۈللۈك كۆينەك كىيىپ، ئاق ياغلىق بىلەن چېچىنى ئۆرۈۋالغان بولۇپ، ئالدىراپ ئۆيىگە كېتىۋاتاتتى.

— خېنىم، سىلىگە ئىككى ئېغىز گېپىم بار ئىدى، — دېدى ئابدۇنىياز تاجىنىسانىڭ ئالدىنى توساپ، — ۋاقتىلىرى يېتەرمۇ؟

— نېمە گەپ؟ — دېدى تاجىنىسا مۇلايىملىق بىلەن، — ئۆيىمىزدە كېسەل بارمىدى؟

— يوغسۇ، ئۆزلىرىگىلا ئېيتىدىغان گېپىم بار ئىدى، پىنھانغا ئۆتۈپ بىردەم مۇڭدىشىپ ئولتۇرساق قانداق؟ — دېدى ئابدۇنىياز تۆش يانچۇقىدىكى ئون كويلۇق پۇللارنى تاراقشىتىپ قويۇپ.

تاجىنىسا غەزەپلىنىپ، لەۋلىرىنى چىشلىدى. بۇ چىدىغۇسىز ئاھانەت ئۇنىڭ قوللىرىنى تىترىتىۋەتتى.

— يولداش، ئىنساندا ۋىجدان بولۇشى كېرەك، — دېدى ئۇ، — سىز مېنى نېمە چاغلاپ يۈرۈۋسىز؟! پۇلىڭىز كۆپ بولسا خوتۇنىڭىزغا ئوسما ئېلىپ بېرىڭ. بەلكى خوتۇنىڭىز شۇ تاپتا سىزنى تاماق ئېتىپ كۈتۈپ تۇرغاندۇ؟...

تاجىنىسا ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ يىراقلاشتى. ئابدۇنىياز ئاغزىنى ئېچىپ، كۆزلىرىنى چىمىلدىتىپ تۇرۇپلا قالدى: «بۇغۇ ياخشى بولدى، — دەپ ئويلىدى ئۇ، — باشتىن-ئاياق شۇنداق تۇرالامدۇ-قانداق؟ ئەگەر بىرەر كىشى يېگىرمە كوي تەڭلەپ قالسىچۇ؟...» ئۇ تېز-تېز قەدەم ئېلىپ تاجىنىساغا يېتىشتى.

— خېنىم، مەندىن رەنجىۋاتامسىز؟ رەنجىمەڭ، ئەگەر پۇلىنى ئاز كۆرسىڭىز مانا يېگىرمە تىزا...

تاجىنىسا تۇرۇپلا قالدى، ئۇ ئەلەمدىن يىرىلغۇدەك بولغان ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ ئۆزىنى تەستە بېسىپ تۇرۇپ دېدى:

— يولداش سىز ئېزىپ قاپسىز، ئىزدىگەن كىشىڭىز مەن ئەمەس، ماڭا سۆگەلدەك چاپلىشىۋالماي، يولىڭىزغا مېڭىڭ!

ئابدۇنىياز تېخىمۇ بىزەڭلىك بىلەن سەت ھىجايدى:

— ۋاي-ۋۇي ... نىمانچە نازلىنىسىز، سىزدىن نېمە كېتەتتى؟ بىر قاراپ قويغانغا نېمە كېتەتتى؟!

— تولىمۇ پەس ئادەم ئىكەنسىز! قارايدىغان ئادىمىڭىزنى تېپىڭ! — تاجىنىسا شۇنداق دەپلا ئاچچىق بىلەن كېتىپ قالدى.

«بۇ دىگىنىمۇ تازا ياخشى بولدى، ئەمدى بىرەر سىخدىن بىرسى چىقىپ ئوتتۇز كوي تەڭلەپ قالسىچۇ؟ ئۇ پۇل ئەلۋەتتە ئۇنىڭ مۇئاشىنىڭ يېرىمىغا تەڭ-دە...»

ئابدۇنىياز يەنە تاجىنىسانىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ تۆت كوچىنىڭ دوقمۇشىغا كەلدى.

— خېنىم، ئەمىسە ئوتتۇز كوي بولسۇن ...

تاجىنىسا ئەمدى ئۆزىنى تۇتالماي قالدى، ئۇ شىددەت بىلەن ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ، ئابدۇنىيازنىڭ يۈزىگە بىر كاچات سالدى. ئابدۇنىيازنىڭ قۇلاقلىرى ۋىڭىلداپ، كۆزلىرى قاراڭغۇلىشىپ، بەدىنى تىترەپ كەتتى. يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر نەچچە ئادەم يۈگۈرۈپ كېلىشتى-دە، ئەھۋالنى ئۇقۇپ،

ئابدۇنىيازنى دۆشكەللەپ ساقچى ئىدارىسىغا ئېلىپ بېرىشتى.

سوراق ئۆيى يوپ-يورۇق بولۇپ، دەرىزىلىرىگە گۈللەر قويۇلغان ئىدى. ئابدۇنىياز بۇلۇڭدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ، بېشىنى تۆۋەن سالدى. بۇ ئىشنى تاجىنىسا بىلمەيلا قالسا، ساقچىلارنىڭ جازالىشىغىمۇ رازى ئىدى. شۇڭا، ئۇ ئىلاجىنىڭ بېرىچە يورۇقتىن ئۆزىنى قاچۇرۇشقا تىرىشاتتى.

لېكىن، ئىش ئۇ ئويلىغاندەك ئوڭۇشلۇق بولمىدى. تاجىنىسا يىغلاپ تۇرۇپ شىكايەت قىلدى. ساقچى ئابدۇنىيازنىڭ قانۇنسىزلىق قىلىپ، يولدا ئادەم توسىغان جىنايىتى ئۈچۈن 15 كۈن توختىتىپ قويۇش جازاسى بېرىدىغانلىقىنى ئېلان قىلىپ، شىكايەتنامىغا قول قويۇشنى بۇيرۇدى. ئابدۇنىياز شىرە ئالدىغا كېلىپ قەلەمنى قولىغا ئالدى. شۇ پەيتتە ئابدۇنىياز ئەندىشە قىلغان ئىش ئاخىرى يۈز بەردى: ساقچى ئۇنىڭغا قارا كۆزئەينەكنى ئېلىۋېتىشنى بۇيرۇدى.

قاماقتا ئېلىنغان كىشىنىڭ ساقچىنىڭ بۇيرۇغىنى ئورۇندىماسلىقتا ئەلۋەتتە ھەققى يوق ئىدى. ئورۇنلاشتىن باش تارتسا زورلۇق كۈچ ئىشلىتىلىدىغانلىقىنى ئابدۇنىياز بىلەتتى. ئۇ كۆزئەينەكنى ئامالسىز ئېلىۋەتتى.

— ۋييەي، ... — دېدى تاجىنىسا ھەيران بولۇپ، — سىز ئابدۇنىيازغۇ؟! ...

— شۇنداق، تاجىنىسا، مەن سىزنى سىناپ باقاي دەپ ... مېنى كەچۈرۈڭ ... — دېدى ئابدۇنىياز قىزىرىپ يەرگە قاراپ.

ساقچى ئەھۋالنى چۈشەنگەندىن كېيىن، شىكايەت قەغىزىنى يىرتىپ تاشلىدى.

— ئۆزەڭمۇ بىر تازا تەلۋە نېمىكەنسەن، — دېدى ساقچى غەزەپلىنىپ، — ئەر-ئايال ئارىسىدىكى ھەقىقىي مۇھەببەت بىر-بىرىگە چىن قەلبىدىن ئىشىنىش ئاساسىدا ۋۇجۇتقا كېلىدۇ. بىر-بىرىگە ئىشەنمەي تۇرۇپ، كۆڭۈللۈك ئەر-خوتۇن بولغىلى، خاتىرجەم ھايات كەچۈرگىلى بولمايدۇ ...

— يولداش، ئېيتقانلىرىڭىز تامامەن توغرا، — دېدى ئابدۇنىياز ئۆزىنى ئەيىپلەپ، — مەن بىلمەپتىمەن، مەن خاتالىشىپتىمەن، مېنىڭ بۇ ئاددىي كاللام دائىم مېنى ...

— ئەمدى نېمە دېمەكچىسەن؟!

— ئەمدى ... تاجىنىساغا تولۇق ئىشەندىم ... ئۇ گۆھەردەك ئايال ئىكەن ... مەن ئۇنىڭدىن ئايرىلالمايمەن. خۇدايىم گۇۋا بولسۇن، ئۇ مېنىڭ ئۆمۈرلۈك ھەمرايىم بولىدۇ ...

— نېمە؟! — دېدى تاجىنىسا ئېسەدەپ تۇرۇپ، — مۇندىن كېيىن يۈزۈمگە قارىغۇچى بولما. مەن سەندەك ئەرنى ئەزەلدىن كۆرگىنىم يوق.

تاجىنىسا ساقچى ئىدارىسىنىڭ دەرۋازىسىدىن چىققاندىن كېيىن، چوڭ يول بويلاپ ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ كەتتى. ئابدۇنىياز يول ئۈستىدە خۇددى قاقتان قوزۇقتەك بىر پەس جىم تۇرۇپ قالدى. ئەتراپ سۈتتەك ئاي نۇرىغا چۆمۈلگەن ئىدى. تاجىنىسا بارغانسېرى يىراقلاپ كېتىۋاتاتتى. ئابدۇنىياز بىردىنلا ھوشىغا كەلگەندەك بولۇپ، تاجىنىسانىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرۈپ كەتتى ...

— تاجىنىسا! ... تاجىنىسا! ....

---

(بېشى 26 - بەتتە)

مېھرىبانەم بۈگۈن قاسىم بوۋاينىڭ تامىقىغا ياردەملەشكىلى كىرگەن ئىدى. ئۇ ئېرىنىڭ سازى بىلەن ناخشىسىنى كۆڭلى يايرىغان ھالدا ئاڭلىدى. بولۇپمۇ «گۈل مەشۇق» ناخشىلىرىنى ئاڭلىغاندا، بىرنەچچە يىلدىن بېرى ئەسلەشتىن قالغان، ئەمما شۇ ناخشىلار بىلەن يۈرىكىگە ئوت چۈشۈپ، تالاي كېچىلەرنى ئۇخلىماي ئۆتكۈزگەن ئۆزىنىڭ قىزلىق مەزگىلى كۆز ئالدىدا نامايەن بولۇپ، ۋۇجۇدى شاتلىققا چۆمدى.




(ھېكايە)

**تۇرسۇن ياسىن**

قاراڭغۇ كېچە. بىر چامىدام نېرىدىكى نەرسىنى پەرق قىلغىلى بولمايتتى. ئارىلاپ سىم - سىم يامغۇر يېغىپ تۇراتتى. ئەتراپتىن كېچە جىمجىتلىقىنى بۇزۇپ ياۋا تۇڭگۇزلارنىڭ چىقارغان ئۈنى ۋە بۆرىلەرنىڭ ھۇۋلىشى ئاڭلىنىپ، كېچىنى تېخىمۇ سۈرلۈك تۈسكە كىرگۈزگەن ئىدى. سادىر پايانسىز سازلىقتا پۇتلىرىنى ئاران - ئارانلا يۆتكەپ كەلمەكتە. نەچچە كۈندىن بۇيانقى تىنىمسىز مېڭىش، ئاچلىق ئۇنى ھالىدىن كەتكۈزگەن ئىدى. ئۇ تۇرۇپ - تۇرۇپ قولىدىكى تاياققا يۆلىنىپ ئازراق دېمىنى ئېلىۋالاتتى ۋە ئەتراپتا قۇلاق سېلىپ بىرەر شەپىنىڭ يوقلۇقىغا كۆزى يەتكەندىن كېيىن، يەنە يولىنى داۋاملاشتۇراتتى. سازلىقنىڭ چېكى كۆرۈنىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. «دودىشاڭ، — دېدى سادىر ئەتراپقا كۆز يۈگۈرتۈپ، — پاشىلىرى بىرەر توقاچنى كۆتىرىپ قاچىدۇ دىگەن داڭقى بار دودىشاڭ مۇشۇ ئىكەن - دە...»

سادىر ئاڭ ئاتقىچە قانداقلا قىلىپ بولمىسۇن بۇ سازلىقتىن چىقىپ كېتىشى كېرەك ئىدى، چۈنكى ئۇ يامۇلدىن قېچىپ چىققاندىن كېيىن، مەنچىڭ چېرىكلىرىنىڭ ئىزىنى ئىزدەپ يۈرگەنلىكىنى بىلەتتى. ئۇ ھەر بىر قەدىمىنى پاتقاقتىن كۈچ بىلەن تارتىپ ئالاتتى ۋە چىشىنى چىشىغا بېسىپ ئالغا ئىلگىرىلەيتتى. ئۇ تىرىشىپ - تىرمىشىپ يۈرۈپ ئاخىرى بىر چاتقاللىق قۇرۇق يەرگە چىقتى ۋە ھاسا تايىقىنى يېنىغا قويۇپ ئازراق ئارام ئېلىۋېلىش ئۈچۈن ئولتۇردى، پەقەت شۇ چاغدىلا قوراي - چاتقاللار تىلىۋەتكەن ئاياقلىرىنىڭ زىڭىلداپ، ئېچىشىپ ئاغرىۋاتقانلىقىنى سەزدى. ئۇ يەنە بىر دەم مۇشۇ ھالەتتە ئولتۇرسا ئورنىدىن تۇرالماي قېلىشىدىن قورقتى، شۇڭا، پۈتۈن بەدىنىنىڭ ئۇرۇپ يەنچىۋەتكەندەك سىقىراپ ئاغرىۋاتقانلىقىغا قارىماي، يەنە ئۆرە بولدى، ئۇنىڭ پۇتلىرى ھالسىزلىقتىن تىترەيتتى، كۆزىگە

www.uyghurkitap.com

قاراڭغۇلۇق تىقىلاتتى. «غەيرەت قىل، سادىر! — دەيتتى ئۇ ئۆز-ئۆزىگە، — غەيرەتلىك بول!» بۇنداق چاغلاردا ئۇنىڭ ئېسىگە ھەرقاچان ناخشا كېلەتتى، يۈرىگىنىڭ قاتقېتىدىن ئۇرغۇپ چىققان مۇڭلۇق قوشاقلار ئۇنىڭ دەردىگە دەرمان، ۋۇجۇدىغا غەيرەت بېغىشلايتتى، مانا شۇ تاپتىمۇ ئۇنىڭ قەلبىدىن يالقۇنلۇق مىسرالار تىزىلىپ چىقىشقا باشلىدى:

ئەلەم كەلدى بېشىمغا،
تارتماسقا نىمە چارە.
ئەل يۇرتۇم ئازاپ چەكتى،
يۈرىگىم پارە-پارە.
................

سادىرنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى يېڭىۋاشتىن كۈچ-قۇۋۋەتكە تولغاندەك بولدى. قوساقنىڭ ئاچلىقى، پۇت-قوللىرىنىڭ كۆيۈشۈپ ئاغرىشلىرى، ھارغىنلىقلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇنتۇلدى. ئۇ ئۆزىنى خېلى يېنىكلىشىپ قالغاندەك ھېس قىلدى ھەم سازلىقنى بويلاپ يولىنى داۋاملاشتۇردى.

×

سادىر ئاخىرى يانبۇلاقتا يېتىپ كەلدى. ئۇ ھارغان ئىدى، ئازراق ئارام ئېلىش مەقسىدىدە بىر توپ قېرى كۆتەكنىڭ يىلتىزىغا بېشىنى قويدى-دە، كۆزىنى يۇمدى. ئۇنى ئاچلىقتىنمۇ بەتتەر ھارغىنلىق قىيناغان ئىدى. لېكىن يېقىنلا يەردىن ئاڭلانغان بۆرىلەرنىڭ ئەنسىز ھۇۋلىشى ئۇنىڭ شېرىن ئۇيقۇسىنى بۇزۇۋەتتى. كىچە جىمجىتچىلىقىدا يىرتقۇچلارنىڭ ۋەھشىلەرچە خىقىراشلىرى خۇددى ئۇنىڭ قۇلاق تۇۋىدىلا ئاڭلانغاندەك بولۇپ، ئۇنى سەگەكلەشتۈردى، سادىر چاچراپ ئورنىدىن تۇردى ۋە چۈشۈمىمۇ يا ئوڭۇمىمۇ دەپ ئەتراپقا قۇلاق سالدى. دەرۋەقە بۆرىلەرنىڭ سوزۇپ ھۇۋلىشى

ۋە ئاتنىڭ كىشنىگەن ئاۋازى ئاڭلىنىۋاتاتتى، سادىر تۈن قاراڭغۇسىدا ھېلىقى قېرى كۆتەكنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ئەتراپقا قارىدى. ئۇ سىنچىلاپ قاراپ دەرەخلەر ئارىسىدىن چىقىۋاتقان ئوت ئۇچقۇنىنى كۆردى-دە، دۆڭدىن پەسكە ئاستا سىيرىلىپ چۈشتى، مانا ئەمدى ئۇ ھەممىنى ئېنىق كۆردى: قاراڭغۇدا بىر بالا گۈلخان يېقىش بىلەن ئاۋارە ئىدى. بىر توپ بۆرىلەر ئوت بىلەن ھەپىلىشىۋاتقان بالىغا خىرىس قىلىپ بارغانسېرى يېقىنلاشماقتا، ئۇلار ئوتتىن ئانچە يىراق بولمىغان يەردە ئوتنى چۆرىدەپ چىشلىرىنى كاسىلدىتىپ، ھۇۋلاشماقتا ئىدى. بۆرىدىن ھۈركىگەن قويلار ھېلىقى بالىنىڭ ئارقىسىدا پىتىراشماقتا. بىر چەتتە تورۇۋسىنى بوغىزى بىلەن تاشلىۋېتىپ، يەرنى چاپچىپ، قۇلاقلىرىنى شىڭتايتقان ئات قاراپ تۇراتتى.

«ئىسىت، مۇشۇنداق چاغدا مىلتىقنىڭ يوقلىغى دىدى سادىر تىت-تىت بولۇپ ۋە مالچىنى قۇتۇلدۇرۇشنىڭ ئامالىنى ئىزدىدى. سادىر دەرھال پەسكە قاراپ يۈگۈردى. ئۇ، ئۆزىنىڭ گۈلخان ئەتراپىغا قانداق يېتىپ كەلگەنلىگىنى سەزمەي قالدى ۋە كەلگەن پېتى گۈلخاندا كۆيۈۋاتقان كالتەكلەرنى ئېلىپ بۆرىلەرگە قارىتىپ ئېتىشقا باشلىدى. بۆرىلەر بۇ تۇيۇقسىز ھۇجۇمدىن ئۆزلىرىنى يوقىتىپ، ئۇيۇر-تويۇر بولۇشۇپ تەرەپ-تەرەپكە قاراپ قېچىشقا باشلىدى. كالتەكلەر تۈگىدى، ھېلىقى بالىنىڭ يېنىدىن ئوتقا سالغان كۆسەيلىرىمۇ سادىرنىڭ ئارقا-ئارقىدىن ئېتىشىغا ئۈلگۈرمىدى. ھۇۋلاشلار بىر ئاز پەسەيدى. سادىر چالا كۆيگەن بىر تال كالتەكنى كۆتىرىپ بۆرىلەرنى ھەدەپ قوغلىماقتا ئىدى، شۇ ئەسنادا كەينىدىن ئېتىلىپ كەلگەن بىر بۆرى ئۇنىڭ كورەك جۇۋىسىنى چىشلەپ ئۈزۈۋالدى. سادىر غەزەپ بىلەن كەينىگە ئۆرۈ-

لۇپ ئۇنىڭغا تاشلاندى ۋە بۆرىنىڭ ئىككى قۇلىقىنى كاپ قىلىپ تۇتۇۋالدى. بۆرى چىشلىرىنى ھىڭگايتىپ سادىرنى چىشلەشكە ھەركەت قىلاتتى، سادىرمۇ ئۇنىڭ قۇلىقىنى قويۇپ بەرمەي بار كۈچى بىلەن ئۇنى سىلكىيتتى، قوساقلىرىغا تېپەتتى. ئاخىرى سادىر بۆرىنى ھالسىراتتى - دە، ئاستىغا بېسىۋالدى. ئۇ بۆرىنىڭ ئىككى قۇلىقىدىن تۇتۇپ، بېشىنى تاشلىققا ئۇرۇۋەردى، ئاخىرى بۆرى سۇنايلىنىپ يېتىپ قالدى.

— ئاكا! — دىدى قورقىنىدىن چىرايىدا قان قالمىغان بالا ئۇنىڭ قېشىغا يۈگۈرۈپ كېلىپ، — سىز كەلمىگەن بولسىڭىز بۆلار مېنى تىرىكلا يەپ قوياتتى...

— ئوغلۇم، نەدىن كېلىۋاتىسەن؟ بۇ كېچىدە قانداق بولۇپ يولدا قالدىڭ؟ — سادىر بۆرىدىن قولىنى ئاجرىتىپ، بالىنىڭ ئالدىغا كەلدى. بالا ئۇنىڭغا ئۆزىنى قىسىقچە تونۇشتۇردى.

— سېنىڭ ئىسمىڭ ئەسقەرمۇ؟ — دىدى سادىر ھەيران بولۇپ، — بۇ گەپچە سەن سورانچى قازاق ئاغىنەمنىڭ بالىسىكەنسەن - دە، ئۆيۈڭلەر ھازىرمۇ ئۇگۇڭدىكى مانجۇنىڭ جاڭزىسىدىمۇ؟

— ھەئە، — دىدى ئەسقەر.

— داداڭنىڭ ئەھۋالى قانداقراق؟

— ئاكامنى چېرىكلەر ئېتىۋەتكەندىن كېيىن، دادام تولا يىغلاپ كۆزى كۆرمەس بولۇپ قالدى...

سادىرنىڭ يۈرىگى جىغىدە قىلىپ قالدى.

— مۇنداق - دە،... بۇ مالنى نەگە ئېلىپ ماڭدىڭ؟

— كورە خانىغا...

— سەن ئاكاڭنى چېقىشتۇرۇپ ئۆلتۈرگەن مانجۇنىڭ مېلىنى ھەيدەپ ماڭدىڭمۇ؟ — دىدى سادىر ئەجەپلىنىپ.

— قانداق قىلىمىز، ئاكا؟ — دىدى بالا ھەسرەتلىنىپ، بويسۇنمىساق ئامالىمىز يوق، ھەممىمىز شۇ مانجۇنىڭ قولىدا ئۆلۈۋاتقان ئوخشايمىز. ئاڭلىشىمچە، كورە خانى باشقا جايلاردىن نۇرغۇن ئەسكەر يۆتكەپتىمىش. بۇ مالالارنى شۇلارغا سويۇپ بەرگۈدەك... ماڭا «ئەتە سەھەرگىچە يەتكۈزمىسەڭ، كاللاڭ ئېلىنىدۇ» دەپ بۇيرۇق قىلدى.

— ئۇنداق بولسا سەنمۇ يولۇڭغا ماڭغىن، — دىدى سادىر ئۇنىڭ يەلكىسىگە قېقىپ، — ساڭا دەيدىغان گەپ، تۆگە كۆردۈڭمۇ- يوق! ماقۇلمۇ؟

ئەسقەر باش لىڭشىتىپ ماقۇللۇق بىلدۈردى ۋە بۇرۇلۇپ خۇرجۇنىدىن ئىككى پارچە قۇرت، بىر زاغرا ناننى ئېلىپ سادىرنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قويماي يانچۇقىغا سېلىپ قويدى. ئاندىن ماللىرىنى ئالدىغا سېلىپ شەھەر تەرەپكە قاراپ مېڭىپ كەتتى.

— سادىرمۇ ھايال بولماي يولغا چۈشتى. ئۇ بىر ئاز مېڭىپلا يانپاش دۆڭ ئاستىدىكى بىر بۇلاققا يېتىپ كەلدى. بۇلاقتىن سۈپ - سۈزۈك سۇ بۇلدۇقلاپ ئېقىپ تۇراتتى. ئۇزاقتىن بۇنداق سۈزۈك، تازا سۇنى كۆرمىگەچكە سۇرتكۈدەك بولۇپ كەتكەن سادىر بۇلاقنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇردى ۋە سۈپ - سۈزۈك بۇلاق سۈيىنى قانغىچە ئىچتى. ئۇ ئەمدى ئۆزىنى خېلىلا راھەتلىنىپ قالغاندەك ھىس قىلدى. ئۇ، بۇلاق بويىدا بىردەم ئولتۇردى. ئۇنىڭ ئالدىدا يەنە قانچە - قانچە دۆڭ - يوتىلار، ئاقباش تاغلار، ساي - ئېدىرلار... بار، ئۇ شۇلارنى بېسىپ ئۆتكىچە يەنە قانچىلىك جاپا چېكەر؟ ئۇنى يەنە قانداق قىسمەتلەر كۈتۈپ تۇرىدىكىن؟ ئۇ مۇشۇلارنى ئويلىدى، سۆيۈملۈك يۇرتى، قەدىردان ئاتىسى، يارۇ - بۇرادەرلەر... ئۇنىڭ كۆز

ئالدىدىن بىر-بىرلەپ ئۆتۈپ، يۈرىگە-
دىكى سېغىنىش ئوتىنى تېخىمۇ كۈچەيتتى.
— «ئەل-يۇرتۇڭ ئامان بولسا، رەڭگى-
روھىڭ سامان بولماس» دىگەن گەپ بار،
مەن ئاۋال بۇرادەرلەرنى تېپىشىم كېرەك،—
دىدى سادىر ئۆز-ئۆزىگە. ئۇ قازانچىدىكى
قېرىنداشلىرىنىڭ قېشىغا تېزرەك يېتىپ بېرىش-
قا ئالدىرايتتى، مەنزىل تېخى ئۇزۇن ئىدى.
مانا شۇ تاپتا ئۇنىڭ قەلبىدىن يالقۇنلۇق
مىسرالار يەنە تىزىلىپ چىقىشقا باشلىدى:

يامۇلدىن قېچىپ چىقىپ،
ياتقان يېرىم يانبۇلاق.
خۇدايىمدىن تىلەيمەن،
ماڭا بەرسە بىر ئۇلاق...

تۇيۇقسىز ئاڭلانغان تونۇش بىرسىنىڭ
يىغا ئاۋازى سادىرنى چۆچۈتتى، ئۇ ئىتتىك
ئورنىدىن تۇرۇپ ئاۋاز چىققان تەرەپكە
قاراپ يۈگۈردى.

×

ئەسقەر قويلارنى ھەيدەپ بىر دۆڭدىن
ئۆتە-ئۆتمەيلا ئۇنىڭ ئالدىدىن قورالانغان
ئىككى ئاتلىق چېرىك چىقىپ كەلدى. ئۇلار
سادىرنى ئىزدەپ يۈرگەن يامۇلنىڭ چېرىكلىرى
ئىدى. چېرىكلەر ئەسقەرنىڭ ئالدىنى توسىدى:
— يولدا قاچقۇننى كۆردۈڭمۇ؟
— قانداق نىمە ئۇ قاچقۇن دىگەن؟
— بېشى قازاندەك، ئۆزى قاپلاندەك،
يۈرۈش-تۇرۇشى يولۋاستەك يوغان بىر
ئادەمنى كۆردۈڭمۇ؟
— ياق.
— ياق دەۋاتقىنىنى!
— مەن ئۇنىڭ كىم ئىكەنلىگىنىمۇ
بىلمىسەم.
— يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقى-
چە ھەممىسى بىلىدىغان پالۋاننى
بىلمەيمەن دەۋاتقىنىنى قارا بۇ
(ئاخىرى
مۆتىھەمنىڭ، تۇت، بۇنىڭ قويلىرىنى كاۋاپ
قىلىپ يەيمىز!
چېرىكلەر ئاتلىرىدىن چۈشكەن پېتى
خۇددى ئاچ بۆرىلەردەك قويلارغا ئېتىلدى.
— مېنى يولدىن قويماڭلار، بۇ قوي-
لارنى ئەتە ئەتىگەندە كۈرە خانىغا يەتكۈز-
مىسەم خان كاللامنى ئالىدۇ!...
چېرىكلەر ئەسقەرنىڭ يېلىنىپ-يالۋۇ-
رۇشلىرىغا قىلچىمۇ پىسەنت قىلمىدى، ئەك-
سىچە، ھەر بىرسى بىردىن قوينى تۇتۇۋېلىپ
يېقىنتى ۋە مىلتىق ئۇچىدىكى شىتىكنى
چىقىرىپ قوللىرىدىكى تىپىرلاۋاتقان قويلارغا
تەڭلىدى. ئەسقەر غەزەپتىن تىترەپ
كەتتى:
— بولاڭچىمۇ سىلەر؟!... قويلارنى
قويۇۋېتىڭلار!...
— ھەي هارامزادە، سەن تېخى بىزنى
تىللىماقچىما؟!
چېرىكلەردىن بىرسى قولىنى قويدىن
ئاجرىتىپ مىلتىغىنى شاراقشىتىپ ئەسقەرگە
تەڭلىدى.
— ۋايجان!— ئەسقەر قورقىنىدىن بار
ئاۋازىدا ۋاقىراپ يىغلىدى. سادىر باياتىدىن
شۇ ئاۋازنى ئاڭلىغان ئىدى. ئۇ ئۇچقاندەك
يۈگۈرۈپ ئۇلارنىڭ قېشىغا يېتىپ كەلدى ۋە
بىر قاراپلا ئەھۋالنى چۈشەندى. ئۇ قولىغا
ئەسقەرنىڭ پادا توخمىقىنى ئالدى. چېرىك-
لەر ئاسماندىن چۈشكەندەكلا پەيدا بولغان
سادىرنى كۆرۈپ بىردەم ھاڭ-تاڭ بولۇپ
تۇرۇپ قېلىشتى، كېيىن ئۇلار تەڭلا
ۋاقىراشتى:
— قاچقۇن!!!...
ھىلقى ئەسقەرگە پوپوزا قىلىپ مىل-
تىق تەڭلەۋاتقان چېرىك ئەسقەرنى قويۇۋې-
تىپ ئالاقزادىلىك ئىچىدە ئېتىغا قاراپ
يۈگۈردى. يەنە بىرسى ئەمدىلا مىلتىغىنى
126- بەتتە)

# سىردىشمەن ئاي بىلەن

باتۇر روزى

كېچىلەردە سىردىشمەن ئاي بىلەن،
ئوخشاش ھەمرا ماڭا قايغۇ ۋە شــاتلىق؛
ئەنە بوۋاق ئاي نۇرىغا كۆمۈلۈپ،
يۆشۈگىدە ئۇخلىماقتا بىر تاتلىق؛
ئۇ بايىلا قىسىپ ئۇماق كۆزىنى،
ئايغا ۋىلىق-ۋىلىق كۈلۈپ قارىغان؛
بۇدرۇققىنە قوللىرىنى ئۇزىتىپ،
ئاي نۇرىدەك ساقىلىمنى تارىغان؛
لەۋلىرىنى ياپراق كەبى تىترىتىپ،
«مە... مە» دىسە، كۆڭلۈم كۈلۈپ يايرىغان؛
ئەنە، ئەنە ئاغزىدا بار ئېمىزگە
ئانا ئايدەك ئاق سۈتىدىن ئايرىغان.
ئاھ، بۇ تۈندە تۈن رەڭگىدىن ئاق تولا،
بوۋاقمۇ ئاق، ئاسمانمۇ ئاق، ئايمۇ ئاق؛
بايا تېخى لەۋلىرىمۇ تىترىگەن،
تولۇن ئايدەك پىيالىمۇ،
چايمۇ ئاق.
قاشلىرىمغا كۆچكەنمىكىن ھىلال ئاي،
كىرپىكىمگە كۆچكەنمىكىن شولىسى؟!
قاىدۇرۇشقا ئۆز رەڭگىدە ساقالنى،
تەگمەمدىكىن قارا رەڭنىڭ چولىسى!
قىسماق كەبى ئېگىلگەن بۇ قەددىمگە،
ھىلال ئاينىڭ دۈمچەكلىگى كۆچكەنمۇ؟!
بوۋاق چېغىم، ئۆسمۈر چېغىم، ياش چېغىم،
بۇلۇت توسقان تولۇن ئايدەك ئۆچكەنمۇ؟!

باللىقنىڭ كەچۈرمىشى بىرمۇ-بىر
ئوي يىپىغا تىزىلماقتا مارجاندەك؛
ياشلىقتىكى ئەسلىمىلەر ئۆتمەكتە
تۈتەك باسقان يوللاردىكى كارۋاندەك...
بوۋاق چېغىم چىچەك ئازار بەرگەننى،
چوڭ بولغاندا ئاڭلىغانتىم ئانامدىن؛
نەپەسلىرىم بوغۇلغانىكەن نەچچە رەت
رەڭگىم سېرىق بولغان ئىكەن سامادىن.
مىسكىن ئانام تۈندە ئاران ئۇخلىتىپ،
ئايىغىمدا پوسما تىكىپ ئولتۇرغان؛
گاھ ئىڭرىسام مۈگدەك ئىچرە تولغىنىپ،
كۆزلىرىنى ياشلىرىدا تولدۇرغان.
چوڭ بولغىچە ئۆتكۈزدۈمغۇ ئۇيقۇسىز
ئازاپ ئىچرە تالاي-تالاي تۈنلەرنى؛
تۇرالامدۇ كىرپىكلىرىم نەم بولماي،
ئويلىغاندا ئاشۇ كەلمەس كۈنلەرنى؟!
غەزەپ بىلەن كۆز تاشلىغان نەچچە رەت،
ئاي نۇرىنى تورىۋالغان تۇمانغا؛
پارلىشىدىن چولپان بىلەن قۇياشنىڭ
تالاي قېتىم چۆكمىدىمۇ گۇمانغا.
مانا ئەمدى شۇ ئوماق ئاي، ئاپپاق ئاي،
ئاقلىقىدىن بەردى ماڭا بىر ئۈلۈش،
ئاق بەرمىدى كۈمۈش بەردى، كۈمۈش ئاي
ساقال كۈمۈش، چاچلار كۈمۈش، قاش كۈمۈش.
سەن سېزىسەن، يۈرىگىمدە بوۋاقنىڭـــ

ئارمىنىنىڭ يانغىنىنى ئوتقاشتەك؛
سەن كۆرسەن، بوۋاق بىلەن ئەتىلا
ئارمىنىمىنىڭ كۆلگىنىنى قۇياشتەك.
ئىشىنىمەن،
سەن كۆرسەن،
قەلبىدە —

ئاتا ئىشقى كۆلخان بولۇپ يانغانىنى؛
ئىشىنىمەن،
سەن كۆرسەن،
ئۆمرىدە —
تۈنجى ھايات لەززىتىگە قانغانىنى.

# تەسرات ئۈنچىلىرى

**مىرزاھىد كېرىمى**

## ئوت ھارۋا

ئوت ھارۋىنى سۆرەپ تۇلپار چاپىدۇ،
ئالغا چاپچىپ سىرىپ تىزگىن يۇشقۇرۇپ.
گۈزەل شەھەر، ئەلۋەك يېزا قالدۇ،
يولۇچىغا شەرۋەت سۇنۇپ، مەي سۇنۇپ.
قورقۇنچلۇق ئەجدىھاردەك سوزۇلغان،
سۇرلۇك ھەيۋەت تونىللاردىن ئۆتتۇدۇ.
تۈن قۇچىغى يىرۇپ سەھەر، ئوت ھارۋا،
ئاپپاق تۇمان دېڭىزىغا چۆكۈدۇ.
تۇمان يىرىپ چىقىپ كەلسە دالىغا،
يولىغا نۇر چاچار شەپەق جۇلالاپ.
ئېتىگىدىن تۆكۈدۇ زەر تاڭ قىزى،
قايرىپ شەلپەر رومىلىنى چاچ تاراپ.
بۇغا، مارال، كىيىك تاغىنىڭ باغرىدا
دۈتتۈپ قالار بەزەن غىل - پال كۆرۈنۈپ،
بىردىن ئەزىم شەھەر قۇچاق ئاچىدۇ
سانسىز گۈزەل چىرىغىنى يورۇتۇپ.
كۆرىنىدۇ دەل - دەرەخلەر — بوك ئورمان،
باھار كەبى چىچەكلىگەن قار قونۇپ.
باشلىنىدۇ يەنە چەكسىز باياۋان،
تىكىلگەن بۇ كۆزلىرىنى تالدۇرۇپ.
قايسى تامان باقساڭ تاشلىق ئويمان - دۆڭ،
گاھىدا قۇم بارخانلىرى پاقىرار.
گاھى سىرغىپ چۈشكەن ئىگىز تاغلاردىن،
قار سۇلىرى دولقۇنلىنىپ شاقىرار.
كۆرىنىدۇ تاختا - تاختا ئېتىزلار،
ئۈستىگە قار قونۇپ سۈتتەك ئاقارغان.
شۇ ئېتىزلار ئۆزرە يېشىل مايسىلار،
ئۇخلار گويا بولمىغاندەك زىمىستان.
كۆرىنىدۇ كۈمۈش تاجلىق چوققىلار،
بۇلۇتلارنى يىرىپ سوزغان كۆككە بوي.
باقسام تۇيغۇم ئويغىنىپ ھىس قوزغىلار،
ئەرشتىن كۆڭلۈم سارايىغا چۈشۈپ ئوي:
ئەي ۋەتىنىم! شۇنچە زىبا رەڭمۇ - رەڭ،
ئىكەن سېنىڭ كۆكسۈڭ، ئىللىق قۇچىغىڭ.
تا مەغرىپتىن مەشرىققىچە توشۇلۇپ،
ئاۋۇپ تۇرار مەئىشىتىڭ، ئۇزۇغىڭ.
ئوغلانىڭمەن پىدا قىلغان ساڭا جان،
ئاش - تۇزۇڭنى ھالال يېيىش پەرز ماڭا.
ئادا قىلسام خىزمىتىڭنى — تاپشۇرغان،
گەدىنىمدە قالماس بولۇپ قەرز يانا.
شۇڭا يولدىن ئازماي كېتىپ بارىمەن،
چاڭقىغىمنى باسار نەشپۇت، ئانارىم.
مەن مەنزىلگە كۆلۈپ يېتىپ بارىمەن،
كۆتۈپ ئالار بىلىم ئاتلىق نىگارىم.

www.uygurkitap.com

## گۈزەل دۇڭخۇاڭ

قەدىم دۇڭخۇاڭ قويدۇڭ مېنى ھەيرەتتە،
گۈزەللىكنىڭ پادىشاھى ئىكەنسەن!
مەدىنىيەت، ھۈنەر، سەنئەت كۆكىنىڭ
مەڭگۈ پاتماس نۇرلۇق ماھى ئىكەنسەن!
سۈرەت سىزغان تاملىرىغا مىڭ ئۆيىنىڭ
پەرىشتەمۇ، ھۆرىمۇ يا پەرىمۇ؟
ئويۇقلارغا نەقىش ئويغان، گۈل چەككەن،
ئۇستام كىمدۇ، ئەۋلىيامۇ، ۋەلىمۇ؟
ئەنە مەرمەر تەختتە غالىپ ئولتۇرار،
ئالتۇن ھاسا تۇتقان قاغان - شاھ سۇلتان.
ئەنە مەغرۇر شاھزادىلەر ئوينىشار،
ئات ئۈستىدە ئوق - يا ئېتىپ شادىمان.
ئەنە مۇڭلۇق ئاشىق يىگىت تىكىلەر،
ئاھۇ كۆزلۈك مەشۇقىغا - تەلمۈرگەن.
سەنئەتكارنىڭ ھۈنىرىمۇ، يا سۆيگۈ، —
كۆچمىدۇ بىر - بىرىگە تەلمۈرتكەن؟
ئەنە چىۋەر ھارماس كاسىپ - ھۈنەرۋەن،
رەڭدار گىلەم، شايى - ئەتلەس، كەشتىلەر...
زېمىن يېشىل، چەكسىز ئاسمان كىرىمسەن،
يـاپراقلاردا چاقنىغان نۇر - جىلۋىگەر.
ئەنە چالار سازەندىلەر سازىنى،
ئىشتىلگەندەك بولدى ئۈنى يىراقتىن.
ئەنە ئۇسۇل ئوينار، قارا ساچىنى
تاراپ قىزلار كۆيۈپ ئىشقى - پىراقتىن.
ئەنە قانلىق جەڭگاھ — شۇنچە ھەيۋەتلىك...
ئەجداتىمىز تاپقان ئىكەن زور قۇدرەت.
... گويا تىرىك ئادەملەردەك كۆرىنەر،
تام - تورۇسقا سىزىلغان شۇ ھەر سۈرەت.

×

ئۆڭكۈر ۋەيا كەپە ئەمەس، دۇڭخۇاڭنىڭ
ھەر ئۆيى بىر گۈزەل سەنئەت سارايى،
تارىخ ئېيتقىن، شۇنداق خۇشبۇي گۈل ئاچقان
قايسى دەۋران، مەردۇ - مەردان باھارى؟
ئەمەس ۋەلى، يا پەرىشتە، ئەۋلىيا،
ھەشەمەتلىك بۇ مىڭ ئۆينى ياسىغان.
ھەر يۈرەكنى قىلىپ مۇنچە مەھلىيا،
كىمدۇر ئەلگە مېھنەت ئەجرى يارىغان؟
ئۇ — بوۋىمىز، ئەجداتىمىز ئىجاتكار،
ھاياتىدىن سۈرەت سىزىپ قالدۇرغان.
جىسمىنى غەرق قىلسا سۆيگۈ - ئىپتىخار،
نىچۈن شېئىر يازماي يولدا شادىمان؟

## تاغلار

مەپتۇن بولدى كۆزۈم ئىگىز تاغلارغا،
ئۆسكەن قارىغاي ئارچا ئۇندا يەلپۈنۈپ.
ھەۋەس قىلىپ كەلگەن ئىدىم باغلارغا،
تاغ ئۈستىگە قالدىم يولدا تەلپۈنۈپ.
ئەمەس ئىكەن باققىلا خاس گۈل - چىچەك،
بار ئىكەن قار لەيلىسى مۇز تاغدىمۇ.
ئەي دىيارىم، گۈزەللىگىڭ يوقالماس،
رۇخسارىڭنى قار - مۇز باسقان چاغدىمۇ ...

## .... تۇندىمۇ

كىشنىگەندە ئوت ھارۋىنىڭ تۇلپارى،
توختىدى چاق بارا - بارا ئاستىلاپ.
بېيجىڭلىق قىز قويغاچ يولنى كۆرسىتىپ،
ئازماي يەتتىم تۇرار جايغا مەن شۇ تاپ.
بارسا ئەگەر تېنىمەستىن يول تېپىپ،
ماڭار ئىكەن بۇندا كىشى تۇندىمۇ.
ئاسماندا ئاي بولمىسىمۇ ئاق ئايدىڭ،
بولار ئىكەن بۇ شەھەردە تۇندىمۇ.

## خان سارىيى

راۋاقلار ئۆزرە سەيىر قىلدىممەن،
ئۆز نەقىش - گۈللەر ئەيلەپ مەھلىيا.
شۇمىدۇ ئىپارخانىغا خاس قەسىر،
ئەنبەرنىڭ بويى كەلگەن خۇش ھاۋا؟

زالىملار تاجى تۇرار چاڭ بېسىپ،
گۆردىدۇر ئۇلار، تەختى بوش قالغان ...

ئۈزۈپ خەلق پادىشادىن مېھرىنى،
لاۋۇلداپ بەرپا قىلدى ھۆر زامان.

## تىرىشچان قىز

سۆيۈپ ئۆتسە سالقىن شامال يۈزىنى،
ئانار كەبى كېتەر مەڭزى قىزىرىپ.
ئارام ئالماي باغدا كىتاپ ئوقۇيدۇ،
دالا گۈلى كەبى چېھرى ئېچىلىپ.

ئەسلەپ گاھى ئانىسىنى غەمگۈزار،
تارام-تارام بېشى بەتكە ئاقىدۇ.
گۈزەل تۇيغۇ، جۇشقۇن خىيال، ئىزدىنىش،
ئۈندەپ ئالغا ئوتلۇق قۇچاق ئاچىدۇ.

## بەررە كاۋاپ

ئىشتەي تارتىپ كاۋىپىغا ئۈدەكنىڭ
ماڭار ئىدىم ۋاڭپۇجىڭدا سەپ-سېلىپ.
مىغ-مىغ ئادەم دېڭىزىغا بىرلۈپ غەرق،
كەلدىم كوچا دوقمۇشىغا مەن يېتىپ.
ئاسمانغا بوي سوزغان كۆركەم بىنالار،
تۇرار ئويچان كۆزلىرىمنى چاقنىتىپ.
خۇش بۇي پۇراق كەلدى باقسام كەينىمگە،
پىشار زىختا كاۋاپ چوققا قاخلىنىپ.

«قوي گۆشىنىڭ كاۋىپى!» دەپ توۋلايدۇ،
سانجاق-سانجاق خېرىدارغا ئۇزىتىپ.
بادام دوپپا كىيگەن ئاشۇ مەرت يىگىت،
ئۈزىنى «مەن — شىنجاڭلىق» دەپ تونۇتۇپ.
پۇراق چاچار ئەتراپقا بەك يېقىملىق،
قوي گۆشىنىڭ ھىدى ئۇرۇپ دىماققا.
ئون زىخ يىدىم تارقاپ تەنگە ھوزۇرى،
ھەر كۈن كەلدىم، كۆنۈپ قېلىپ كاۋاپقا.

1984 - يىل، دېكابىر، بېيجىڭ.

# باش باھار لىرىكىسى

ئابلىمىت مۇھەممەدى

كېلىدۇ شوخ سابا ئەركىلەپ لەرزان،
ۋادىلار ئۈستىدىن يېنىك شۇڭغۇلاپ.
ئۆتىدۇ باغلارنى سىيپاپ ئويغىتىپ،
باغلارمۇ ناز بىلەن قويار قىمىرلاپ.

ئۈزىدۇ ئاق ماموق بۇلۇتلار كۆكتە،
زەر قۇياش تەبەسسۇم قىلىدۇ ئىللىق.
شاخلاردىن تامچىسا خۇشاللىق يېشى،
گۈپۈلدەر ساپ ھاۋا شۇنچە يېقىملىق.

چاراسلاپ سۇنۇلدۇ ئېقىنلاردا مۇز،
دەرمانسىز چۆكۈدۇ ئەگىز تېگىگە.
تىنىمسىز داۋالغۇپ چايقىلىدۇ سۇ،
چوكۇلداپ سۆيۈدۇ قىرغاق لېۋىگە.

سابانىڭ يەلپۈشى خۇشياققانمىكىن؟
كېرىلەر بەھۇزۇر ئەسنەپ ئانا يەر.
يا چاڭقاپ ئىچتىمۇ قانغىچە شەربەت؟
ئويغۇچان يۈزىدە تەپچىرەيدۇ تەر.

قۇشقاچلار دانلىشىپ چۇرۇقلىشىدۇ،
كۈن بويى ئىشلەپمۇ ھارمىغانمىكىن؟
تاقلىشار ھويلىدا ئوماق قوزىلار،
كۆڭۈللۈك ئويۇنغا قانمىغانمىكىن؟

www.uyghurkitap.com

كىشىلەر ئالدىراش ئىش بىلەن مەشغۇل،
تۆمۈرچى ئاتلارغا يەڭگۈشلەر تاقا.
پىشقەدەم ئېكىنچى ساپلىسا كەتمەن،
ياش دېخان رېمونت قىلىدۇ سوقا.

يۈزىنى ئۇپىلاپ ياسىنىپ ئاپتۇ،
كۆزگىلەر تېرىلغان دالا - ئېتىزلار.
بىپايان بوزلۇقنى كەلتۈرۈپتۇ چاڭ،
چاقچاقچى جۇۋانلار، ناخشىچى قىزلار.

شوخ سابا، كۆك يېرىپ سوققان شۇ شامال،
كۆكلەمنىڭ ئەلچىسى — باھاردىن دېرەك.
ئەتىلا ئويغىنىپ كۆكلەر مايسىلار،
بىخ سۈرەر مەجنۇن تال، پوتلا بوپ تېرەك.

جانلىنار تەبىئەت ياشىرىپ - ياشناپ،
قىش كېتىپ، ئەللىسا نېمەتلىك زېمىن.
نەۋ باھار پەيزىگە چۆمۈپ ھاياتلىق،
ئوقۇشار ھاياجان ئىچرە ئاپىرىن.

# ئىرادەم

**تەلئەت ناسىرى**

(يېڭى جەڭچى تىلىدىن)

كۆچەت ئۆسۈپ دەرەخ بولغىچە،
بۆسۈپ ئۆتەر قانچە ياز - قىشنى.
جاسارەتلىك ئادەم بولۇشقا،
باشلىدىم مەن يېڭى تۇرمۇشنى.

ئوخشىسىمۇ ئىنسان ھاياتى،
ئوخشىماسكەن مەنىسى بىراق.
قورقۇنچاقلار تۈتەكتەك بىخسىپ،
چوغ يۈرەكلەر ياشاركەن ئۇزاق.

جەڭچى دېگەن پەخىرلىك نامدا،
چاقناپ تۇرار ئەلنىڭ ئۈمىدى.
مەن شۇ نامنىڭ ئىگىسى بولغاچ،
ئۆستى تاغدەك قەلبىم غورۇرى.

مەن باردىمەن، يىراق - چېگرىغا،
ئانا ۋەتەن بۇيرىغان ياققا.
تومۇز، بوران، قار - شىۋىرغاندا،
ئايلىنىمەن ئۆچمەس چىراققا.

# بۇلاق سۈيى

**يۈسۈپجان ھېيت**

تىنىم تاپماي ئۇخچۇيدۇ بۇلاق سۈيى،
فونتانىمىدۇ، ۋولقانىمىدۇ ئۇنىڭ تۈۋى.
ھايات بېرىپ ئېكىنزارغا ئاقار تىنىماي،
ئەجەپ مۇڭلۇق ۋىلىق - ۋىلىق كۈلكە - كۈيى.

شۇ ناخشىدا ئويغىنىدۇ مۇنبەت ۋادا،
گۈل - چېچەككە پۈركۈنىدۇ چەكسىز دالا.
سۇغا قېنىپ يۈرەك باغرى يايرىغاندا،
لەۋ يېقىشىپ، گىرەدىشەر ياش مايسىلار.

چىمەن باغلار شۇ سۇ بىلەن ياشىرىدۇ،
چوكان ـ قىزلار سۇمبۇل چېچىن تارىشىدۇ.
چىچەك سۈيى نەۋ باھارنىڭ ھايات سۈيى،
مەجنۇن تاللار گۈلدىن ھۆسۈن تالىشىدۇ.

بۇلاق بىلەن ئۇلغىيىدۇ دەريا ـ ئېقىن،
مۇزلار ئېرىپ، سەل كەلگىچە، ئەلگە يېقىن.
خىسلىتىنى قۇياش بىلەن تەڭ بىلەر ئەل،
ئۆز باغرىدىن ئاجراتمايدۇ ئانا زېمىن.

ئاھۇدەك ئۇز كۆزلىرىدە تۇگۈلماس مۇز،
يالقۇنجايدۇ مۇھەببەتتە جىسمىدىن ئۇت.
يازدا سوغاق، قىشتا ئىسسىق، ئالىي خىسلەت،
خىسلىتىگە كار قىلالماس شىۋىرغان جۇت.

بۇ قىسمەتكە ھەيران بولۇپ تاڭ قالىمەن،
زەنجىرسىمان دولقۇنىغا زەڭ سالىمەن.
باغلار ئارا ئاقسا ئېقىپ، سۇلار تۇتۇپ،
كېچە ـ كۈندۈز ھەمرا بولۇپ تەڭ ماڭىمەن.

# باھار كەلدى يۇرتۇمغا

## نۇرىيە ئىلاخۇن

كەلدى باھار، گۈل باھار، جەۋلان بىلەن باشقىچە،
مېنىڭ ئانا يۇرتۇمغا يېڭى ھايات بېغىشلاپ.
ئىللىق باھار شامىلى چاچلىرىمنى يەلپۈتۈپ،
يۈزلىرىمنى سۆيمەكتە قايتا ـ قايتا يېنىشلاپ.
چوكان تاللار بىخ سۈرۈپ، كۆزنى ئاچسا ھاياتقا،
لالە ـ رەيھان غۇنچىلەر خۇشپۇرەكلەپ ئېچىلدى.
چالسا چاۋاك دەل ـ دەرەخ بىر ـ بىرىنى ئالقىشلاپ،
ئۆسۈل ئويناپ مايسىلار بۇ سورۇنغا قېتىلدى.

ئېپەك رومال پۈركىنىپ، باغلار ئېچىپ گۈلچىراي،
كاككۇك كۈلۈپ، بۇلبۇللار خەندان ئۇرۇپ سايرىدى.
ھەر تەرەپتىن نەغمىچى قۇشلار كېلىپ شاتلىنىپ،
بەزمە قۇرۇپ جەم بولۇپ ئەجەپ خوشال يايرىدى.
ئىخ، يۇرتۇمنىڭ باھارى، يۈرەك سۆيگەن نىگارى،
ناخشام بىلەن ئالدىڭغا سالدىم شوڭغا پايانداز.
چۈشتى بۈگۈن سەن بىلەن تۇمەن تۇلپار بەيگىگە،
يېتىلگۈسى چېپىلىشتا، سان ـ ساناقسىز چەۋەنداز.
گۈللە باھار، گۈل باھار، نۇرغا پۈركەپ جاھاننى،
خىسلىتىڭدىن يەر ـ زېمىن يېشىل كىمخاپ كىيىشسۇن.
كەڭ ئېتىزغا گۈل چەككەن قولى چىۋەر ئىشچانلار
ھالال ئەمگەك ئەجرىنىڭ شەربىتىنى ئىچىشسۇن.

www.uyghurkitap.com

# پارچىلار

### مىجىت تاش (ئوقۇغۇچى)

1

مەن يىغلاپ تۇغۇلدۇم، كۈلۈپ ياشايمەن،
ئۈمىت ۋە ھىسلارغا چۆمۈپ ياشايمەن.
كەلسىمۇ بېشىمغا ئالەمچە مۈشكۈل،
دات دىمەي مەردانە تۇرۇپ ياشايمەن.

2

ئالدىڭدا ھىجايسا ئالدامچى تۈلكە،
دىمىگىن سەن ئۇنى ھەقىقى كۈلكە.
ھەزەر قىل ئۇنىڭدىن چۈشمە دامىغا،
چۈنكى ئۇ قۇۋۇلۇقتا ھەممىگە ئۆلگە.

3

ۋەتەنىنىڭ قوينىدا قىلمەن سەيلى،
ئىجاتتىن تۆكۈپ تەر ئۇندۇرۇپ لەيلى.
ئۇ مېنى ئۆستۈردى قاتارغا قوشتى،
شۈكىلاشقا، بەختچۈن ئۆلسەممۇ مەيلى،

4

ئۇچۇرساڭ ئالدىمدا سەن مېنى ئەگىز،
دەپتىمەن بۇ ماڭا كۆيۈنەر چەكسىز.
ئاڭلىسام، ئارقامدىن قىلىپسەن غەيۋەت،
ھە بىلدىم، قۇۋ تۈلكە ئىكەنسەن شەكسىز.

# باھار كەلدى

### ئابدۇقادىر خېلىل

زىمىستان، چىللىنى قوغلاپ، قۇياش چىقتى، باھار كەلدى،
ئۇنىڭ ئىللىق نۇرى بىرلە يېزامغا ئۇز ناھار كەلدى.

ياشارتتى ئۇ ئېتىز، قىرنى، چىمەن باغلارنى گۈللەتتى،
راسا ئىشلەش ئۈچۈن تەنگە قۇۋۇەت، غەيرەت، مادار كەلدى.

جىمى جانىڭ تېنى ئاپتاپ كۆرۈپ شاتلاندى چىن دىلدىن،
يۇرەكنىڭ شاتلىغىغا كەڭ جاھان گويا كى تار كەلدى.

تۆمۈر ئات كىشنىشى كەگرى ئېتىزغا جان ئاتا قىلدى،
ئۇنى ھەيدەپ قەلەمقاشلىق قولى ئەپچىل نىگار كەلدى.

دىخان، مالچى بىلىن باغلاپ، تۇرۇپ يەك، پەشنى قىستۇردى،
راسا ئىشلەپ روناق تاپماق ئۈچۈن قىزىق بازار كەلدى.

تۆكۈلگەن ئەجرى - مېھنەتتىن چىچەك ئاچتى زىرائەتلەر،
زامان باقتى راسا ئىللىق بەخت - تەلەي قاتار كەلدى.

www.ukitap.com



# تەقدىر

(پوۋېست) ①

ئالىمجان ئىسمايىل

## 5

ئادىل بۈگۈن ئۇزاقتىچە ئۇخلىدى. دەرىزىدىن بالقىپ چۈشكەن باھار قۇياشىنىڭ ئىللىق نۇرى ئۇنىڭ يۈزىگە چۈشكەندىلا ئۇ ئويغىنىپ كۆزىنى ئاچتى. ئۇنىڭ زادى قوپقىسى يوق ئىدى. ئاخشام ئىچكەن ھاراقنىڭ تەسىرىدىن بېشى ئېغىرلىشىپ، لوقۇلداپ ئاغرىپ تۇراتتى.

ئۆيگە ئاپىسى ئايشەمخان كىردى.

— كۈن چۈش بولاي دىدى، قوپساڭچۇ ئەمدى، — دىدى ئۇ ئادىلغا، — گايىت ئاخۇن سېنى چاقىرىپ ئادەم ئەۋەتىپتۇ.

— نىمە ئىش ئىكەن؟ — ئادىل خوشياقماستىن سورىدى:

— باغنى شەخسلەرگە كۆتىرە بەرگۈدەكمىش، شۇڭا سېنى كەلسۇن دەپتۇ.

— مەن باغ ئالمايمەن، — ئادىلنىڭ ئەرۋايى ئۇچتى، — نىمە قىلسا، ئۆزلىرى قىلىۋالسۇن.

— ئۇنداق دىگىنىڭ بىلەن باغنى ئال-

مىساڭ ماغىشىڭنى بېرەمدۇ؟

— بەرمىسە چېكىسىگە تاڭسۇن.

— سەن ئىشلىمىسەڭ نىمە يەپ، نىمە كىيىمىز، ئۆينى ئويلىمامسەن؟ — ئايشەمخان ئوغلىغا كايىدى، — ھىلىمۇ چوپ-چوڭ ئەر تۇرۇپ ئۆينىڭ ھىچنىمىسى بىلەن كارىڭ يوق، ئەتىدىن-كەچكىچە سوكۇلداپ يۈرگىنىڭ يۈرگەن، بىرەر ئىشنىڭ بېشىنى تۇتساڭ بولاتتى، بالام...

— زادى كۆزۈڭلەردىن يوتسەملا بولامدۇ؟ — ئادىل ئاچچىغى بىلەن ئورنىدىن تۇردى، — شەھەرگە كىرىپ كوچا سۈپۈرسەمۇ كۈنۈم ئۆتەر...

ئانا ئوغلىنىڭ ھۆرپەيگەن ئەلپازىغا قاراپ ئېغىر ئۇھ تارتتى. ئۇ شۇ كەمگىچە ئادىلغا نۇرغۇن قېتىم چىرايلىق نەسىھەت قىلدى، لېكىن ئادىل باغۋەنچىلىككە زادىلا كۆڭۈل قويمىدى. ئۇ ئەتىگەندىن كەچكىچە لاغايلاپ يۈرەتتى. ماگىزىنغا كىرىپ بىكار

(1) بېشى ئۆتكەن ساندا.

تەلەتلەر بىلەن سائەتلەپ پاراڭ سېلىشىپ ئولتۇراتتى ۋە ياكى ئۆزىگە ئوخشاشلارنى يىغىۋېلىپ، تانسا ئۆگىنەتتى، ئانىسىنىڭمۇ، ئاچىسى سادەتنىڭمۇ گېپىنى ئاڭلىمايتتى. ئايشەمخان ئارزۇلۇق ئوغلىنىڭ يولدىن چىقىپ كەتكەنلىكىگە ئېچىنىپ، ئاھ چېكەتتى. «ئۆزەمدىنمۇ ئۆتتى، — دەيتتى بەزىدە ئۆز-ئۆزىگە، — دادا مېھرىگە قانمىدى دەپ ئۇز ئەركىگە قويۇپ بەردىم. دادىسى ھايات بولغان بولسىمۇ، ئۇنچىۋالا تاپتىن چىقىپ كەتمەس ئىدى ...» ئادىل پات-پاتلا ھادىسە تۇغدۇرۇپ تۇراتتى ۋە شۇ سەۋەپتىن ئايشەمخان غەم-ئەندىشىدىن بىردەممۇ خالى بولالمايتتى. ئادىلنىڭ ھازىرقى گېپى ئۇنىڭغا شۇنچە ئەلەم قىلدىكى، ئۇنىڭ كۆز چاناقلىرى يەنە ياشقا تولدى.

ھويلىدا بىرسىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى ۋە ھايال ئۆتمەي ئىشىكتە جاپپار پەيدا بولدى.

— ھە، ئايشەمخاچا، تېچلىقمۇ؟ — دىدى جاپپار قىزغىن ئەھۋال سوراپ ۋە ئايشەم-خاننىڭ كۆزىدىكى ياشنى كۆرۈپ ھەيران بولدى، — يىغلاپسىغۇ، نىمە بولدى؟ ئادىل رەنجىتتىمۇ-يا؟

جاپپار ئۇزۇندىن بۇيان بۇ ئۆيگە كەلمىگەن ئىدى. بۈگۈن ئۇنىڭ تۇيۇقسىزلا كېلىشى ئايشەمخاننى گاڭگىرىتىپ قويدى. ئۇ كۆز يېشىنى ياغلىقىنىڭ ئۇچى بىلەن ئەرتتى-دە، كۆلۈمسىرەشكە تىرىشتى:

— جاپپاراخۇن، كەلسىلە، يۇقۇرى ئۆتسىلە. — دىدى ئۇ ئۇھ تارتىپ، — ئادىلغا ئۆزلىرى بىر گەپ قىلسىلا.

— نىمە بولدى؟ — جاپپار چۈشەنمەس-تىن سورىدى.

— ھەرقايسىلىرى باغنى كۆتىرە بىرىمىز، دەپ چاقىرتىپتىكەنلا، بۇ بالا بار-غىلى ئۇنىماي كاجلىق قىلىۋاتىدۇ.

— ھە، شۇ گەپمىدى؟ — جاپپار مىيىغىدا كۈلۈپ قويدى ۋە ئادىلغا قارىدى، — كۆتىرە ئېلىشنى خالىماسەن؟

— ئالمايمەن!

— دىمىسىمۇ مۇشۇ باللار باغنى قاند-داق باشقۇرۇپ كېتەلەيدۇ؟ — جاپپار ئادىلنى قۇۋۋەتلىدى، — بۇمۇ بىر گەپ دىسىلە ئاي-شەمخاچا، ئابلىز كىلەر-كەلمەيلا ئىشلارنى بۇزغىلى تۇردى. قوشباغ ئىلگىرىكىسىن بىر چۆكمىلىدىغان بولدى-دە. ئەمدى قانداق قىلاي دەيسەن؟

— نوپۇسىمنى بېرىڭلار، كېتىمەن! — ئادىل دوماسايغان ھالدا دىدى.

— ھەي ئەخمەق، سەرگەردان بولاي دەمسەن؟ — جاپپار مەسخىرە بىلەن كۈلدى، — ئاناڭنى شۇڭا يىغلىتىپسەن-دە؟

— جاپپار، جېنىم ئۇكام، مەن سىلىدىن ئۆدۈنىيا-بۇدۇنىيا خوش بولاي، مۇشۇ بالىنى باشقىچىرەك بىرەر ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويسىلا، — دەپ يالۋۇردى ئايشەمخان.

— مەنمۇ مۇشۇ ئىش توغرىلىق كەل-گەن، — دىدى جاپپار گېلىنى قىرىپ قويۇپ، — ئادىل، ماشىنا ھەيدەشنى خالامسەن؟

— قايسى ماشىنىنى؟ — ئادىل ئالدىراپ سورىدى.

— كىچىك ماشىنىنى، شىياۋلىزىنى يۆتكىۋېتىدىغان بولدۇق، قاندىق؟ بۇ ئىش-قۇ بولار؟

ئادىل خۇشاللىقتىن ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى، ئۇ ھاياجانلانغانلىقىدىن نىمە دىيىشنى بىلمەي قالغان ئىدى.

— بۇ ئىشنى ئابلىزغا دىمىدىم، سەن ئۇنى موتوتسىكىلىتتا باستۇرۇۋەتكىلى تاس قاپسەن، ئۇ ئىش كۆڭلىدە بار دىگىنە.

— ۋاي خۇدايىم، يەنە جىدەل چىقارغان

www.uyghurkitap.com

ئوخشىمامسەن؟ — ئايشەمخان خاۋاتىرلىنىپ سورىدى.

— مەن ئۇنى تونۇمىدىم - دە، — ئادىل ئاچچىقى بىلەن دېدى، — ئابلىز ئىكەنلىكىنى بىلسەم چەيلىۋەتكەن بولاتتىم. ئۇنىڭ بىزگە قىلغىنى ئازمۇ؟

— جېنىم بالام، ئۇنداق دېمە، ئۇنىڭ بىلەن ئېيتىشىپ پايدا ئالالمايسەن، ئۇنىڭ ھوقۇقى بار، نېمە قىلىمەن دېسە، قىلالايدۇ. مانا جاپپاركاڭ بېشىڭنى سىلاۋاتىدۇ، ئەمدى تېچقىنا ئىشلىگىن، — ئايشەمخان جاپپارغا مىننەتدارلىق بىلدۈردى، — رەھمەت سىلىگە جاپپار ئۇكام، بىزدىن يانمىسا خۇدايىمدىن يانار.

— ئەمدى مېنىڭ قولۇمدىن كېلىدىغىنى شۇ ئىكەن. ئابلىزدىن ياخشىلىق كۈتكىلى بولمايدۇ، ھازىرمۇ كېلە - كەلمەيلا ھەممە ئىشنى ئۆز ئالدىغا تارتقىلى تۇردى.

— خۇدايىم ئۇنىڭمۇ بىر كۈنى جاجىسىنى بېرەر.

جاپپار ئابلىزنىڭ ئۈستىدىن يەنە بىردەم دەرت تۆكۈپ بولغاندىن كېيىن، ئاخىرىدا ئايشەمخانغا ئالاھىدە تاپىلىدى:

— ھەرقانداق ئىشلىرى بولسا بارسىلا، قولىمىزدىن كەلگىچە ياردەم قىلىمىز.

بۇ تۇيۇقسىز ئامەتتىن ئادىلنىڭ بېشى ئاسمانغا يەتكۈدەك بولدى ۋە جاپپار بىلەن بىللە بېرىپ ماشىنىنى تاپشۇرۇۋالدى. ئادىلنىڭ نەچچە ۋاقىتتىن بۇيانقى ئارزۇسىمۇ شۇ ئىدى، ئۇ بىر مەزگىل تىراكتورمۇ ھەيدەپ يۈردى. لېكىن تىراكتورنىڭ جاپاسىغا چىدىمىدى، شۇڭا تىراكتورنى تاشلاپ باغۋەنچىلىك ئەترىتىگە قايتىپ كەلگەن ئىدى. راستىنى ئېيتقاندا، ئۇ شېرىنگۈلنى دەپلا قايتىپ كەلگەن ئىدى. بۇ يەردە شېرىنگۈل بىلەن ھەر كۈنى ئۇچرىشىپ تۇرغىلى بولاتتى.

ئۇ شېرىنگۈل بىلەن بىللە ئۆسۈپ چوڭ بولغان ۋە بىللە ئوقۇغان ئىدى. ئۇنىڭ نەزىرىدە، قوشباغدا ئۇنىڭدىن چىرايلىقراق قىزمۇ يوق ئىدى. ئۇ شېرىنگۈلنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانىدەك چۆگىلەپ يۈرۈپ ئۇنى ئاخىرى ئىندەككە كەلتۈردى ۋە ئۆمۈرلۈك جۈپ بولۇشقا پۈتۈشتى. ئاتا - ئانىلار بۇ ئىشنى ئاڭلاپ رازى بولۇشتى ۋە تويىنىڭ تەييارلىقىغا كىرىشكەن ئىدى.

ئادىل كىچىك ماشىنا ھەيدەشكە باشلىغاندىن كېيىن، ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۇنىڭ تۇرمۇشىدا يېڭى بىر ئۆزگىرىش بولۇپ ئۆتتى. بىر كۈنى كەچكە يېقىن ئۇنىڭ قېشىغا ئابلەت كەلدى. ئادىل ئۇنىڭ بىلەن خېلى يېقىن ئۇلپەتلەردىن ئىدى. ئۇ پات - پاتلا ئادىلنى ئولتۇرۇشلارغا بىللە ئاپىرىپ ئوينىتىپ كېلەتتى.

— ھە، شوپۇر، نېمە قىلىۋاتىسەن؟ — دېدى ئۇ ئادىلنىڭ قېشىغا كېلىپ.

— ماشىنىنى تازىلاۋاتىمەن.

— ئىشىڭ بولمىسا بۈگۈن كەچتە ئايلىنىپ كەلمەيمىزمۇ؟

— نەگە بارىمىز؟

— شەھەرگە، بىر ئاغىنەم كەچكى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلغان ئىدى، بارامسەن، زېرىكىپمۇ قالغانسەن؟

ئادىل دەرھاللا ماقۇل بولدى.

— بارساق بارايلى، ھازىرلا ماڭامدۇق؟

— كېيىملىرىڭنى يەڭگۈشلىۋال، بولمىسا قىزلار ئۈركۈپ كېتىدۇ.

جىپ ماشىنا چارەك سائەتتىن كېيىن شەھەرگە قاراپ ئۇچتى. ئۇلار بىردەمدىلا شەھەرگە يېتىپ كەلدى، ئەركىن بازاردىكى ئاشخانىلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈۋاتقاندا ئابلەت ئادىلنى توختاتتى.

— قوساقنى سەل توقلىۋالمايلىمۇ؟

ئادىل قارشىلىق قىلمىدى. ئۇلار ئاشخانىغا كىرىشتى. تاماق يەپ بولغاندىن كېيىن، ئابلەت يۈگۈرۈپ چىقىپ كېتىپ «ئىلى داچۇ» دىن بىرنى كۆتىرىپ كىردى.

— ئازراقتىن ئىچىۋالىلى، بولمىسا شەھەرنىڭ گۈزەللىرى ئالدىدا ئادەم تارتىنىپ قالىدۇ،— دىدى ئابلەت ۋە پىيالىگە توشتۇرۇپ هاراق قۇيدى،— قېنى، بۈگۈنكى تاماشىنىڭ كۆڭۈللۈك بولىشى ئۈچۈن ئىچىۋىلىق!

يېرىم سائەتلەردىن كېيىن ئۇلار ئاشخانىدىن خورازنىڭ تاجىسىدەك قىزىرىپ چىقىشتى. كەچ كىرىپ، قاراڭغۇ چۈشۈپ قالغان ئىدى، ئابلەت ئادىلنى ئاغىنىسىنىڭكىگە باشلاپ كەلدى. ئۇلار ئۆيگە كىرگەندە ئۆي ئىچى رەڭگا-رەڭ كىيىنگەن قىز-يىگىتلەر بىلەن تولغان ئىدى. ئادىل خېلى قىزىۋالغان بولسىمۇ، قىزلارنى كۆرۈپ سەل هودۇقۇپ قالدى. قانداقتۇ هەممىسى ئۇنىڭغا قاراۋاتقاندەك، زاڭلىق قىلىپ كۈلۈۋاتقاندەك بىلىنىپ، ۋۇجۇدىغا تىترەك ئولاشتى. ئابلەت ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسىنى تونۇيدىكەن. ئۇ ئادىلنى يىگىتلەرگە تونۇشتۇردى. بىردەم يەپ-ئىچكەندىن كېيىن ئۇستەللەر چەتكە تارتىلىپ تانسا باشلاندى. دەرىزە تەكچىسىگە قويۇلغان چوڭ ئۈنئالغۇدىن چەتئەل مۇزىكىسى ياڭراشقا باشلىدى. ئادىل بىر چەتتە قورۇنغان هالدا ئولتۇراتتى. بىر چاغدا ئابلەت سىبرىق چاچلىق، زىلۋا بويلۇق بىر قىزنى باشلاپ ئادىلنىڭ ئالدىغا كەلدى:

— تونۇشۇپ قويۇڭلار،— دىدى ئۇ قىزغا ئادىلنى كۆرسىتىپ،— بۇ مېنىڭ ئاغىنەم، ئىسمى ئادىل، بۇ قىزنىڭ ئىسمى ئادالەت، ئىسمىڭلارمۇ يېقىن كېلىدىكەن، تاهىر-زۆهرە دىگەندەك...

ئابلەت كۈلگىنىچە ئادىلغا كۆزىنى قىسىپ قويدى. ئادالەت ئادىلغا باشتىن-ئاياق زەڭ قويۇپ قارىدى ۋە ناز بىلەن كۈلۈپ قويدى. بۇ گۈزەل قىزنىڭ تەبەسسۇمى ئادىلنى هودۇقتۇرۇپ قويدى ۋە بويۇنلىرىغىچە قىزىرىپ كەتتى. شۇ ئارىلىقتا ئابلەت ئادىلنى نوقۇدى:

— ئادالەت بىلەن ئوينا، ئاداش.

ئادىل تەمتىرەپ ئورنىدىن تۇردى. هاياجاندىن ئۇنىڭ پۇت-قوللىرى كالۋالىشىپ كەتكەن ئىدى.

— مەن تانسىنى ياخشى بىلمەيتتىم،— دىدى ئادىل ئادالەتنىڭ نازۇك بېلىنى ئاۋايلاپ تۇتۇپ.

— سىز بەكمۇ كەمتەر ئىكەنسىز،— دىدى ئادالەت ئۇنىڭغا ناز بىلەن كۈلۈپ.

ئادالەتتىن كىشىنى مەس قىلغۇدەك كۈچلۈك ئەتىر هىدى كېلەتتى، ئۇنىڭ يېشىل پوپايكىسىنى كۆتىرىپ تۇرغان كۆكسى ئادىلنىڭ كۆكرىكىگە تېگەي-تېگەيلا دەپ تۇراتتى، ئادىل نىمە دەپ گەپ باشلاشنى بىلمەي قالدى، ئاخىرى ئادالەت ئۇنى بۇ قىيىن ئەهۋالدىن قۇتۇلدۇردى.

— سىزمۇ قوشباغدا ئىشلەيدىكەنسىز-دە؟

— هەئە.

— يېزىدا زېرىكمەمسىلەر؟

— زېرىكسەكمۇ قانداق قىلىمىز؟ مېنىڭغۇ ئۇ يەردە بىر سائەتمۇ تۇرغۇم يوق.

— ئۇنداق بولسا، شەهەرگە كېلىۋېلىشىڭ ئامالىنى قىلمامسىز؟

— مەندە نىمە ئامال بولسۇن؟

— ئەگەر سىز رازى بولسىڭىزلا مەن ئامالىنى قىلىپ باقاي.

ئادىلنىڭ يۈرىكى ئويناپ كەتتى. ئۇ هاياجان بىلەن ئادالەتكە قارىدى. ئادالەتنىڭ كۆكۈش كۆزلىرى ئۇنىڭغا تەبەسسۇم

بىلەن تىكىلىپ تۇراتتى، ئۇنىڭ قۇشتەك يېنىك قامىتى ۋە ئاپپاق بويۇنلىرى رىۋايەتلەردىكى پەرىزاتلارنى ئەسلىتىپ، ئادىلنىڭ زوقىنى كەلتۈرەتتى. مانا شەھەر قىزلىرى دىگەن، ھەقىقەتەن گۈزەل، گۈلگە ئوخشايدۇ، شىرىنگۈلچۇ؟ ئۇنىڭدىن تويپا بىلەن كۆك بۇيىنىڭ ئاچچىق پۇرىغى كېلىدۇ، قوللىرى قاپىرىپ قېتىپ كەتكەن ...

ئادىل ئادالەت بىلەن بىرنەچچە قېتىم تانسا ئوينىدى. بۇ جەرياندا ئۇلار خېلى سىردىشىپمۇ ئالدى. شۇ تاپتا ئادىلنىڭ كۆزىگە ئادالەتتىن باشقا ھېچكىم كۆرۈنمەيتتى. ئادالەت ئۆزىنىڭ ئەۋرىشىم قامىتى، يېقىملىق تەبەسسۇمى بىلەن ئۇنى ئۆزىگە ئەسىر قىلىۋالغان ئىدى. ئولتۇرۇش ئاخىرلاشقاندا ئادىل ئادالەتنى ئۆيىگە ئاپىرىپ قويۇشنى تەكلىپ قىلدى، ئادالەتمۇ شۇ ھامان ماقۇل بولدى.

چىراقلار غۇۋا يورۇپ تۇرغان جىمجىت كوچىدا ماشىنا ئۇچقاندەك كەلمەكتە. ئادىل ئادالەتنىڭ ئالدىدا شوپۇرلۇق ھۈنىرىنىڭ ھەممىسىنى نامايەن قىلىشقا ئۈلگۈردى. ماشىنا تېز ماڭغاندا ئادالەت قورققىنىدىن ئادىلنىڭ بىلىگىگە يېپىشىۋالاتتى ۋە:

— ئاستاراق، ئادىل! ... قورقىمەن ... — دەيتتى ناز بىلەن يالۋۇرۇپ. ئۇنىڭ بۇدرە چاچلىرى ئادىلنىڭ يۈزلىرىنى غىدىغلاپ، ئۇنى چەكسىز شاتلىققا چۆمدۈرەتتى.

ئادىل ئادالەتنى ئاپىرىپ قويۇپ قايتىپ كەلدى. كوچىنىڭ دوقمۇشىدا ساقلاپ تۇرغان ئابلەت ئۇنى كۆرۈپ چاقچاق قىلدى:

— مەن تېخى سېنى ئادالەت بىلەن بىللە كېتىدىغان ئوخشايدۇ، دەپ ئەنسىرىگەن ئىدىم. چىقىشىپ قالدىڭمۇ نىمە؟

ئادىل جاۋاپ ئورنىغا كۈلۈپ قويدى ۋە ئۇدۇلدىكى دۇكاننى شەرەت قىلدى:

— يۈرە، يۈز گىرامدىن ئىچەيلى.

ئۇلار ئۇدۇلدىكى قاۋاقخانىغا كىردى. ئادىل بىر بوتۇلكىنى ئالدى-دە، پۈكەي ئۈستىدىكى ھېجىرغا تولدۇرۇپ قويدى:

— ئىچە ئاداش، بۈگۈن مېنى كۆڭۈللۈك تاماشىغا باشلاپ كەلگىنىڭ ئۈچۈن ئىچ!

ئابلەت ئۇنىڭغا مەنىلىك قاراپ قويدى.

— ئادالەت ئۈچۈن! — ئابلەت ھېجىردىكى هاراقنى كۆتىرىپلا ئىچىۋەتتى ۋە قولى بىلەن ئاغزىنى سۈرتتى، — قانداق، ئادالەت قالتىسكەن؟ بىلەمسەن، ئۇ كىمنىڭ قىزى؟

ئادىل تېڭىرقىغان ھالدا بېشىنى چايقىدى.

— دىخانچىلىق ئىدارىسىدىكى يۈسۈپ جۈيجاڭنىڭ قىزى، جۇمۇ.

ھەيران بولغىنىدىن ئادىلنىڭ كۆزلىرى چەكچەيدى. «دىدەك شۇڭا يۆتكىلىش ئىشىغا مەن ياردەم قىلاي، دەپتىكەن-دە» دەپ ئويلىدى ئۇ ۋە ئۇنىڭ كۆڭلى ئۈمىت ئۇچقۇنى بىلەن پارلىدى.

— ھەي، — دىدى قىزىۋالغان ئابلەت تاماكا يۆگەۋېتىپ، — سەن بىلەن بىز تازىمۇ تەلەيسىز، پىشانىمىز تەتۈر ئىكەن. ئاشۇ سەرايى قىيامەتتە تويپىغا مىلىنىپلا جاھاننىڭ راھىتىنى كۆرمەي ئۆتۈپ كېتىۋاتىمىز-دە، شەھەردىكىلەرنى كۆردۈڭمۇ، ئۇلارنىڭ ھاياتى نىمە دىگەن كۆڭۈللۈك، ھەر كۈنى ئويۇن-تاماشا ... بىزنىڭ قوشباغدا نەشپۈتنى ئۇنداق تىكىپ، مۇنداق پەرۋىش قىلىپ، مىڭ تونىنا ۋەزىپىنى ئورۇنلاش ئۈچۈن كۈرەش قىلىپ ... دىگەندىن باشقا گەپ يوق، مەن يۆتكىلىپ كېتىشكە ھەركەت قىلىۋاتىمەن. سەنمۇ يۆتكىلىشنىڭ ئامالىنى قىل، ئابلىز بىزگە كۈن بەرمەيدۇ، ... ھە، راست، شىرىنگۈل بىلەن قانداق بولۇشتىڭلار؟

— ئۇنىڭ گېپىنى قويغىنا، تاشلايمەن.

— ئۇنداق بولسا ئىشىك ئوڭ، ئادالەتنى چىڭ تۇت، ئاداش. ئۇ دادىسىنىڭ ئەتىۋارلىق قىزى، سېنى چوقۇم يۆتكىۋالىدۇ.

ئادىل شۇ تاپتا ئادالەتنى، ئازادە ياسانغان ئۆيلەرنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، كۆڭلى يايرىدى ۋە ھىجرىدىكى ھەممە ھاراقنى بىراقلا كۆتىرىۋەتتى.

ئۇلار قاۋاقخانىدىن چىققاندا تەڭ كېچە بولغان ئىدى. ئادىل دەلدەڭشىگەن ھالدا رولغا چىقتى ۋە ماشىنىنى ئۇچقاندەك ھەيدەپ ماڭدى. ئۇنىڭ كۆزى يۇمۇلۇپ-يۇمۇلۇپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا يول يوقتەك، خۇددى چەكسىز تۈزلەڭلىكتە كېلىۋاتقاندەك بىلىنەتتى. ئابلەت ئۇنىڭ قېشىدا ئورۇندۇقتا قىڭغىيىپ ياتاتتى.

ئادىل ماينى بولۇشىغا باستى، ماشىنا يولقىنىپ ئالدىغا ئېتىلدى ۋە ئادىل ئۆزىنى ئوڭشاپ بولغىچە كۆتەرمە يولدىن پەسكە قاراپ ئاغدۇرۇلدى.

6

كۈنلەر ناھايىتى ئالدىراش ئۆتۈۋەتكەن ئىدى. كۈندىن-كۈنگە ئىسسىۋاتقان قۇياش تەسكەي يەرلەردىكى ئاخىرقى توڭلارنىمۇ ئېرىتىۋەتتى. يەرلەر ئۆپكىدەك يۇمشاپ كەتتى. شۇ كۈنلەردە باغ ئىچى ياش-قېرى ئادەملەر بىلەن تولغان ئىدى. باغلار ھارام شاخلارنى پۇتاۋاتقانلار، ئوغۇت توشۇۋاتقانلار ۋە نەشپۈت غولىنىڭ قوۋزىقىنى قىرىۋاتقانلارنىڭ ۋاراڭ-چۇرۇڭىغا، كۈلكە-چاقچاقلىرىغا تولغان ئىدى.

ئابلىزمۇ بۇ كۈنلەردە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن خىزمەتكە چۆكۈپ كەتتى. ئۇ ھەر كۈنى سەھەردە تۇرۇپ، چالا-بۇلا ناشتا قىلاتتى-دە، ئەترەتلەرگە چاپاتتى، ئاخشىمى ھارغانلىقتىن پۇتلىرىنى ئاران سۆرەپ ياتىقىغا كېلەتتى، كەچلىكى ئۇ يەنە بىرىنچى ئەترەتكە — تېخنىكا كۇرسىغا دەرس ئۆتكىلى باراتتى. ئۇ ھەرقانچە زۆرۈر ئىشى بولسىمۇ دەرسكە كېچىكمەيتتى. شۇڭلاشقىمۇ ئوقۇيدىغانلارنىڭ سانى بارغانسېرى كۆپەيگەن ئىدى. ئۇ يېرىم كېچە بولاي دېگەندىلا بىكار بولاتتى ۋە كارۋاتقا ئۆزىنى تاشلاپ ئەتىكى پىلانلار ئۈستىدە خىيال سۈرگىنىچە ئۇيقۇغا كېتەتتى. ئۇنى مەيداننىڭ تۈگىمەس ئىشلىرى خۇددى ئۆمۈچۈك تورىدەك چىرماپ، ئۇنى قوشباغقا مۇستەھكەم باغلىماقتا ئىدى.

ئۇنىڭ شۇنچە جاپا تارتقىنىغا يارىشا قوشباغدا خېلى زور ئۆزگىرىشلەر بولىۋاتاتتى، باغلارنى كۆتۈرە بېرىش ئىشى خېلى ئوڭۇشلۇق يولغا قويۇلدى، باغۋەنلەر ئىشەنچ ۋە غەيرەت بىلەن ئىشقا كىرىشىپ كەتتى، ئادەتتە ئايلاپ سوزۇلىدىغان ئىشلار بىرەر ھەپتىنىڭ ئىچىدە كۆڭۈلدىكىدەك پۈتىدىغان بولدى. ئەمدى ئابلىزنى ئەنسىرىتىۋاتقان بىرلا نەرسە — ھاشارەتلەر ئىدى. بەزى باغلاردا گەزلىمىچى قۇرۇت تىرىلىپمۇ بولغان ئىدى. بۈگۈن چۈشتە سۈك جەنىڭ بىرىنچى ئەترەتتىن بىرنەچچە تال قۇرۇت تېرىپ ئەكەلدى. مانا ھازىر ئابلىزنىڭ ئالدىدا ئاق ياللىراقتا يۆگەلگەن ئاشۇ قۇرۇتلار تۇرۇدۇ، ئۇلارغا قانداق تاقابىل تۇرۇش كېرەك؟ ئابلىزنىڭ ئىگەللىشىچە، ئۆتكەن يىلى قوشباغدا بۇ قۇرۇتنىڭ زىيىنى 50 پىرسەنتكە يەتكەن ئىدى، نەچچە كۈندىن بۇيان بۇ قۇرۇتنىڭ لىچىنكىلىرىنىڭ تىرىلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن دەرەخ قوۋزاقلىرى قىرىلغان بولسىمۇ، لېكىن توپا ئاستىلىرىدا قىشلاپ قالغانلىرىنى يەنە ئاز دېگىلى بولمايدۇ، ئەگەر ئۇنىڭ بىرنەچچىسىلا دەرەخكە

چىقىپ كەتسە، بىرەر ئايغا قالماي كۆپىيىپ مىڭ، مىليونغا ئايلىنىدۇ، ئۇ چاغدا ئۇنىڭ ئاپىتىنى تەسەۋۋۇر قىلىشىمۇ تەس.

ئابلىز ھاشارەتچىلىك ھەققىدىكى يېقىندىن بۇيان چىققان كىتاب-ژورناللارنى بىر قۇر ئاختۇرۇپ چىقتى. لېكىن ئۈنۈملۈك بىرەر چارە تاپالمىدى، بىردىن-بىر چارە، پەقەت دورا چېچىش ئىدى. ئەمما ئابلىز چېچەكلەر بىخلاۋاتقان مەزگىلدە زەھەرلىك دورىنى چېچىشنىڭ بىخلارغا زىيانلىق ئىكەنلىگىنى ئوبدان بىلەتتى، ئۇ تىت-تىت بولغان ھالدا ياتاق ئىچىدە مېڭىشقا باشلىدى.

ئىشىك چېكىلدى، ئۆيگە جىددىيلەشكەن جاپپار كىرىپ كەلدى.

— كەلسىلە، — دېدى ئابلىز ئۇنىڭ بىمەھەل كەلگەنلىگىگە سەل ھەيران بولۇپ.

— تېخى ئارام ئالماپلا-دە، — جاپپار ئۈستەلدىكى كىتاب-ژورناللارغا قاراپ قويدى، — مۇھىم بىر ئىش چىقىپ قالغان ئىدى.

— نېمە ئىش؟

— ئادىل ئاخشام ماشىنىنى ئۆرۈۋېتىپتۇ، مەس پېتى ھەيدەپتىكەن. ھەي، شۇڭا ئۇنى نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ماشىنىغا يېقىن يولاتمىغان.

— ئۆزى ساقمۇ؟ — ئابلىز ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈپ سورىدى.

— ساق، تۆگىنىڭ نوسىدىن پۈتۈن چىقىدىغان نېمە ئۇ، بۇ قېتىم ئۇنىڭغا قاتتىقراق چارە كۆرمىسەك بولمايدۇ، بەكمۇ ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى.

ئابلىز گەپ-سۆز قىلماستىن تاماكا ئېلىپ چەكتى. ئادىلنىڭ كىچىك چاغلىرى ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا كەلدى، ئادىل ھەر كۈنى مەكتەپتىن قايتىشىدا ئابلىزنىڭ قېشىغا كىرەتتى، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ئىمتىھاندىن ئالغان نومۇرلىرىنى كۆرسىتەتتى. شۇنداق ئوماق، ئۆتكۈر بالا ئىدى. ئەجەبا، ھازىر شۇنچە ئۆزگىرىپ كەتكەنىمىدۇ.

— ئۇنىڭ بۇرۇنقى جىنايەتلىرىمۇ خېلى يېتەرلىك، — دېدى جاپپار، — شۇڭا بۇ قېتىم ساقچىغا تاپشۇرۇپ بەرسەك بولارمىكىن.

— ساقچىغا؟ — ئابلىز ئەجەبلەنگەن ھالدا جاپپارغا قارىدى، — نېمە دەۋاتىسىلا؟

جاپپار ئۆزىنىڭ ئالدىراپ سۆزلىۋەتكىنىنى چۈشىنىپ تەمتىرەپ قالدى:

— ئوبدانراق تەربىيە ئالسۇنمىكىن دەيمەن ...

— بۇرۇنقى ئىشلىرىدىن مېنىڭ خەۋىرىم يوق، لېكىن ئادىل تېخى ياش، مۇمكىن قەدەر ئۆزىمىز تەربىيە بېرىپ تۈزۈۋالغىنىمىز ياخشى. مېنىڭچە، مەس پېتى ماشىنا ھەيدىگەنلىكى ئۈچۈن قاتتىق تەنقىت قىلساق بولىدۇ، ئاگاھلاندۇرۇش بەرسەك بولارمۇ؟

— مەيلى، — دېدى جاپپار بوشاشقان ھالدا، — لېكىن قاراپ تۇرسىلا، ئۇ تېخى بۇنىڭدىنمۇ چوڭراق ئىش چىقىرىدۇ، مەن تەربىيە بېرىپ ھاردىم ...

جاپپار چىقىپ كەتتى. ئابلىز بولسا خېلى ئۇزاققىچە شۇ توغرىلىق ئويلاپ ئولتۇردى. جاپپار نىمىشقا ئادىلنى قولغا ئالدۇرماقچى؟ ئۇنىڭ زادى مەقسىدى نېمە ...

ئابلىز تەڭ كېچە بولغاندىلا ئۇخلىدى. لېكىن ئەتىگىنى يەنە ئادىتى بويىچە سەھەر تۇرۇپ كەتتى. ئۇ ياتىقىدا ئولتۇرۇپ ناشتا قىلىۋاتقاندا ئۈستەلدىكى قۇرۇت يۆگەلگەن سولياۋغا كۆزى چۈشتى. دېرىزە ئەينىگىدىن چۈشكەن كۈن نۇرى يالتىراق ئۈستىدە جىمىرلايتتى. قۇياشنىڭ ئىللىق نۇرى تەپتىدىن تىرىلگەن ھاشارەتلەر سىلىق يالتىراق ئۈستىدە ئۆمىلىشىپ مېڭىشقا تىرىشاتتى، ئەمما تېيىلىپ زادىلا ئىلگىرىلىيەلمەيت-

www.uyghurkitap.com

تى. بۇلارنىڭ ھەركىتىگە زەڭ قويۇپ تاماق يەۋاتقان ئابلىزنىڭ كاللىسىدا شۇ ھامان بىر پىكىر تۇغۇلدى. ئۇ يەۋاتقان تامىقىنى تاشلاپ ئورنىدىن چاچراپ تۇردى - دە، قۇرۇت يۆگەلگەن يالتىراقنى چىگىپ سومكىغا سالدى، ۋەلسىپىتىنى مىنىپ ئۇدۇل باغقا قاراپ چاپتى.

ئابلىز بىرىنچى ئەترەتنىڭ بېغىغا كەلگەندە تېخى ھېچكىم كەلمىگەن ئىدى. ئۇ سومكىدىكى يالتىراقنى بىر غېرىچ كەڭلىكتە يىرتىۋېلىپ چوڭ بىر تۈپ نەشپۈتنىڭ غولىغا يۆگىدى، ئاندىن گەزلىمىچى قۇرۇتلارنى نەشپۈتنىڭ تۈۋىگە قويۇپ بەردى. قۇرۇتلار نەشپۈتكە يامىشىپ يۇقۇرى ئۆرلەشكە باشلىدى. بەزىلىرى يالتىراقتا يەتتى ۋە خۇددى غىلتاڭ مۇزدا ماڭغاندەك تېيىلىپ يەرگە يۇمۇلاپ چۈشتى. ئىككىنچى، ئۈچىنچى قۇرۇتلارمۇ خۇددى شۇنداق بولدى.

— ئابلىز ئاكا، نېمە قىلىۋاتىسىز بۇ يەردە؟ — يېقىنلا يەردىن شېرىنگۈلنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.

— شېرىنگۈل، مەيەرگە كەل، — ئابلىز ئۇنى قولى بىلەن ئىشارەت قىلدى ۋە قۇرۇتلارنىڭ تاماشىسىنى ئۇنىڭغا كۆرسەتتى.

ئاڭغىچە سۇڭ جەنمىڭ، گايىت ئاخۇنلارمۇ يېتىپ كەلدى ۋە ئۇلار خۇددى بىر قىزىق سېرىك ئويۇننى كۆرگەندەك بۇ تاماشىنى كۆرۈشكە باشلىدى.

— ياخشى، ياخشى، — دېدى سۇڭ جەنمىڭ خوشال بولۇپ، — تاپقان ئۇسۇلىڭنى كۆرمەمدىغان، چارىسى ئاسانلا ئىكەنغۇ...

— توۋا خۇدايىم، — دېدى گايىت ئاخۇن ياقىسىنى تۇتۇپ، — بۇ خۇددى نەشپۈتكە پوتا باغلىغاندەك ئىشلىكەنغۇ، نېمىشقىمۇ بىزنىڭ ئەقلىمىزگە كەلمىگەندۇ - ھە؟ — ئۇ شېرىنگۈلگە قاراپ تۇۋلىدى، — ماڭ، قىزىم، باغدىكى خەقلەرنى چاقىر، ھەممىسى كۆرسۇن!

سۇڭ جەنمىڭ ئابلىزنىڭ ئالدىغا كەلدى:

— ئابلىز، بۇ ئۇسۇلنى پۈتۈن مەيدانغا كېڭەيتىش كېرەك، نەق مەيداندا يىغىنى ئاچساقمۇ بولىدۇ.

— ئالدىراپ كەتمىدۇقمۇ؟ — ئابلىز دىلغۇل بولۇپ سورىدى.

— نېمە، ئىشەنچ قىلالمايۋاتامسەن؟

ئابلىز كۈلۈپ قويۇپ گەپ قىلمىدى.

«نەشپۈتكە پوتا باغلاش» ئۇسۇلى بىر دەمدىلا پۈتۈن ئەترەتكە پۇركەتتى. باغۋەنلەر تەرەپ - تەرەپتىن كېلىپ كۆرمەكتە، بەزىلەر دەرھال ئۆيلىرىدىن يالتىراق ئەكىلىپ باغلاشقىمۇ كىرىشتى.

بىر چاغدا سۇڭ جەنمىڭ ئۇنى چەتكە تارتتى.

— سېنىڭمۇ خەۋىرىڭ بار، مەن نەچچە يىلدىن بۇيان نەشپۈتنىڭ يېڭى بىر سورتىنى ئۆستۈرگەن، بۇ يىل كۆچۈرىدىغان ۋاقىت بولدى، بىرەر پارچە باغلىق يەر ئاجرىتىپ بېرەلەمسىلەر؟

ئابلىزنىڭ ئېسىگە كەلدى، ئۇ قوشباغقا دەسلەپ كەلگەن كۈنلا سۇڭ جەنمىڭنىڭ ھويلىسىدا ئۆستۈرۈلگەن كۆچەتلەرنى كۆرگەن ئىدى.

— مېنىڭ ئېسىمدىن چىقىپلا كېتىپتۇ، — دېدى ئابلىز كۈلۈمسىرەپ، — توختا، بۇ ئىشنى ھازىرلا بىر تەرەپ قىلايلى.

ئابلىز ئەتراپقا كۆز يۈگۈرتۈپ گايىت ئاخۇننى چاقىردى.

— گايىت ئاكا، — دېدى ئابلىز، — سىلىگە بىر مەسلىھەتىمىز بار ئىدى.

— خوش...

— بەلكىم سىلىنىڭمۇ خەۋەرلىرى باردۇ، شياۋ سۇڭ نەچچە يىلدىن بۇيان نەشپۈتنىڭ يېڭى بىر سورتىنى يېتىشتۈرگەن

ئىكەن ...

— ھە ...ھە ... شىرىنگۈل شۇنداق دەۋاتاتتى.

— شۇ كۆچەتلەرنى كۆچۈرۈپ، بىرەر باغ قىلالايمىكىن دەيمىز، ماقۇل كۆرەملا؟

— بەلەن گەپ ئىكەنغۇ، — گايىت ئاخۇن شۇئان قۇۋۋەتلىدى، — باغ قىلىدىغانلا ئىش بولسا بىز تەييار.

— قەيەرگە تىكسەك بولار؟ — سۇڭ جەنمىڭ ئالدىراپ سورىدى.

گايىت ئاخۇن بىردەم قۇلىقىنىڭ كەينىنى تاتىلاپ ئويلىنىپ تۇردى:

— «داجەي ئېتىزى» غا تىكسەك قانداق؟ تازا مۇنبەت يەر.

— بولىدۇ، تازا مۇۋاپىق، — سۇڭ جەنمىڭ رازى بولدى.

— «داجەي ئېتىزى»؟ — ئابلىز ھەيران بولۇپ سورىدى، — قىزىق گەپ ئىكەنغۇ؟

— ھەي، بۇنى دەپ كەلسەك گەپ تولا جۇمۇ، ئابلىز ئاخۇن، — گايىت ئاخۇن ئېغىر خورسىندى.

— ئۇنداق بولسا ھازىرلا كۆرۈپ باقايلىمۇ؟ — ئابلىز ئۇلارنى تەكلىپ قىلدى، — ماڭغاچ داجەي ئېتىزىنىڭ ھېكايىسىنى سۆزلەپ بەرسىلە ...

— قىزىقىپ قالدىلا - ھە؟ — گايىت ئاخۇن مىيىغىدا كۈلۈپ قويدى، — بوپتۇ، سىلىمۇ ئاڭلاپ قويسىلا ...

×

بۇ ۋەقە 1974 - يىلى بولۇپ ئۆتكەن ئىدى ... جاپپار ۋىلايەتتە ئېچىلغان تۆت دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنىدىن قايتىپ كېلىپلا ھەممە ئەترەتلەرنىڭ باشلىقلىرىنى يىغىپ جىددىي يىغىن چاقىردى:

— ھازىر بىزنىڭ بىرىنچى ۋەزىپىمىز داجەيدىن ئۆگىنىپ، ئاشلىقتا ئۆتكەلدىن ئۆتۈش، — دېدى ئۇ جىددىي تۇردە، — نەشپۈت بىلەن قىساقنى تويغازغىلى بولمايدۇ، شۇڭا ھەرقايسى ئەترەتلەر تايىنى يوق باغلارنى قىسقارتىپ، ئاشلىق تېرىشتا تەييارلىق قىلىشى كېرەك ...

جاپپار داجەيدىن ئۆگىنىشنىڭ ئەھمىيىتىنى ئۇزاقتىچە سۆزلىدى ۋە ئاخىرىدا ھەر بىر ئەترەتتىن بۇزۇلىدىغان باغلارنى مەلۇم قىلىشنى تەلەپ قىلدى. جاپپارنىڭ بۇ چاقىرىقىغا بىرىنچى بولۇپ گايىت ئاخۇن قارشى چىقتى، يەنە ئىككى - ئۈچيلەن ئۇنى قۇۋۋەتلىدى. يىغىن ھېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشەلمەي تارقاپ كەتتى. جاپپار گېپىنى ئاقتۇرالماي باشقىچە چارە تاپتى. ئۇ ئەتىسى مەيداندىكى «جۇسادۇي» نىڭ بارلىق ئەزالىرىنى يىغىپ ئۇلارغا راسا يەل بەردى ۋە ئۇلار قىزىل بايراقنى لەپىلدەتكەن ھالدا كەتمەن، گۈرجەكنى كۆتىرىشىپ ھەممىدىن ئاۋال بىرىنچى ئەترەتنىڭ يېڭى ئۆستۈرگەن بېغىغا يېتىپ كەلدى.

بۇ باغقا دەل سۇڭ جەنمىڭ يېتىشتۈرگەن يېڭى سورتلۇق كۆچەتلەر تىكىلگەن بولۇپ، چوڭراقلىرى بىلەكتەك، ئەڭ كىچىكلىرىمۇ كەتمەن سېپىدەك چوڭايغان ئىدى.

— قېنى، قۇمۇرۇڭلار! — دەپ بۇيرۇق قىلدى جاپپار ئالدىدا ئۆتۈپ.

بۇيرۇقنى ئاڭلىغان «باتۇرلار» كۆچەتلەرگە قاراپ يوپۇرۇلدى، ھايت - ھۇيت دېگۈچە نەچچە ئۆينىڭ ئورنىدىكىدەك يەر ئېچىلىپ، كۆچەتلەر ئوتتۇرىدا دۆۋىلەندى. گايىت ئاخۇن بۇ ئىشتىن كېچىكىپ خەۋەر تاپتى. ئۇ باغقا ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ كەلدى ۋە ئاۋازىنىڭ بېرىچە ۋاقىرىدى:

— توختا!

ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ ھەممەيلەن

بىر پەس تېڭىرقاپ قالدى، ئۇلار بۇ سۆرلۆك ئادەمنىڭ ئەلپازىدىن ئەيمەنەتتى. گايىت ئاخۇن ئۇدۇل جاپپارنىڭ ئالدىغا كەلدى:

— جاپپار جۇرىن، بۇ نىمە گەپ! — دىدى ئۇ ئاچچىغىنى ئاران بېسىپ.

جاپپار مەنىستىمىگەن قىياپەتتە قولىنى كەينىگە تۇتۇپ تۇراتتى.

— نىمە گەپ بولاتتى، داجەيدىن ئۇگىنىۋاتىمىز، — دىدى ئۇ بىخىرامان هالدا، — قانداق، پىكىرلىرى بارمۇ؟

— داجەيدىن ئۇگىنىمىز، دەپ بىر ئوبدان باغنى ۋەيران قىلىساق بولامدۇ؟

— بۇ مەركەزنىڭ چاقىرىغى جۇمۇ؟

گايىت ئاخۇن ئۇنىڭغا غەزەپ بىلەن بىر پەس تىكىلىپ تۇردى - دە، ئاندىن كەينىگە بۇرۇلۇپ مەھەللە تەرەپكە قاراپ كەتتى. جاپپار ئۇنىڭ كەينىدىن ئاچچىق كۈلۈپ قويدى ۋە ئەزالىرىغا قاراپ بۇيرۇق قىلدى:

— هە، نىمىگە قاراپ تۇرىسىلەر، قومۇرۇڭلار!

ئۇلار بىرەر سائەتكە قالماي سۆك جەنىمىڭ ئىككى يىل ئەجىر قىلىپ يېتىشتۇرگەن باغنى تۇپ - تۈز قىلىۋېتىپ، نەشپۇت كۆچەتلىرىنى ئوتۇنغا ئايلاندۇردى. بىرىنچى ئەترەتنىڭ بىر قانچە باغۋەنلىرى يىراقتىن بۇ مەنزىرىنى كۆرۈپ تۇردى. ئەمما بىرەرسىمۇ يېقىن كېلىپ توساشقا پېتىنالمىدى.

گايىت ئاخۇن شۇ كەتكەنچە بىر يىلغىچە ئۆيىدىن چىقماي يېتىۋالدى، نۇرغۇن كادىرلار كېلىپ تەربىيە بېرىپمۇ گەپ يىگۈزەلمىدى، ئاخىرى ياسىن شۇجى ئۆزى كەلدى ۋە ئۇنى قايىل قىلىپ باشقىدىن ئەترەت باشلىقى قىلىپ بېكىتتى.

شۇندىن ئېتىۋارەن بۇ باغنىڭ ئىسمى «داجەي ئېتىزى» دەپ ئاتىلىپ قالغان ئىدى.

×

— مۇنداقمۇ ئىشلار بولدى دىسىلە، — ئابلىز بۇ هىكايىنى ئاڭلاپ هەيران قالدى.

— ۋاي، ئابلىز ئاخۇن، ئادەمنىڭ ئەقلى هەيران قالىدىغان ئىشلار بار بۇ يەردە ... — گايىت ئاخۇن ئېغىر خورسىنىپ قويدى.

ئۇلار ئەدىدىلا «داجەي ئېتىزى» غا يېتىپ كېلىشكە ۋەلسىپىتنىڭ قوڭغۇرىغىنى جىرىڭلاتقىنىچە جاپپار يېتىپ كەلدى.

— ئا چاڭجاڭ! — دىدى ئۇ هىجايغىنىچە، — سىلى بۇ يەردىكەنلا.

— هە، — دىدى ئابلىز ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ، — بىر ئىشنى مەسلىھەت قىلىشىۋاتاتتۇق.

— نىمە ئىش؟

— مۇشۇ مەيدانغا يېڭى سورتلۇق باغ بىنا قىلىساق دىيىشىۋاتىمىز ...

— ياخشى مەسلىھەت ئىكەن، — جاپپار مۇغەمبەرلىك بىلەن كۈلۈمسىرىدى، — ئۆز ۋاقتىدا سول لۇشيەنىنىڭ تەسىرىدە بۇزۇلۇپ كەتكەن باغ ئىدى.

— سۆك جەنىمىڭ نەچچە يىلدىن بۇيان يېڭى سورتلۇق كۆچەت يېتىشتۇرگەن ئىكەن، شۇنى كۆچۈرسەك قانداق؟

جاپپار دەرهال جاۋاپ بەرمىدى، ئۇ سۆك جەنىمىڭ بىلەن گايىت ئاخۇنغا قاراپ قويۇپ، ئوڭايسىزلانغان هالدا كۈلۈمسىرىدى:

— مەنغۇ قارشى ئەمەس، — دىدى ئۇ ئاخىرى خوشياقمىغاندەك قىلىپ، — لېكىن هازىر يۇقۇرىدىن يەرلىك سورتنى ئاساس قىلىشنى بەك تەكىتلەۋاتىدۇ، ئەگەر بۇنداق شالغۇت نەرسىلەرنى كۆپەيتىپ قويساق يەرلىك سورت بۇزۇلۇپ كېتەرمىكىن.

— بۇ گەپچە هىچقانداق يېڭى سورت يېتىشتۈرمەسلىك كېرەك ئىكەن - دە؟ — سۆك

جەنىمنىڭ ئۇنىڭ گېپىنى بۆلدى.

— مەن ئۇنداق دېمىدىم، پەقەت يۇقۇرىنىڭ تەلىۋىنى دەۋاتىمەن، — جاپپار ئۆزىنى ئاقلىدى، — سىزنىڭ يېڭى سورتىنى يېتىشتۈرگىنىڭىز ئەلۋەتتە ماختاشقا لايىق ئىش. مېنىڭچە، كۆچەتلىرىڭىز ئاۋال مۇنىگە كىرسۇن، يۇقۇرىدىنمۇ كېلىپ باھالاپ باقسۇن، شۇ چاغدا كېڭەيتسەك ئىشەنچلىكرەك بولارمىكىن.

گايىت ئاخۇن گەپكە ئارىلاشتى:

— جاپپار ئاخۇن، بۇزۇدىغان چاغدا ئەجەپ چاققان چىقىۋىدىڭلار، ئەمدى نىمانچە ئىنجىقلايسىلەر؟

— ئۇ چاغدا بۇيرۇق بىلەن قىلغان، مەن ئەيىپلىك ئەمەس، — دىدى جاپپار ھۆپپىدە قىزىرىپ، — ھازىر ئەھۋال ئوخشىمايدۇ-دە.

ئابلىز ئۇلارنىڭ ئارىسىغا كىردى:

— ئۆتكەن ئىشنى تەگمەيلى، — دىدى ئابلىز ئۇلارنى ياراشتۇرماقچى بولۇپ، — مېنىڭچە، جاپپار چاۋجاڭ، يېڭى سورت يېتىشتۈرۈش بىلەن يەرلىك سورتنى ئاساس قىلىشنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق توقۇنۇشمۇ يوق، لېكىن سىلە دېگەنچە بولغاندا يەنە نەچچە يىللار ساقلاش كېرەك، ئۇنىڭ ئۈستىگە، شىۋاسۇڭ بۇ كۆچەتلەرنى ئۆز قىرۇسىدا ئۆستۈرۈۋاتىدۇ، ئۇنىڭغىمۇ شارائىت يارىتىپ بېرىش كېرەك-تە. بىز ئەلۋەتتە قۇللىشىمىز كېرەك.

— مەنغۇ يۇقۇرى رەھبەرلىكنىڭ تەلىۋىنىلا كۆزدە تۇتۇۋاتىمەن. ئا چاۋجاڭ، كېيىن تەنقىت ئاڭلاپ يەنە بۇزۇدىغان ئىش چىقمىسۇن دەيمەنغۇ، — جاپپار چىرايى تاتارغان ھالدا غودۇڭشىدى.

— بوپتۇ، تەنقىت بولسا مەن ئۈستۈمگە ئالاي، — دىدى ئابلىز كۈلۈپ.

جاپپار باشقا گەپ-سۆز قىلماستىن تاماكا يۆگەشكە باشلىدى، ئابلىز ئۇنىڭ تۇرقىدىن ئۇنى ماقۇل كەلتۈرۈش مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدى.

7

قوشباغنىڭ گۈزەل پەسلى باشلاندى. قىشتىن بويان مىسكىن ھالدا شۈمشىيىپ تۇرغان باغۋارانلار رەڭگا-رەڭ چېچەكلەرگە پۈركىنىپ، تويى بولغان قىزلاردەك ياساندى، نازۇك چېچەكلەر كۆزلەرنى قاماشتۇراتتى.

ئابلىز چۈشكە يېقىن ئىككىنچى ئەترەتتىن ياتىقىغا قايتتى. ئۇنىڭ بۈگۈن كۆڭلى خېلى خۇشال ئىدى ۋە شۇڭلاشقىمۇ يولدا غىڭشىپ ناخشا ئېيتىپ ماڭدى:

باھار قىينىدا باغدا،
ئۆرۈك گۈللىگەن چاغدا.
مېنى ئويغىتار بۇلبۇل،
گۈلزارلىقتا ھەر تاڭدا.

.........................

چوڭ بىر باغنىڭ دوقمۇشىدىن قايرىلغاندىن كېيىن، يولدا كېلىۋاتقان سادەتنى كۆرۈپ ناخشىسىنى توختاتتى ۋە قانداقتۇر بىر ھودۇقۇش، ئەندىكىش تۇيغۇسى ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىغا تارقىدى. سادەت بوينىغا دوختۇرلۇق سومكىسى ئېسىۋالغان بولۇپ، خىيالچان ھالدا پىيادە كېلىۋاتاتتى. ئابلىز ئۇنىڭغا يېقىن كەلگەندە ۋېلسىپىتتىن چۈشتى ۋە سادەت بىلەن سالاملاشتى.

— سادەت، ئەھۋالىڭىز ياخشىمۇ؟

— ياخشى، ئۆزىڭىزچۇ، — دىدى سادەت ئاستا.

ئابلىز سادەتنى قىشباغقا كەلگەن كۈنى كۆرگەندىن باشقا زادىلا ئۇچراتمىغان ئىدى. راستىنى ئېيتقاندا، بۇ بىرەر ئايدىن بويان ئۇنىڭ باش تاتلىغۇدەكمۇ بوش ۋاق-

تى بولمىدى. بەزى چاغلاردا بىردىنلا سادەتنى ئەسلەپ قالاتتى ۋە ئەتىلا بېرىپ كۆرىشەي دەپ ئويلايتتى. بىراق ئەتىسى يەنە تۈگىمەس خىزمەتلەر بىلەن چىرمىلىپ قالاتتى.

يولدا ئۇلاردىن باشقا ھېچكىم يوق ئىدى، ئابلىز سادەتكە بىلىندۇرمەستىن كۆز تاشلىدى. شۇنچە يىللار ئۆتسىمۇ سادەت ئابلىزنىڭ نەزىرىدە ئۆز گۈزەللىكىنى يوقاتمىغان ئىدى. ئاپپاق يۈزلىرى يالتىراپ تۇراتتى. بۇلاقتەك كۆزلىرى ئىلگىرىكىدەكلا يېقىملىق چاقنايتتى. پەقەت سادەت قىز ۋاقتىدىكىگە قارىغاندا ئېغىرلاشقان، قانداقتۇ مىسكىن كۆرۈنەتتى. سادەتمۇ لاپ قىلىپ ئابلىزغا قارىدى ۋە ۋىلىلدە قىزىرىپ چەتكە قارىۋالدى.

— چېچەكلەر نېمە دېگەن چىرايلىق، — دېدى ئابلىز ئۇلار تۇتاش كەتكەن باغلارنىڭ قېشىغا كەلگەندە، جىمجىتلىقنى بۇزۇپ، — ئۇزۇن يىللاردىن بېرى چېچەكلەرنى كۆرمەپتىمەن. ئېسىڭىزدىمۇ، ھەر بىر چېچەك پەسلىدە رەسىمگە تارتاتتىڭىز؟ ...

سادەت لېۋىنى چىشلىگەن ھالدا يەرگە قارىۋالدى، نېمىشقا ئېسىدە بولمىسۇن، سادەت ئۇ رەسىملەرنى ھازىرغىچە ساقلاپ يۈرىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ھەر بىر قارىغىنىدا قەلبى ئاچچىق - ئاچچىق ياش بىلەن تولۇدۇ.

ئابلىز سادەتنىڭ كۆڭۈل يارىسىغا تېگىپ قويغانلىقىنى سېزىپ، گەپنى يۆتكىدى:

— ھە، راست، ئادىل ياخشى بولۇپ قالدىمۇ؟

— ساقىيىپ قالدى، — دېدى سادەت ئاستا، — ئۇنىڭغا جازا بېرىدىغان بولدۇڭلارمۇ؟

— كىم شۇنداق دەيدۇ؟ — ئابلىز ھەيران بولدى، — ئۇنداق گەپ بولغىنى يوق.

— كىشىلەر سىزنى شۇنداق دەپتۇ، دەپ يۈرىشىدىغۇ.

ئابلىز بۇ گەپتىن قاتتىق چۆچۈدى.

— مۇنداق دەڭ، — ئابلىز ئاچچىق كۈلدى، — سىزمۇ بۇ گەپكە ئىشەندىڭىزمۇ؟

— ئىشەنمەي نېمە ئامالىم بار؟ ... ھادىسە تۇغدۇرغاندىن كېيىن جازالىنىشقىمۇ تېگىشلىكتۇر، بەلكىم ...

— سادەت، — دېدى ئابلىز بىردەم جىمجىتلىقتىن كېيىن، — سىز بۇ گەپلەرگە ئىشەنمەڭ، ئۇنداق قىلماقچىمۇ ئەمەسمىز، مەنمۇ ئۇنداق دېمىدىم، بۇ بىر ئېغۋا، — ئابلىزنىڭ دېمى سىقىلغاندەك بولدى. ئۇ يانچۇغىدىن تاماكا ئېلىپ تۇتاشتۇردى، — ئۆزەمۇ ھەيرانمەن، ماڭا ئاسانلا تۆھمەت ئارتىلىپ قالىدۇ. ئىنقىلاپتىكى ئىشلارنى سىزمۇ بىلىسىز، بەلكىم ھازىرمۇ ماڭا نەپرەتلىنىۋاتقانسىز، لېكىن مەن ئۆزەمگە ئاق، نومۇسىمنى، ئىنسانىي ۋىجدانىمنى يوقاتقىنىم يوق. كىشىلەر نېمە دېسە مەيلى، بۇ ئۇزۇن جاھان، ھەممە ئىش ئېنىقلىنىدۇ، ھەقىقەت ھامان ھەقىقەت بولۇپ قالىدۇ.

ئابلىز تاماكىنى قاتتىق - قاتتىق شورىدى. ئۇ ئارتۇقچە ھاياجانلانغانلىقتىن گېلى قورۇپ گەپ قىلالمىدى.

سادەت ئاستا ئۇنىڭغا قارىدى، ئابلىزنىڭ ئورۇقلاپ ئۇستىخانلىرى چىقىپ كەتكەن، ساقال باسقان چىرايى تولىمۇ بىچارە كۆرۈندى ۋە ئۇنىڭدىكى ئاياللارغا خاس ئېچىنىش تۇيغۇسى ئۇستۈن كەلدى. بۇ ئۆزىنى ئەيىپلىدى، ئەڭ بولمىغاندا، ئۇ بولسىمۇ ئابلىزنى چۈشىنىشى، ئۇنىڭغا ھەمدەرت بولۇشى كېرەك ئىدى.

— ئابلىز، — دېدى سادەت ئۇنىڭغا ئۆرۈلۈپ، — مەن سىزگە ئىشىنىمەن.

كۆزلەر قايتا ئۇچراشتى. ئىشەنچ، ئىنتىزارلىق، سۆيگۈ تەشنالىقىدا تەلپۈنگەن كۆزلەر ... بۇ كۆزلەر كۆڭۈل ئەينىكى بو-

لۇپ ھەممىنى چۆچەندۈرۈپ بولغان ئىدى.

دەل شۇ چاغدا بۇلارنى يىراقتىكى بىر كۆز كۆرۈپ قالدى. جاپپارنىڭ ئايالى خېنىمخان خېلىدىن بۇيان ماگىزىنغا سودىغا كەلگەن ئايشەمخاننى گەپكە تۇتۇپ تۇراتتى. يېقىندىن بۇيان خېنىمخان ئۇنى پات - پاتلا ئىزدەپ باراتتى ۋە سائەتلەپ مۇڭدىشاتتى. ئادىل ئادالەت بىلەن تېپىشىپ قالغاندىن كېيىن ئۇ بۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىغا كىردى:

— ئادىلنىڭ بەختى - تەلىيى ئۇلۇغ ئىكەن. قالتىس كېلىنگە ئېرىشىدىغان بولدىلا ئايشەمخاچا، — دېدى ئۇ يايراپ، — بولدى، قالغان ئىشلارنى ماڭا قويۇپ بېرىسىلە ...

خېنىمخان بۈگۈن قىز تەرەپنىڭ جاۋابىنى ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەپ بېرىۋاتاتتى.

— ئادالەتخاننىڭ ئاپىسىنى ماقۇل كەلتۈردۈم، ئىككى بالا پۈتۈشكەن بولسا، بىز ياق دېمەيمىز، دېدى. ئۇلارنىڭ گېپىگە قارىغاندا، ئادىلجاننى شەھەرگە يۆتكىۋالىدىغان ئوخشايدۇ.

— راست دەۋاتامالا، خېنىمخان؟ — ئايشەمخاننىڭ ئاغزى ئېچىلىپلا قالدى، — شۇ بالامنىڭ بەختى ئېچىلسۇن، ئىلاھىم ...

— سىلەرنىڭمۇ كەتكىنىڭلار ياخشى، ئابلىزلا بولىدىكەن سىلى بىلەن بىزگە ياخشى كۈن يوق، سىلىمۇ ئاڭلىغانلا، ئابلىز ئادىلنى ماشىنىنى ئۆرۈۋەتتى، دەپ ساقچىغا تۇتۇپ بەرمەكچى بولغان ئىكەن، بىزنىڭ ئاۋۇ ئادەم قاتتىق تۇرۇۋالغاچقا نىيىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرالماپتۇ. بۇندىن كېيىن ئۇ ھەر بىر ئىشتا پۇتلايدۇ دىسىلە.

— راست دېيىلا خېنىمخان، ھېلىمۇ سىلەرنىڭ شاپائىتىڭلار بىلەن كۈننىڭ سىرىنى كۆرۈۋاتىمىز.

دەل شۇ چاغدا خېنىمخان چوڭ يولدا قاتارلىشىپ كېلىۋاتقان سادەت بىلەن ئابلىزنى كۆرۈپ، ئايشەمخانغا شەرەت قىلدى:

— ئاۋۇ كېلىۋاتقان سادەتمۇ نېمە؟ قېشىدىكى ئەر كىشى كىمدۇ؟

ئايشەمخان ھولۇقۇنىچە يولغا قارىدى.

— ئابلىز ئىكەن، ئايشەمخاچا، — خېنىمخان ئاغزىنى قىيشايتىپ كۈلدى، — قالتىس مۇڭدىشىپ كېتىپتىغۇ بۇلار.

— راست شۇمىكەن، خېنىمخان؟

— شۇ، تۇۋا ... ھازىرچۇ بۇلار توغرىلىق خېلى گەپ - سۆز چىقىپ قاپتۇ. سىلى ئۆيدىن چىقمىغاندىن كېيىن ئاڭلىمىدىلا ھەقچان.

— نېمە گەپ - سۆز؟

— ئابلىز ھەدىسە دوختۇرخانىغا كىرىۋېلىپ سادەتنى ئەگىپ كەتمەيدىغان بوپتۇ. تۇۋا، سادەتمۇ ئەخمەق ئىكەن دەيمەن، بۇ نومۇسسىزنىڭ رەھمەتلىك سايىم ئاكامغا قىلغىنىنى ئۇنتۇپ قالدىمىكىنا؟ ھەممە خەق شۇنداق دېيىشىۋاتىدۇ.

ئايشەمخانغا بۇ گەپلەر ھار كەلدى، بېشى قېيىپ، كالپۇكى تىترەشكە باشلىدى. ئۇ ئۆزىنى ئاران - ئارانلا تۇتۇپ تۇراتتى.

— مېنىڭ بۇ قىزىمنىڭ ئەقلى يوق، ئىست، بەرگەن سۈتۈم ... — ئايشەمخان ئۇلارغا قارىتىپ بىرنى تۈكۈردى - دە، كەينىگە يېنىپ كەتتى. خېنىمخاننىڭ قارامتۇل، ياغاق يۈزىگە كۈلكە يۈگۈردى ۋە ئابلىز بىلەن سادەتنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدىكى خەۋەرنى تارقىتىش ئۈچۈن ماگىزىنغا قاراپ ماڭدى.

×

چۈشتىن كېيىن مەيداننىڭ كاتىپى ئابلىزغا بىر ئۇقتۇرۇش ئەكېلىپ بەردى. ئۇقتۇرۇشتا، مالىيىگە مەسئۇل مەيدان باشلىقىنىڭ ئەتە ۋىلايەتكە بېرىپ، يىغىنغا قاتنىشىدىغانلىقى

www.uyghurkitap.com

كۆرستىلگەن ئىدى، خىزمەت تەقسىماتىدا جاپپار مالىيە ئىشلىرىغا مەسئۇل ئىدى. ئابلىز ئىشخانىدا جاپپارنى ساقلاپ بىرەر سائەت ئولتۇردى. ئەمما جاپپارنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمىدى. ئابلىز كەلگەندىن بۇيان جاپپار ئىشخانىغا كەمدىن - كەم كېلىدىغان بولۇپ قالغان ئىدى. بىرەر مۇھىم ئىش بولسا، ئۆيىدىن چاقىرىپ كېلىشكە توغرا كېلەتتى. ئابلىز جاپپارنىڭ كەلمەيدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، ئۆيىگە ئىزدەپ ماڭدى.

جاپپارنىڭ ئۆيى مەيداننىڭ كۈن چىقىش تەرىپىدىكى چوڭ يولنىڭ بويىدا بولۇپ، بىر چېتى ئۈچىنچى ئەترەتنىڭ بېغىغا تۇتاش ئىدى. تېگىنى پىششىق خىش بىلەن كۆتىرىپ، يېڭىچە پاسوندا سالغان بۇ ئۆي شۇ ئەتراپتىكى باغۋەنلەرنىڭ ئۆيىدىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇراتتى. ئابلىز كىشىلەردىن بۇ ئۆينىڭ «مەدەنىيەت ئىنقىلاۋى» مەزگىلىدە مەيداننىڭ ياغاچ - تاشلىرىدىن پايدىلىنىپ سېلىنغانلىقىنى ئاڭلىغان ئىدى. ئۇلارنىڭ دېيىشىچە، جاپپار بۇ ئۆي ئۈچۈن 100 سوممۇ خەجلىمىگەن ئىكەن.

ئابلىز دەرۋازىغا كېلىپ جاپپارنى بىرنەچچە قېتىم چاقىردى. ئۆيىدىن تىۋىش ئاڭلانمىغاندىن كېيىن، دەرۋازىنى ئېچىپ هويلىغا كىردى. بىردەم ئۆتكەندىن كېيىن ئۆيدىن ئايال كىشىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى ۋە ئىشىكتە خېنىمخان پەيدا بولدى. ئۇ خۇددى تويغا بارىدىغاندەك چىرايلىق ياسىنىۋالغان ئىدى. ئۇ ئابلىزنى كۆرۈپ خۇشچىراي كۈلۈمسىرىدى:

— ھە، ئا چاڭجاڭ، كەلسىلە، ئۆيگە كىرسىلە.

— جاپپار چاڭجاڭ بارمۇ؟ — دېدى ئابلىز بوسۇغا تۈۋىدىلا تۇرۇپ.

— بار، ئۆيگە كىرسىلە، خېنىمخان قاشلىرىنى ئۈچۈرۈپ تەكلىپ قىلدى، — سىلى كەلگەندىن بۇيان پەتە قىلىپمۇ كىرىپ قويمىدىلا، بۈگۈن مۇسۇلمانچىلىقنىڭ قائىدىسىنى قىلىپ قويسىلا.

خېنىمخاننىڭ ئاخىرقى گېپى ئابلىزنى تەڭقىسلىقتا سالدى ۋە ئىلاجىسىز ئۆيگە كىردى. ئۆيدە جاپپار كۆرۈنمەيتتى.

— جاپپار چاڭجاڭ قېنى؟ — دېدى ئابلىز ئولتۇرماستىن.

— هازىر كېلىدۇ، ئولتۇرسىلا، — دېدى خېنىمخان ۋە ئۆزى دالانغا چىقىپ كەتتى. ئابلىز ئۆيگە كۆز يۈگۈرتتى. ئىككى تام قىپ - قىزىل گىلەملەر بىلەن بېزەلگەن بولۇپ، ۋاللىداپ تۇرغان جاهازلار كىشىنى ئەيمەندۈرەتتى. خېنىمخان چاي كۆتىرىپ كىردى ۋە كىرىسلونىڭ ئالدىدىكى سوزۇنچاق ئۈستەلگە داستىخان تەييارلاشقا باشلىدى.

— ئاۋارە بولمىسىلا، مەن هازىرلا قايتىمەن، — دېدى ئابلىز ئۆزرە ئېيتىپ.

— شۇنداق بولسىمۇ بۇ مېچىت بولمىغاندىن كېيىن، بىر پىيالە ئۇسسۇزلۇق ئىچىپ قويسىلا، — دېدى خېنىمخان كۆزلىرىنى ئوينىتىپ، — قېنى، باقسىلا!

ئابلىز چاينى ئېلىپ ئوتلىدى. خېنىمخان ئۇنىڭ ئۇدۇلىدىكى كىرىسلوغا كېلىپ ئولتۇردى.

— ئا چاڭجاڭ، — دېدى ئۇ كۈلۈپ، — ئۆيلەندىلىمۇ، يا تېخىچە بويتاق يۈرۈۋاتامىلا؟

— ياق، تېخى ... — دېدى ئابلىز ۋىلىلدە قىزىرىپ.

— بالا دېمىسە، بىر ھېساپتا شۇمۇ بولىدىكەن، — خېنىمخاننىڭ ئاغزى ئېچىلدى، — ئۆزى بەگ، ئۆزى خان، ھېچكىم ماڭدىڭ - تۇردۇڭ دېمىگەن، سادەتمۇ ئەنە شۇنداق يۈرمەمدۇ، شۇڭا ئوتتۇزدىن ئاشسىمۇ قىز بالىدەك تۇرىدۇ. بىزغۇ كىچىگىمىزدىلا

تۆت تامغا سولىنىپ، ئەرنىڭ كۆزىگە قاراپ قاپتىكەنمىز. ئولتۇرسىلا، تۇرۇۋاللىغۇ؟

— مەن چىقاي.

— ۋاي، ئولتۇرسىلىچۇ، زېرىكىپمۇ قالغانلا، — خېنىمخان ئابلىزنىڭ بىلىگىدىن تۇتۇپ ئەركىلىدى، — بىزنى سادەتچىلىك كۆرمەملا؟

ئابلىز قولىنى سىلكىپ تارتىۋالدى.

— خېنىمخان، نىمە قىلىۋاتىلا؟ ئۇۋيالسىلىچۇ؟ — دېدى ئابلىز چىرايى ئۆڭگەن ھالدا.

دەل شۇ چاغدا ئىشىكتە جاپپار پەيدا بولدى. ئۇ مەسخىرە بىلەن ئاچچىق كۈلۈمسىرىدى.

— ئىش مۇنداق دەڭلا! — دېدى جاپپار كۆزلىرىنى قىسىپ.

ئېرىنى كۆرگەن خېنىمخان شۇئان سۈرلۈك قىياپەتكە كىرىۋالدى.

— جاپپار، نەگە كەتتىڭىز؟ قاراڭا، گەپ قىلمىسام، ئېسىلىۋاتىدۇ بۇ ھاياسىز ئېشەك، — ئۇ ئابلىزغا قاراپ ھۆرپەيدى، — مېنى سادەت چاغلىدىڭمۇ، ھەي ماز، تۈزكور!

ئابلىز نىمە قىلىشنى بىلمەي داڭ قېتىپ قالدى، كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچە توقۇلغان بۇ تۆھمەت ئۇنىڭ يۈرىكىگە زىخ بولۇپ سانچىلماقتا، پۈتۈن بەدىنى غەزەپ-نەپرەتتىن تىترىمەكتە ئىدى.

— خېنىمخان، تۆھمەت قىلىشتىن ئۇۋيالمامسىز؟ — دېدى ئۇ ئارانلا.

— ھەي، ئىززىتىنى بىلمەيدىغان ھايۋان! — خېنىمخان بىشەملىك بىلەن چالۋاقىدى، — قىلغۇلۇقنى قىلىۋېلىپ ئۇيالمامسىز دەۋاتقىنىنى بۇ قارا يۈزنىڭ، جاپپار، ئەر كىشىغۇسىز، خوتۇنىڭىزنى بوزەك قىلسا، قاراپ تۇرامسىزا!؟

جاپپار ئابلىزغا مىقتەك قادىلىپ تۇراتتى، ئۇنىڭ چىرايى قارا ئىستەك تۇتۇلۇپ، كۆزلىرىگە قان تولدى. ئۇ ئابلىزغا ئىشىكنى كۆرسەتتى:

— چىق ئۆيدىن! ياخشىلىقچە كۆزدىن يوقال! — دېدى ھۆكۈرەپ.

ئابلىز جاپپارنىڭ سۈرلۈك چىرايىغا ۋە خېنىمخاننىڭ ھازازۇلىلىق يېغىپ تۇرغان تەلەتىگە ئەلەم بىلەن قاراپ قويدى. ھازىر ئۇلارغا ھېچقانداق سۆز كار قىلمايتتى. ئابلىز ئۆزىنىڭ قاتتىق ئالدانغانلىقىنى، بۇ مەقسەتلىك پىلانلانغان توزاق ئىكەنلىكىنى سەزدى ۋە ئېغىر خورسىنغان ھالدا سىرتقا قاراپ ماڭدى.

خېنىمخان ئەتىسىلا ئابلىزنىڭ بۇ «رەسۋاچىلىقى» نى پۈتۈن قوشباغقا يايدى. ئاياللار ئابلىزنى كۆرگەندە بىر بىرىگە مەنىلىك شەرەت قىلىشاتتى ۋە خۇددى ئەزرائىلدىن قاچقاندەك تەتۈر قاراپ ئۆتۈپ كېتىشەتتى. چۈشتىن كېيىن ئابلىز دوختۇرخانىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ سادەتنى يولۇقتۇردى. سادەتنىڭ چىرايى غەمكىن، پەرىشان كۆرۈنەتتى، ئۇ ئابلىزنى كۆرۈپ ئىتتىك چەتكە قارىدى - دە، يانداپ ئۆتتى.

— سادەت! — دەپ چاقىردى ئابلىز.

سادەت قاراپمۇ قويماي ئۆتۈپ كەتتى.

ئابلىز بۇ كۈتۈلمىگەن زەربىدىن يۈرىكى ئۆرتەنگەن ھالدا ئاستا ياتىقىغا قاراپ ماڭدى.

8

ئىككى كۈن ئۆتكەندىن كېيىن قوشباغدا بىر جىپ ماشىنا پەيدا بولدى ۋە ئۇدۇل جاپپارنىڭ يېشىل سىرلانغان دەرۋازىسى ئالدىغا كېلىپ توختىدى. ماشىنىنىڭ سىگنالىنى ئاڭلىغان خېنىمخان گۈل قەقەلىرى ئېچىلغان ھالدا دەرۋازا ئالدىغا چىقتى ۋە

www.uyghurkitap.com

ماشىنىدىن ئىنجىقلاپ ئاران چۈشۈۋاتقان يۈسۈپ قادىر بىلەن كۆرۈشتى.

— ياﺋاللا، قوشباغنى ئۇنتۇپ قالغان ئوخشىمامسىلا؟ — دېدى ئۇ قاش - قاپىقىنى سۈزۈپ.

— قوشباغنى ئۇنۇتساقمۇ سىلىنى ئۇنتۇپ قالغىلى بولامدۇ؟ — يۈسۈپ قادىر خىزمەتخانىنىڭ تولغىنىپ تۇرغان قامىتىگە قاراپ كۈلدى.

— كۆرسەم ھالىم يوق، كۆرمىسەم كارىم يوق، دېسىلە ...

— دەردىمنى ئۆزەم بىلىمەن - دە، — دەپ كۈلدى يۈسۈپ قادىر ۋە ئۇلار ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

چۈشتىن كېيىن يۈسۈپ قادىر ئىشخانىغا ئابلىزنى چاقىرتتى. ئۇ جاپپارنىڭ ئىشخانىسىدىكى كىرىسلودا كېرىلىپ ئولتۇراتتى. ئابلىزنىڭ سالىمىغا ئۇ بېشىنى لىڭشىتىپلا سوغاق جاۋاپ قايتۇردى.

— ھە، ئابلىزاخۇن، ئىشلار قانداقراق؟

ئابلىز يۈسۈپ قادىرنىڭ سۆزىدىكى تەنە، مەسخىرىنى سەزگەن بولسىمۇ، قوشباغنىڭ يېقىنقى ئەھۋاللىرى توغرىلىق قىسقىچە دوكلات قىلدى.

— باغلارنى كىمنىڭ تەستىقى بىلەن شەخسلەرگە بېرىۋەتتىڭلار؟ — يۈسۈپ قادىر ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈپ سورىدى.

— مەركەزنىڭ ھۆججىتىنىڭ روھىغا ئاساسەن شۇنداق قىلدۇق، باغۋەنلەرنىڭ تەلىپىمۇ شۇ.

— مەركەزنىڭ ھۆججىتىدە گۇڭشې كۆزدە تۇتۇلغان، قوشباغ بولسا، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى مەيدان.

— مېنىڭچە، بۇنىڭ پەرقى يوق، — ئابلىز ئېتىراز بىلدۈردى.

— سىزدە تەشكىللىي كۆزقاراش دېگەن بارمۇ - يوق؟ مۇشۇنداق چوڭ ئىشتا نېمىشقا بىزدىن يوليورۇق سورىمايسىز؟ بۇنى دەرھال تۈزىتىش كېرەك.

— يۈسۈپ جۇيجاڭ!

— بۇ ئىشقا مۇنازىرە كەتمەيدۇ، گەپ تۈگىدى، يۈسۈپ قادىر قولى بىلەن ئابلىزغا ئىشارەت قىلدى، — يەنە بىر گەپ، بىزگە بەزى ئىشلارنى ئىنكاس قىلىشتى، سىزنىڭ كونا خۇيىڭىز تېخى قالماپتۇ - ھە؟

ئابلىز ئۇنىڭ نېمىنى دېمەكچى بولىۋاتقانلىقىنى دەرھال چۈشەندى:

— بۇ قۇرۇق تۆھمەت!

— تۆھمەت؟ خەقلەر بىكارغا قارا سۇگاپتۇ - دە؟

— جۇيجاڭ، بۇنى ئوبدانراق تەكشۈرۈپ باقسىلا!

— تەكشۈردۇق، — يۈسۈپ قادىر مەسخىرە بىلەن كۈلدى، — پاكىتلارمۇ ئېنىق. ھازىردىن باشلاپ تەكشۈرۈش ماتېرىيالى يېزىڭ!

ئابلىز شۇ تاپتا قانچە چۈشەندۈرسىمۇ ئۆز گېپىنىڭ ئاقمايدىغانلىقىنى چۈشەندى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ كىشىلەرگە يالۋۇرۇشنى، پانا تىلەشنى ياقتۇرمايتتى، شۇڭا گەپ - سۆز قىلماستىن چىقىپ كەتتى.

ئابلىز قوشباغقا كېلىشتىن بۇرۇنلا ھەر خىل ئىشلارنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىنى مۆلچەرلىگەن ئىدى. لېكىن بۇنداق تۆھمەتكە قېلىشنى، ھاقارەتلىنىشنى زادىلا قىياس قىلمىغان ئىدى. بۇندىن كېيىن يەنە قانداق كۆڭۈلسىزلىكلەرنىڭ بولىشىنى كىم بىلىدۇ؟ ئۆزىنىڭ ياسىن شۇجىنىڭ ئالدىدا ماقۇل بولۇپ، ۋەدە بەرگىنىگە تۇنجى قېتىم پۇشايمان قىلدى، قوشباغقا چىقمىغان بولسا، بۇ كەمگىچە ئۈرۈمچىگىمۇ يۆتكىلىپ بولار ئىدى، ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟ ياسىن

شۇجىنى ئىزدەپ ئەھۋالنى ئېيتسۇنمۇ؟ تېخى ئىككى ئاي بولمايلا يىغلاپ بارسا قانداق بولغىنى؟ ياق، بۇ تەدبىرسىز، ئاجىز كىشىلەرنىڭ قىلغىنى، ئۇ ھەرگىز بۇنداق قىلمايدۇ، بەرگەن ۋەدىسىنى ئورۇنلىمىغىچە ھېچيەرگە بارمايدۇ، قوشباغدا ئاداققىچە تۇرىدۇ.

ئابلىزنىڭ كۆز ئالدىغا يۈسۈپ قادىرنىڭ بايىقى سۆرلۈك قىياپىتى كەلدى، ئۇنىڭ ئۆزىنى قەستەن سالاپەتلىك تۇتۇشى، مەنىستىمىگەندەك مىيىغىدا كۈلۈشى، ئاخىرىدا ھەيۋە قىلىشى ئابلىزغا ھاقارەت بولۇپ تۇيۇلدى ۋە خورلۇق ھېس قىلدى، ئۇنىڭغا بەزى باشلىقلارنىڭ خىزمەت ئىستىلى زادى ياقمايتتى. بىزدە ئاز بولمىغان باشلىقلاردا شۇنداق ئادەت بار، ئۇلار پەقەت ئۆزىدىن يۇقىرى باشلىقىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچىلا ئىش قىلىدۇ، ئۇنىڭدىن قىلچىمۇ چىقمايدۇ، ئۇلار خۇددى ماشىنىغا ئوخشاش، باشقۇرغۇچى قاياققا تولغىسا شۇ تەرەپكە ماڭىدۇ. ئۇلارنىڭ بارلىق ئىقتىدارى باشقىلار تەييارلاپ بەرگەن نەرسىنى ئەينى بويىچە ئىجرا قىلىش، يىغىنلاردا بولسا، كاتىپلار يېزىپ بەرگەن قەغەزنى جۈملىمۇ ـ جۈملە ئوقۇپلا بېرىش ... لېكىن شۇ ئەھۋالغا باقماي باشقىلار ئالدىدا كېرىلىپ سۈر كۆرسىتىدۇ، ئۆزىدىن يۇقۇرىلار ئالدىدا كۈچۈكتەك تولغىنىدۇ. بۇنداق ئادەملەر باشقىلارنىڭ ئۆزىدىن كىچىككىنە ئېشىپ كېتىشىنى ياقتۇرمايدۇ، ئىچى تارلىق قىلىدۇ. ئابلىز جەمئىيەتتە بۇنداق ئادەملەرنى كۆپ كۆردى، ئۇلارنىڭ كاللىسىدا خەلق ئەمەس، پەقەت ئۆزىلا مەۋجۇت.

ئابلىز خىيال سۈرگىنىچە بىرىنچى ئەترەتنىڭ بېغىغا كېلىپ قالدى. چىچەكلەر تۆكۈلۈپ، ئۇنىڭ ئورنىنى كىچىككىنە، ئاجىز يوپيۇرماقلار ئىگەللەشكە باشلىغان ئىدى، يەنە ئاز كۈنلەردىن كېيىن باغلار قاراڭغۇلىشىپ، كاككۇكلار ماكانىغا ئايلىنىدۇ.

ئابلىز باغنىڭ ئىشىگى ئالدىدىلا گايىت ئاخۇن بىلەن ئۇچراشتى.

— يۈسۈپ جۇيجاڭ چىقىپتۇ دەۋاتاتتى، — دېدى ئۇ، — قانداق، بىرەر يېڭى پەتىۋا ئېلىپ كەلگەندۇ تايىنلىق؟

ئابلىز باياتىنقى گەپلەرنى گايىت ئاخۇنغا ئېيتماسلىقنى ئويلىغان ئىدى. ئەمما پىشقەدەم باغۋەننىڭ ئۆتكۈر كۆزلىرى ئابلىزنىڭ كۆڭلىدىكىنى قىياس قىلىشقا ئۈلگۈردى.

— ھەرقاچان باغلارنى كۆترە بېرىشنى خاتا دىگەندۇ؟ — دېدى ئۇ ئابلىزنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ، — بۇ ئىش ئۇلارغا ياقمايدۇ.

ئابلىز چوڭقۇر ئويغا پاتقان ئىدى. ئۇ، گايىت ئاخۇننىڭ سوئالىغا جاۋاپ بەرمىدى.

— تاماكىلىرىدىن بىر ئورام بەرسىلە، — دېدى ئۇ ئاخىرى ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ.

ئۇلار ئۈن ـ تىنسىز ھالدا ئېرىق بويىدا ئولتۇرۇپ چېكىشتى. راستىنى ئېيتقاندا، ئابلىز ئۆزىمۇ قانداق قىلىشنى بىلمەيتتى، ئەمما، باغلارنى كۆترە بېرىشتە زادىلا خاتا قىلمىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. شۇڭا بۇ ئىشنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى ئويلاپمۇ قويمىدى. لېكىن، خېنىمخان بىلەن جاپپارنىڭ قۇرۇق تۆھمىتى ئۇنىڭ يۈرىكىنى ئېزەتتى. مەيلى، يۈسۈپ قادىر قولىدىن كەلگىنىنى قىلسۇن. چوڭ قىلسا باغلارنى كۆترىگە بېرىشنى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋېتەر، ھۆددىگەرلىك تۈزۈمى پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئاساسىي ئېقىمغا ئايلانغان، بۈگۈن ئۇنى يۈسۈپ قادىر ئەمەلدىن قالدۇرۇۋەتسە، ئەتە ياكى ئۆگۈن، ھامان بىر كۈنى ئەسلىگە كېلىدۇ.

— گايىت ئاكا، — دېدى ئۇ ئاخىرى، — بىز مەركەزنىڭ يولىيورۇقى بويىچە ئىش قىلـ

دۇق. ھازىرقى ئەمەلىي ئەھۋالىمۇ بۇنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپات قىلىۋاتىدۇ، ئەمەدى يېنىۋالساق بولماس.

گايىت ئاخۇن ئابلىزغا ئۆرۈلدى. ئۇنىڭ ئۇرا كۆزلىرى ھاياجان بىلەن پىلدىرلايتتى.

— توغرا ئېيتتىلا، ئوغۇل بالا دېگەن سۆزدىن يانماسلىق كېرەك، ئەندىشە قىلمىسىلا، خەلق سىلىنى قوللايدۇ.

سۈك جەنمىڭ ھولۇققان ھالدا باغقا كىرىپ كەلدى، تۇرقىدىن جىددىي بىر ئىش توغرىلىق كەلگەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى.

— ئابلىز، بۇ يەردىكەنسەنغۇ، ئىزدىمىگەن يېرىم قالمىدى، — دېدى ئۇ يېقىن كېلىپ.

— نېمە بولدى؟ — ئابلىز ئۆزىنى خاتىرجەملىككە سېلىپ سورىدى.

— ئىداردا سېنى قايتۇرۇپ كېتىدىكەن، دېگەن گەپ پۇر بولۇپ كېتىپتۇ.

ئابلىز بىلەن گايىت ئاخۇن بىر بىرىگە مەنىلىك قارىشىۋالدى.

— بىكار گەپ، شىاۋ سۈك. مەن ھېچياققا كەتمەيمەن.

— ئەمما مەن كېتىدىغان بولدۇم، — سۈك جەنمىڭ ئاستا دېدى.

— نەگە؟ نېمە دەۋاتىسەن؟ — ئابلىز چۆچۈپ كەتتى.

— باياتىن يۇسۇپ جويجاڭ ئىشخانىغا چاقىرىپ ئۇقتۇردى، ناھىيىلىك تېخنىكا پونكىتىغا يۆتكەپتۇ.

— ھە، — دېدى گايىت ئاخۇن، — بىر-بىرلەپ يوقىتايلى دەپتۇ-دە.

ئابلىز چاچراپ ئورنىدىن تۇردى. ئۇنىڭ چىرايى تامدەك تاتىرىپ كەتكەن ئىدى.

— ياق، مەن سېنى ھېچنەگە ئەۋەتمەيمەن! رەھبەرلىككە ئېيتىمەن، — ئابلىز مەھەللە تەرەپكە قاراپ ئالدىراپ ماڭدى.

×

جاپپارنىڭ ھويلىسى بۈگۈن توي بولغان ئۆيدەك قىزىپ كەتتى. ھويلىنىڭ كۈن پېتىش تەرىپىدىكى لاپاس تېگىدە قاسىم بوغاز بىلەن ئادىل يېڭى سويۇلغان قوينىڭ گۆشىنى پارچىلىماقتا، ئاشخانا ئۆيدە بولسا، خېنىمخان بىلەن ئايشەمخان ئاچا تاماققا تۇتۇش قىلىشىۋاتاتتى. خېنىمخان ئادەم ئەۋەتىپ «تاماققا ياردەملىشىپ بەرسۇن» دەپ ئايشەمخاننى چاقىرتىپ ئەكەلگەن ئىدى.

— يۇسۇپ جويجاڭ نارىن چۆپكە ئامراق، — دېدى خېنىمخان، — قودىلىرىغا ھۈنەرلىرىنى كۆرسىتىدىغان پۇرسەت كەلدى، ئايشەمخان ئاچا، ھە، راست، باياتىن جويجاڭغا ئادىلجاننى تونۇشتۇرۇپ قويدۇم، قارىسىلا.

— نېمە دېدىلە؟ — ئايشەمخان ئەندىكىپ سورىدى.

— ئۆزى شوپۇرنىڭ گېپىنى قىلىپ قالدى، ھازىرقى شوپۇرى سەل كاچ نېمە ئوخشايدۇ، ئوبدانراق شوپۇر تېپىۋالسام، دەيدۇ. جاپپار بىلەن ئىككىمىز ئادىلجاننى كۆرسىتىپ يەتكۈچە ماختىدۇق. بىر ئىلاجى قىلىپ يۆتكىۋالىدىغان بولدى. ئىش پۈتتى دېسىلە، ئايشەمخان ئاچا.

ئايشەمخاننىڭ خۇشاللىقىدىن ئاغزى ئېچىلىپلا قالدى:

— رەھمەت خېنىمخان، ھەرقايسىلىرىنىڭ ياخشىلىقىنى بىزمۇ ئۇنتۇپ قالماسمىز... — دېدى ئۇ كۆزىگە ياش ئېلىپ.

بىر سائەتلەردىن كېيىن مېھمانخانا ئۆيدە ئولتۇرۇش قىزىپ كەتتى. جاپپار بۈگۈن يۇسۇپ قادىرنىڭ شەرىپىگە ئۇيۇش-

تۇرغان بۇ ئۇلتۇرۇشقا قاسىم بوغاز، ئابلەت ۋە يېقىن ئۇلپەتلىرىدىن ئىككى - ئۈچ كىشىنى چاقىرغان ئىدى. رومكا ئۈچ - تۆت قېتىم ئايلانغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ چىرايلىرى قىزىرىپ، كەيپى كۆتىرىلىشكە باشلىدى.

— يۈسۈپ جۈيجاڭ! — دېدى قاسىم بوغاز خىرىلدىغان هالدا، — ئەمدىغۇ قوشباغنى جاپپار چاڭجاڭغا بېرەلا؟

— بېرىمىز. بۇنىڭدا چاتاق يوق.

— هەببەللى، قېنى، مۇشۇ خۇشاللىق ئۈچۈن بىرنى ئىچەيلى! — قاسىم بوغاز رومكىسىنى يۈسۈپ قادىرغا سوزدى.

جاپپارمۇ باياتىن مۇشۇ گەپنى كۈتۈپ تۇراتتى، ئۇ خوشاللىقىدا نېمە قىلارىنى بىلمەي داستىخاندىكى يوغان بىر زىق كاۋاپنى ئېلىپ يۈسۈپ قادىرغا سۇندى.

— كاۋاپتىن تېتىپ باقسىلا، جۈيجاڭ!...

يۈسۈپ قادىر ئۇنىڭ قولىدىن كاۋاپنى ئېلىپ جاپپارنى قېشىغا شەرەت قىلدى.

— كاللىنىڭ ساق ۋاقتىدا دەۋالاي، — دېدى ئۇ جاپپارغا، — لېم، ۋاسا قىلىغۇدەك ياغىچىڭلار باردۇ؟

— چىقىپ قالار، ئۆي سالاي دەملا؟

— ئىدارىنىڭ كاتەكتەك ئۆيىدە زادىلا قامىلىشالمىدىم، — دېدى يۈسۈپ قادىر قاتتىق بىر كېكىرىۋېتىپ، — ئايرىم قورا - جاي قىلاي مىكىن دەيمەن.

— ئوبدان ئويلاپلا، ئۆز قورا - جايى بولمىسا بولامدۇ؟ يەنە باشقا لازىملىق نەرسىلەر بولسىمۇ تارتىنماي دەۋەرسىلە.

— سىلەرنى بەك ئاۋارە قىلىپ قويىمەنمۇ دەيمەن، مەيلى دەۋرەي، يىراق-يېقىندىكى ئەل - ئاغىنىلەر تولا خىجىل قىلىپ كەتتى، تۆت - بەش يۈز كېلو نەشپۈت تېپىلارمۇ؟

— چاتاق يوق، مەن ئۆزەملا يەتكۈزۈپ بېرىمەن. ۋاقتى كەلگەندە «هايت» دەۋەتسىلە، ئۆي سېلىش ئىشىغىمۇ قارىشىمىز، بىزنىڭ ئوبدان تامچى، ياغاچچىلىرىمىز بار.

يۈسۈپ قادىر ئۇنىڭغا بېشىنى ئىگىتىپ قويۇپ، قولىدىكى كاۋاپنى سېرىدى.

خېنىمخان چەينەك كۆتىرىپ كىردى. ئۇ بۈگۈن خۇددى مېهماندەك ياسانغان، چىرىدە كۈلكە ئويناپ تۇراتتى.

— چايغا باقسىلا، جۈيجاڭ! — دېدى ئۇ يۈسۈپ قادىرنىڭ چىنىسىگە چاي قۇيۇۋېتىپ ۋە نازاكەت بىلەن قاشلىرىنى ئۇچۇردى، — زېرىكىپ قالدىلىمىكىن؟

خېنىمخاننىڭ ۋۇجۇدىدىن گۈپۈلدەپ ئۇرۇپ تۇرغان ئەتىر پۇرىقى يۈسۈپ قادىرنىڭ شىركەيىپ كاللىسىنى تېخىمۇ مەس قىلدى. ئۇ خۇمالاشقان كۆزلىرىنى خېنىمخاننىڭ تولۇق كەلگەن كۆكسىدىن ئۈزەلمەي قالغان ئىدى، خېنىمخانمۇ ئۇنى سېزىپ تۇراتتى ۋە جازىبىلىك نازلىرى بىلەن ئۆزىگە تېخىمۇ مەهلىيا قىلماقتا ئىدى.

— جۈيجاڭ زېرىكىپ قالمىسۇن، — دېدى قاسىم بوغاز ئورنىدىن تۇرۇپ ۋە تامدىكى نەقىشلىك دۇتارنى ئېلىپ خېنىمخانغا سۇندى، — قېنى خېنىمخان، بىردەم چېلىپ بەرسىلە، قانداق دېدىم، جاپپار چاڭجاڭ؟

— چېلىڭلا خوتۇن، بۈگۈن قانغىچە بىر ئوينايلى!

خېنىمخان يۈسۈپ قادىرغا مەنىلىك بىر كۆز تاشلىۋېلىپ دۇتارنى قولغا ئالدى ۋە چاڭقىلدىغان ئاۋازدا ناخشا باشلىدى:

ئالتۇن تارتقان تارازىڭدا،
يامبۇ تارتايمۇ؟
كەلمەي - كەلمەي كەلگىنىڭدە،
ئۆزەمنى ئاتايمۇ؟

........................

www.uyghurkitap.com



جاپپار بىلەن قاسىم بوغاز ئۇسۇلغا
چۈشتى. باشقىلار دۇتارغا تەڭكەش قىلىپ
چاۋاك چېلىشقا باشلىدى. بۇ يەرنىڭ ئولتۇرۇشلى-
رى ئادەتتە مۇنداق تەرتىپتە بولىدۇ: ئولپەتلەر
دەسلەپتە ناھايىتى ئەدەپ ساقلاپ ئولتۇ-
رىدۇ. رومكىلا بەش-ئالتە ئايلىنىپ تۈۋدىغى
قىزىغاندىن كېيىن، ئۇلارنى تۇتۇۋېلىش مۇم-
كىن ئەمەس، بەزىلىرى ئۇسۇلغا چۈشىدۇ،
بەزىلىرى يېقىن بۇرادىرىگە «قەلبىمنى چۈ-
شەندۈرىدۇ»، بەزىلىرى پو ئاتىدۇ، بەزىلىرى
غەيۋەت قىلىدۇ. بۇ چاغدا ساقىغىمۇ ئىش
قالمايدۇ. ھەر كىم ئۆزى خالىغانچە ئىچىشكە
باشلايدۇ. بىر-ئىككى سائەتلەردىن كېيىن
بەزىلىرى خۇدىنى يوقىتىپ، ئۇدۇل كەلگەن
يەرگە سوزۇلۇپ يېتىپ قالىدۇ، بەزىلىرى
سىرتقا چىقىپ دەرەخنى قۇچاقلىغىنىچە قەي
قىلىشقا باشلايدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئولتۇرۇشمۇ
ئۆزلۈگىدىن ئاخىرلىشىدۇ. بۈگۈنمۇ شۇنداق
بولدى. جاپپار بىلەن قاسىم بوغاز بىردەم
ئۇسۇل ئوينىغاندىن كېيىن، پۇتلىرى كالۋالى-
شىپ، دەلدەڭلەشكە باشلىدى، ئابلەت ئۇلار-
نى نېرىقى ئۆيگە ئەپچىقىپ ياتقۇزۇپ
قويدى. قالغانلارمۇ بىر-بىرلەپ يېتىشقا باش-
لىدى. يۈسۈپ قادىر بۇنداق ئولتۇرۇشلارنى
كۆپ كۆرگەچكە ھاراقنى ئانچە كۆپ ئىچ-
مىدى. ئۇ ئەتراپتىكىلەرگە قاراپ مېيىغىدا
كۈلۈپ قويدى ۋە خېنىمخاننى كۈتۈشكە
باشلىدى، خېنىمخاننىڭ يۆتەلگەن ئاۋازى
ئاڭلانغاندىن كېيىن، يۈسۈپ قادىر غىپ
قىلىپ ئۆزىنى قاراڭغۇ دالانغا ئاتتى.

ئايشەمخان كەلگۈسى قۇدىسىغا يارىتىش
ئۈچۈن پۈتۈن ھۈنىرىنى ئىشقا سېلىپ ئەت-
كەن بىر لەگەن نارىن چۆپنى كۆتىرىپ
ئىشىككە كەلگەندە، دالاندا جۈپلىشىپ قالغان
بىر جۈپ گەۋدىنى كۆرۈپ قالدى-دە،
تۇۋلىۋېتىشكە ئاز قالدى ۋە ئۇلارنى تونۇ-
غاندىن كېيىن، كۆزىنى يۇمغىنىچە كەينىگە
ياندى.

9

ئابلىز ياسىن شوجى بىلەن كۆرۈشەل-
مىدى. ياسىن شوجى ئاپتونوم رايونغا
يىغىنغا كەتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ قاچان قاي-
تىپ كېلىدىغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيدىكەن.
ئابلىزنىڭ پۈتۈن ئۈمىدى يوققا چىقتى.
ئەمدى شوجىنىڭ قايتىپ كېلىشىنى كۈتۈشتىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

باشقا چارە يوق ئىدى.

ئابلىز ۋەلسىپىتكە مىنىپ، قوشباغقا قاراپ ماڭدى.

ئابلىز كۈن پاتقىچە قوشباغقا بېرىۋېلىش ئۈچۈن، پىدالنى شۇنچە كۈچەپ باسقان بولسىمۇ، بەرىبىر كەچ قالدى. يول يېرىملاشقاندا ئەتراپنى تۈن قاراڭغۇلۇغى قاپلىغان ئىدى.

ئاي لىپ قىلىپ يۈزىنى كۆرسىتىپ قويۇپ، يەنە بۇلۇتلار ئارىسىغا مۆكۈۋالاتتى. يولدا بىرەر ئادەممۇ يوق، ئەتراپ جىمجىت ئىدى. تاغ تەرەپتىن سالقىن شامال ئۇرۇپ تۇراتتى.

ئابلىز خىيالچان هالدا يولنى داۋام قىلىۋاتاتتى. «قوشباغقا چىقىپ راستىنلا خاتا قىلدىممۇ-يا؟ — دەپ ئۆزىدىن سوئال بەردى ئۇ، — ئاكادېمىيىگە كەتكەن بولسام، بىر نەچچە يىلدا تەتقىقاتچى بولۇپ قالار ئىدىم، لېكىن قوشباغنى شۇ هالدا تاشلاپ قويۇشقا ئادەمنىڭ قانداق كۆڭلى چىدايدۇ؟ بەلكىم خاتا قىلمىغاندىمەن، بۇ يەردىمۇ تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىشقا بولىدۇ-غۇ!...»

يىراقتا چىراق نۇرى كۆرۈندى ۋە تىراكتورنىڭ گۈركىرىگەن ئاۋازى ئاڭلىنىشقا باشلىدى. ئابلىز يېقىن كەلگەندە بىلدىكى، تىراكتورغا لىقىدە ياغاچ ۋە يەشىشكىلەر بېسىلغان بولۇپ ئارقا چاقى كاتاڭغا پېتىپ قالغان ئىدى. كىمدۇ بىرسى گۈرجەك بىلەن چاقنىڭ ئاستىنى كولاۋاتاتتى. ئابلىز چىراق يورۇقىدا تىراكتورنى تونۇپ، ۋەلسىپىتتىن چۈشتى ۋە هىلقى ئادەمنىڭ يېنىغا كەلدى.

— كىم بۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ ئېگىشىپ.

قارا كەۋدە ئىتتىك بېشىنى كۆتىرىپ قايرىلدى ۋە چۆچۈپ كەتتى.

— ئادىلمۇسەن؟ — دېدى ئابلىز ئەجەپلىنىپ، — كېچىدە نەگە ماڭدىڭ؟

— شەهەرگە، — دېدى ئۇ.

— بۇ نەرسىلەرنى نەگە ئېلىپ ماڭدىڭ؟

ئادىل تېرىككەن هالدا ئابلىزغا ھۆرپەيدى.

— كىم سېنى سوراقچى قويدى؟ يولۇڭغا ماڭغىنا، — دېدى قولىنى شىلتىپ.

— مېنىڭ سوراش هوقۇقۇم بار، نەگە ئاپىرىسەن ئۇلارنى؟ — دېدى ئابلىز ئۇنىڭ يېڭىدىن تارتىپ.

ئادىلنىڭ غۇژژىدە ئاچچىغى كەلدى. ئۇ ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ ئابلىزنى ئىتتىرىۋەتتى.

ئابلىز ۋەلسىپىتكە ئۇرۇلۇپ يىقىلىپ چۈشتى.

ئادىلنىڭ بۇ يولسىزلىقى ئابلىزغا قاتتىق ئەلەم قىلدى، ئۇ، ئۆزىنى تۇتالمىدى ۋە ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ، ئادىلنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— ئەھۋالنى ئېيتقۇڭ يوق ئوخشايدۇ، ئۇنداق بولسا، تىراكتورنى مەيدانغا قايتۇر! — دېدى ئۇ بۇيرۇق تەلەپپۇزىدا.

ئادىلنىڭ كۆزى قانغا تولدى.

— مانا ساڭا جاۋاپ! — دېدى ئۇ بوغۇق ئاۋازدا ۋە يەردە ياتقان گۈرجەكنى ئېلىپ، ئابلىزنىڭ گەجگىسىگە ئۇردى. ئابلىز دەلدەڭشىپ يىقىلىپ كەتتى. خۇدىنى يوقاتقان ئادىل گۈرجەكنى تاشلاپ ئابلىزنىڭ ئۇدۇل كەلگەن يېرىگە تېپىۋەردى.

— مانا راست گەپ! هۇ، ئاناڭنى...

ئادىل ئۇنى هارغىچە ئۇرۇپ دەسسىدى.

بۈگۈن ئۇنىڭ پۈتۈن ئەلىمى، ئۆچى چىققاندەك بولدى. ئۇ خېلىدىن بېرى مۇشۇنداق بىر پۇرسەتنى — دادىسىنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىشنى كۈتۈپ يۈرگەن ئىدى، مانا، پۇرسەت دېگەن مۇشۇ. ئەمدى دادىسىنىڭ روهىمۇ خۇش بولىدۇ، كىشىلەرمۇ ئوغۇل بالىكەن

دەيدۇ...

ئادىل يەردە سوزۇلۇپ ياتقان ئابلىزغا قارىدى، ئۇ ئۆلۈكتەكلا ياتاتتى. «ھەي، ئەگەر بۇ لەقۋا ئۆلۈپ قالغان بولسىچۇ؟ ئۇ چاغدا...» ئۇ ھودۇققىنىچە ئەتراپقا قارىدى.

— قاسىم ئاكا، قاسىم ئاكا! — دىدى تىراكتورنىڭ ئارقا تەرىپىگە ئۆتۈپ. لېكىن ھېچقانداق جاۋاپ ئاڭلانمىدى.

ئەسلىدە ئۇنىڭغا ھەمرا بولۇپ بىللە ماڭغان قاسىم بوغاز بايا ئابلىزنى كۆرۈپلا شەپە چىقارماي دەرەخنىڭ ئارىسىغا كىرىپ كەتكەن ئىدى.

ئادىلنى بىردىنلا قورقۇنچ باستى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا سۈرلۈك ساقچىلار، تۈرمىنىڭ ئۆيلىرى گەۋدىلەندى ۋە يۈرىكى ئاغزىغا تىقىلدى، نەپەسى بوغۇلدى. ئۇنى قاراڭغۇلۇق ئىچىدىن كىشىلەر قورشاپ كېلىۋاتقاندەك، «قاتىلنى تۇتۇڭلار!» دەپ ۋاقىراۋاتقاندەك تۇيۇلدى ۋە چۆچۈگەن ھالدا شەھەر تەرەپكە قاراپ پۈتۈن كۈچى بىلەن يۈگۈردى.

×

بۇ ۋەقە ئەتىسىلا قوشباغقا پۈررىدە يېيىلدى. ياغاچ ۋە نەشپۈت باسقان تىراكتور ئىشخانىنىڭ ئالدىدىكى مەيدانغا توختىتىپ قويۇلغان ئىدى. كىشىلەر ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىپ غۇلغۇلا قىلىشاتتى:

— بۇنچىۋالا نەشپۈتنى نەگە ئېلىپ ماڭغاندۇ؟

— تۈنۈگۈن كەچقۇرۇن بۇ تىراكتورنى ئادىل ھەيدەپ يۈرەتتى...

— ئادىلنى ساقچى تۇتۇپ كېتىپتۇ، دىگەن گەپ بارغۇ؟ ئۇلار ئىشخانىدىن چىقىۋاتقان ئابلىز بىلەن گايىت ئاخۇننى كۆرۈپ جىم بولۇشتى، ئابلىزنىڭ چىرايى تاتار-غان، يۈز-كۆزلىرى كۆكىرىپ كەتكەن ئىدى.

شۇ ئەسنادا، يىراقتىن كېلىۋاتقان ئايشەمخاننىڭ قارىسى كۆرۈندى. ئۇ يالاڭباش، چاچلىرى چۇۋۇلغان ھالەتتە پۈتۈن مەھەللىنى بېشىغا كىيىپ نالە قىلىپ كەلمەكتە ئىدى.

ئۇ يېتىلىپ بارغانچە ئابلىزنىڭ ياقىسىغا ئېسىلدى:

— بالامنى تېپىپ بەر، قارا ھويي يۈز، بىر زادى ساڭا نىمە قىلغان-ھە!؟

ئۇ ئابلىزنىڭ يۈز-كۆزىنى تاتىلاشقا باشلىدى. گايىت ئاخۇن ئارىغا كىردى:

— ئايشەمخان! — دىدى ئۇ ئايشەمخاننىڭ قولىنى تارتىپ ئاجرىتىپ، — ئادىلنىڭ ئۇرغىنى ئاز كېلىپ ئەمدى سىلمۇ بوزەك ئېتەملا؟

— گايىت ئاخۇن، لىللا گەپ قىلسىلا، كىم-كىمنى بوزەك قىلىۋېتىپتۇ؟

— كىم بولاتتى، ئادىل بوزەك قىلدى، ئەنە قاراپ باقسىلا، — ئۇ ئابلىزنىڭ چىرايىنى كۆرسەتتى، — ئىشىنىڭ تېگى-تەكتىنى ئۇقۇپراق قايىنسىلا.

— ئادىل زادى نىمە گۇنا قىپتۇ شۇنچىۋالا؟

— نىمە قىلاتتى، ئادىل كېچىدە تىراكتورغا نەشپۈت بىلەن ياغاچ بېسىپ ئېلىپ مېڭىپتۇ، چاڭجاڭ بولغان ئادەم نەگە ئاپىرىسەن دەپ سوراپ قويسا يامان بولامدۇ؟

— شۇ ئىشقىمۇ ساقچىغا تۇتۇپ بەرگەن بارمۇ؟

— كىم تۇتۇپ بېرىپتۇ؟ — گايىت ئاخۇن تېرىكتى، — نىمە ئۇنداق يوق گەپكە ئىشىنىدىغان نادان خوتۇن سىلى، ماڭسىلا مەن ھەممە گەپنى دەپ بېرىمەن.

ئۇ ئايشەمخاننى قولىدىن تارتىپ ئىشخانا تەرەپكە ئېلىپ ماڭدى، كىشىلەر نىمە

ۋەقە ئىكەنلىگىنى تازا ئاڭقىرالماي ئابلىزغا قارىشىپ تۇراتتى.

— يولداشلار، ھېچگەپ يوق، — دېدى ئۇ كۆلۈمسىرەشكە تىرىشىپ، — ئىشلىرىمىزغا بارايلى.

كىشلەر بىردىن - ئىككىدىن تارقىلىشتى، ئابلىز قاسىم بوغازنى ئىزدەپ ئىككىنچى ئەترەتكە قاراپ ماڭدى.

لېكىن ئۇ چاغدا قاسىم جاپپارنىڭ ئۆيىدە ئىدى. ئۇ ئاخشامقى ۋەقەنى ھولۇقـقان ھالدا سۆزلەپ بەردى.

— ئابدىل نەگە كەتتى؟ — دېدى جاپپار جىددىيلىشىپ.

— بىلمىدىم.

— ئابلىز سىنى كۆردىمۇ؟

— كۆرمىدى.

جاپپار ئۇنىڭ كۆزىگە بىردەم قادىلىپ تۇردى، بۇ قاراشتىن قاسىمنىڭ بەدەنلىرى تىكەنلىشىپ، يۈرىكى ئۆرۈشتىن توختاپ قالغاندەك بولدى.

جاپپارنىڭ سۇرلۇك تەلەتىگە ئاستا - ئاستا كۆلكە يۈگۈردى.

— كۆرمىگەن بولسا ياخشى، — دېدى جاپپار ئاخىرى، — ئۇنداق بولسا ئۇ ئىشنى ئادىلغىلا ئارتىمىز، ئەمما ئاغزىڭنى مەھكەم تۇت، جۇمۇ!

— ماقۇل .... — دېدى قاسىم بوغاز تۈكۈرۈگىنى يۇتۇپ.

تالادىن خېنىمخان كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ رەڭگى - روھىي ئۆچكەن ئىدى.

— ئىش چاتاق، — دېدى ئۇ جاپپارغا قاراپ.

— نېمە بولدى؟

— ھېلقى گايىت دىگەن چولاق ئىشخانىنىڭ ئالدىدا خەقلەرنى كۈشكۈرتۈپ، قۇتراتقۇلۇق قىلىۋاتىدۇ، — دېدى ئۇ ۋە قاسىمغا ئالايدى، — ھەممە چاتاقنى تېرىغان سىز، ھېچنىمىگە كىرەككە كەلمەيدىغان نېمىكەنسىز!

قاسىم ئۆزىنى ئاقلىماقچى بولۇپ ئەمدىلا ئاغزىنى ئېچىشىغا جاپپار ئۇنىڭ گېپىنى ئۈزدى:

— بايا مەن دىگەن گەپنى ئېسىڭدە تۇت، جۇمۇ! يەنە تىلىڭنى چايناپ يۈرمە! ... ھازىر ئۆيۈڭگە ماڭ!

قاسىم بوغاز خۇددى يېلى چىققان توپتەك سالپىيىپ ئۇرنىدىن تۇردى ۋە پۇتلىرىنى ئاران سۆرەپ تالاغا ماڭدى. ئۇ بوسۇغىدىن ئاتلاۋېتىپ خېنىمخاننىڭ:

— بۇ بوغازنىڭ ئاغزىغا ئىشەنگىلى بولمايدۇ، — دىگەن گېپىنى ئاڭلاپ قالدى ۋە بىردىنلا سەگەكلەشتى. ئۇ، بۇلارنىڭ يەنە نېملەرنى دەيدىغانلىغىنى بىلمەكچى بولۇپ، دەرىزە تۈۋىگە كېلىپ قۇلاق سېلىشقا باشلىدى:

— مەنمۇ شۇنىڭدىن ئەنسىرەۋاتىمەن، — دىدى جاپپار بوغۇق ئاۋازدا، — ۋاقتى كەلگەندە سايىمنىڭ ئىشىنمۇ ئاشكارىلاپ قويۇشتىن يانمايدۇ، بۇنى كۆزدىن يوقاتساق بولارمىكىن!

— قانداق قىلىپ؟ — خېنىمخان ئالدىراپ سورىدى.

جاپپار ئايالىغا پىچىرلاپ بىر نەرسىلەرنى دىدى، قاسىم قانچە يېقىپمۇ قۇلاق كېيىنكى گەپلەرنى ئاڭلىيالمىدى. ئۇنىڭ قۇلىقىدا جاپپارنىڭ «بۇنى كۆزدىن يوقاتساق بولارمىكىن ...» دىگەن سۆزى جاراڭلاپ، پۈتۈن ۋۇجۇدىنى دەھشەتلىك بىر قورقۇنچ چۇلغىۋالدى.

قاسىم بوغاز جاپپارنىڭ قوراسىدىن چىققاندىن كېيىن ئۇدۇل ئۆيىگە چاپتى. ئۇنىڭغا خۇددى جاپپار كەينىدىن قوغلاپ كېلىۋاتقاندەك

لىنىپ، يۈرىكى ئاغزىغا تىقىلاتتى، ئالدىرىغانسىرى ماڭغان قەدىمى كەينىگە كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى، ئۇ قارا تەرگە چۆمۈلۈپ كېتىۋاتقاندا، بىرسىنىڭ چاقىرغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتتى. يان كوچىدىن ئابلىز چىقىپ كەلگەن ئىدى.

— قاسىم دۈيجاڭ، توختاپ تۇرسىلا، — دېدى ئابلىز قولى بىلەن شەرەت قىلىپ، ئابلىزنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭ يۈرىكىمۇ توختاپ قالغاندەك بولدى.

— سىلىدىن سورايدىغان بىر گەپ بار ئىدى، — دېدى ئابلىز يېقىن كېلىپ، — ئوبدانمۇ ئۇچراپ قالدىلا.

— خوش ...

— ئاخشام تىراكتۇر بىلەن نەگە ماڭغانتىڭلار؟

قاسىمنىڭ يۈرىگى «جىغ» قىلىپ قالدى. قورقۇنچتىن كۆزلىرى چەكچەيدى.

— ھېچنەگە ... مەن ھېچنەگە بارمىدىم، چاڭجاڭ ...

— شۇنداقمۇ؟ — ئابلىز مىيىغىدا كۈلدى، — ئۇنداق بولسا كېيىن پۇشايمان قىلىپ قالمىسىلا، جۇمۇ.

ئابلىز ئارتۇقچە گەپ قىلماستىن كەينىگە ياندى. قاسىم نىمە دېيىشىنى بىلمەي تۇراتتى، شۇ تاپتا ئۇنىڭ كاللىسىدا مىڭبىر خىياللار قويۇن بولۇپ پىقىرىماقتا ئىدى. ئۇ، مىڭ تەستە ئۆيىگە كىرىپ كاڭغا ئۆزىنى تاشلىدى ۋە تورۇسقا تىكىلگىنىچە خىيالغا پاتتى. «ئابلىز بىلىپ قالغان ئوخشايدۇ، باشقا يۇرتقا قېچىپ كېتەيمۇ - يا؟ لېكىن نەگە بارىمەن؟ ... جاپپار ھامان مېنى ساق قويمايدىغان ئوخشايدۇ، ئۇنىڭدىن كۆرە ھەممىنى پاش قىلغىنىم تۈزۈكمۇ - يا؟ مەن قاتىل بولمىغاندىن كېيىن ھۆكۈمەتمۇ كەچۈرەر ...»

قاسىم بوغاز كەچ كىرگىچە خىيال سۈرۈپ ياتتى. ئاخىرى نامازشام ۋاقتىدا ئۆيىدىن چىقتى - دە، ئۇدۇل گايىت ئاخۇننىڭ ئۆيىگە قاراپ يول ئالدى. ئۇ ھاسىرىغان ھالدا دەرۋازىنىڭ زەنجىرىنى شىرىقىلاتتى. ھايال ئۆتمەي ئىشىك ئېچىلدى.

— دادىلىرى بارمۇ؟ — دېدى قاسىم بوغاز شېرىنگۈلنى كۆرۈپ ئەندىككەن ھالدا.

— بار، ئۆيىگە كىرسىلە.

كاڭنىڭ ئۈستىدە تاماكا چېكىپ ئولتۇرغان گايىت ئاخۇن قاسىم بوغازنىڭ تاتىرىپ كەتكەن تەشۋىشلىك چىرايىنى كۆرۈپ ھەيران قالدى.

— قاسىم ئاخۇنمۇ سىلە؟ كەلسىلە، قانداق شاماللار ئۇچۇرۇپ كەلدى بۇياقنا؟ — دېدى ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ. لېكىن قاسىم بوغاز سالامغا جاۋاپ قايتۇرماي ئۇنىڭ ئايىقىغا يىقىلدى.

— گايىت ئاخۇن، مېنى قۇتۇلدۇرۇۋالسىلا، ئۇششاق بالىلىرىم بار! ...

گايىت ئاخۇننىڭ ھەيرانلىقى ھەسسىلەپ ئاشتى ۋە ئۇنى يۆلەپ كاڭغا ئولتۇرغۇزدى.

— نىمە گەپ ئۆزى، قاسىم ئاخۇن؟

— مەن ئېزىپتىمەن، گايىت ئاخۇن، ئېزىپتىمەن ... ئەمدى جاپپار ماڭا قەست قىلماقچى، ئۆز قۇلىقىم بىلەن ئاڭلىدىم.

— نىمە دەۋاتىلا، قاسىم ئاخۇن؟

— مېنى سايىم چاڭجاڭنىڭ ئىشىنى پاش قىلىپ قويۇدۇ دەپ ئەنسىرەۋاتىدۇ ... ئۇ ئادەمنى ئۆلتۈرگەن قاتىل ئەسلى شۇ، مەن كۆرگەن ...

— ھە! — گايىت ئاخۇن ئورنىدىن چاچراپ تۇردى، — راست دەۋاتامىلا؟

— راست، يالغان سۆزلىگەن بولسام، خۇدا ئۇرسۇن!

10

قاسىم بوغاز دۇدۇقلىغان هالدا سۆز باشلىدى:

— جاپپار سايىم چاڭجاڭنى جىق قىيناپ كەتتى. ئۇ هەر كۈنى كەچتە سوراققا ئەكىرەتتى، بەزى كۈنلىرى مەنمۇ تۆپىگە كىرىپ قالاتتىم، جاپپار ئۇنى قانداقتۇ بىر تەشكىلاتقا ئەزا بولسەن، دەپ قىستايتتى، هۇشىدىن كەتكىچە ئۇراتتى. ئۆلۈپ كېتىشىنىڭ ئالدىنقى كېچىسى جاپپار مېنى سايىم چاڭجاڭنى ئېلىپ كېلىشكە ئەۋەتتى. جاپپار هەر قېتىم كونا ئاشخانىنىڭ كەينىدىكى گەمىدە سوراق قىلاتتى. مەن سايىم چاڭجاڭنى يالاپ ئېلىپ كەلدىم. ئۇ كۈنى جاپپار ئازراق ئىچىۋالغان ئىكەن. ئۇ سايىم چاڭجاڭنى كۆرۈپلا هۆكىرىدى:

— سېنىڭ شېرىكلىرىڭ هەممىنى تاپشۇردى، — دىدى ئۇ بىر ۋاراق قەغەزنى ئۇنىڭ كۆزىگە تىقىپ، — ئەمدىمۇ ئىقرار قىلامسەن؟

سايىم چاڭجاڭ گەپ - سۆز قىلماستىن تۇراتتى، جاپپار ئۇنىڭدىن جاۋاپ ئالالمىغاندىن كېيىن، سىمغا باغلانغان بىر تۆمۈرنى سايىم چاڭجاڭنىڭ دۈمبىسىگە تەككۈزدى، ئۇ توك بىلەن قىينايدىغان ئەسۋاپ ئىكەن. سايىم چاڭجاڭ چىقىراپ كەتتى، مەن قورقۇپ كېتىپ ئاستا چىقىپ كەتتىم، ئەتىسى ئەتىگەندە كەلسەم، سايىم چاڭجاڭ ئۆلۈپ قاپتۇ. جاپپار جىنايىتىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن سايىم ئابلىزنىڭ تۆھمەتكە چىدىماي ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى، دىگەن گەپنى تارقاتتى. لېكىن ئەسلىدە ئۆلتۈرگەن قاتىل نەق شۇ جاپپار. ئەتىسى ئۇ مېنى چاقىرىپ: «ئەگەر ئاغزىڭنى مەھكەم تۇتمايدىغان بولساڭ، مېنىڭدىن ياخشىلىق كۆرمەيسەن. قەسەم قىل» دەپ تۇرۇۋالدى. مەن قەسەم قىلىپ بەردىم. شۇندىن بۇيان هېچكىمگە تىنمىدىم. هازىر شۇ ئىشلارنىڭ پاش بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ ماڭا تېخىمۇ رەپىزا قىلىۋاتىدۇ، مېنى قۇتقۇلدۇرۇپ قالسىلا، گايىت ئاخۇن، مەن ئېزىپ تىمەن، تەشكىل ماڭا قانداقلا چارە كۆرسە مەيلى...

قاسىم سۆزىنى تۈگەتتى. ئۇ ئېچىنارلىق قىياپەتتە گايىت ئاخۇنغا تىكىلىپ تۇراتتى. گايىت ئاخۇننىڭ چىرايى جىددىيلىشىپ، بۇرۇتلىرى تىك - تىك بولۇپ كەتكەن ئىدى.

×

ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كېيىن قوشباغقا بىر ساقچى ماشىنىسى يېتىپ كەلدى. ماشىنىنىڭ ئەنسىز سىگنالى پۈتۈن قوشباغنى ۋەھىمىگە سالدى. كىشىلەر كوچىغا يۈگۈرۈپ چىقىشاتتى، خولۇم - خوشنىلاردىن نېمە ۋەقە ئىكەنلىكىنى سورىشاتتى.

ماشىنا جاپپارنىڭ قوراسىنىڭ ئالدىدا توختىدى ۋە ئاق كىيىم كىيگەن ئۈچ نەپەر ساقچى جاپپارنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كەتتى. هايال ئۆتمەيلا ئۇلار چىرايىدا قان قالمىغان جاپپارنى هەيدەپ چىقىپ ماشىنىغا ئىتتىرىپ كىرگۈزدى.

ماشىنا قانداق تېز كەلگەن بولسا، شۇنچە تېز كۆزدىن غايىپ بولدى. كىشىلەر قويۇق چاڭنى قالدۇرۇپ ئۇزاپ كەتكەن ماشىنىنىڭ كەينىدىن ئۈن - تۈنسىز قارىشىپ تۇراتتى. شۇ چاغدا چوڭ يولدا ئابلىز بىلەن گايىت ئاخۇن پەيدا بولدى. هەممەيلەن ئۇلاردىن نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى ئۇقماقچى بولۇپ قارىشىپ تۇردى.

— خالايىق! — دىدى گايىت ئاخۇن ئورنىدا توختاپ، — رەھمەتلىك سايىم

www.uyghurkitap.com

ئاخۇننىڭ قاتىلى ئاخىرى ئېنىقلاندى، قاتىل ئاشۇ، — ئۇ ماشىنا كەتكەن تەرەپنى قولى بىلەن ئىشارە قىلدى، — ئەمدى رەھمەتلىكنىڭ روھىمۇ ئارام تاپقاندۇ، قوشباغمۇ بۇ مەرەزدىن قۇتۇلدى...

11

ئارىدىن بىر ئاي ئۆتتى.

ئەتىيازنىڭ جىددى، ئالدىراشلىق چاغلىرىمۇ ئاياقلىشىپ قالدى. قوشباغنى زىلزىلىگە سالغان 1983 - يىلىنىڭ باھارى ئۆتۈپ، ياز ئايلىرى باشلاندى. بۇ باھار قوشباغقا خېلىلا ئۆزگىرىش ئېلىپ كەلدى. باغلار ھۆددىگە بېرىلدى، نەچچە يىللاردىن بۇيان قوشباغنى بوزەك قىلغان ھاشارەت ئاپىتى تىزگىنلەندى.

ئەمما، ئابلىز بۇنىڭغا قانائەت قىلمىدى. ئۇنى يېڭى - يېڭى ئوي - پىكىرلەر، پىلانلار ئۆزىگە ئەسىر قىلىۋالاتتى. يېقىندىن بۇيان ئۇنىڭدا يېڭى بىر خىيال پەيدا بولدى ۋە بۇ خىيال ئۇنىڭغا زادىلا ئارام بەرمىدى. ئۇ، ھەر جەھەتتىن ئىنچىكىلىك بىلەن ھېساپلاپ كۆردى ۋە بۇنىڭ مۇمكىنچىلىكىگە كۆزى يېتىپ، قەتئىي قارارغا كەلدى - دە، ياسىن شۇجى بىلەن مەسلىھەتلەشكىلى شەھەرگە كەلدى.

ياسىن شۇجى بىلەن ئابلىز ئۇزاقتىن بېرى كۆرۈشمىگەن ئىدى، شۇڭا ياسىن شۇجى ئۇنى قىزغىن كۈتۈۋالدى، قوشباغنىڭ ئەھۋالىنى تەپسىلى سۈرۈشتۈردى، ئابلىز بىر قۇر دوكلات قىلغاندىن كېيىن ئۆز پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

— بىز قوشباغدا بىر كونسېرۋا زاۋۇتى قۇرساق دەپ ئويلاۋاتىمىز، — دېدى ئۇ، — بۈگۈن شۇ ئىش توغرىلىق كېلىۋېدىم.

— كونسېرۋا زاۋۇتى؟ — ياسىن شۇجى قىزىقتى.

— خام مەھسۇلاتقا تايىنىپلا باغۋەنلەرنىڭ قەددىنى كۆتىرىش ناھايىتى تەس ئىكەن. ئەگەر بىز نەشپۈتلەرنى پىششىقلاپ ئىشلىسەك نەچچە ھەسسە پايدا ئالغىلى بولىدىكەن. بولۇپمۇ نەشپۈت پىشىشاي دەپ قالغاندا، نۇرغۇن نەشپۈتلەرنى بوران قېقىپ تاشلايدۇ، ئادەتتە بۇ نەشپۈتلەر سېسىپ كېتىدۇ، زاۋۇت بولغاندا بۇلاردىنمۇ نۇرغۇن كونسېرۋا ئىشلەپ پۇل قىلغىلى بولىدۇ...

— ھە، ھە، ياخشى گەپ ئىكەن، — ياسىن شۇجى خۇشال بولدى، — ياخشى ئويلاپسىلەر، چوقۇم شۇنداق قىلىش كېرەك. ئۆتكەندە بىز پىچان ناھىيىسىدىكى بىر ئۈزۈمچىلىك مەيدانىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇق، ئۇلار ئۈزۈمدىن هاراق ئىشلەپ ناھايىتى تېز بېيىپ كېتىپتۇ. ناھايىتى ياخشى ئويلاپسىلەر، ھازىر مەركەزمۇ باي بولۇشنى تەكىتلەۋاتىدۇ. خوش، ئىقتىساتنى قانداق ھەل قىلماقچىسىلەر؟

— بانكىدىن قەرز ئالماقچىمىز، دەپ ئويلاۋاتىمەن.

— بولىدۇ، مەن قەتئىي قوللايمەن، قولۇمدىن كەلگىنىچە ياردەم قىلىمەن.

ئاخىرىدا، ئۇ ئابلىزغا يېڭى بىر خەۋەرنى ئۇقتۇردى:

— سىزنىڭ جەنىمىڭنى سىزگە ياردەمچىلىككە بەلگىلىدۇق، سىز قانداق قارايسىزكىن؟

— ناھايىتى ياخشى بوپتۇ، — ئابلىز خۇشاللىقنى يوشۇرالمىدى، — ئەمدى ياخشى بولدى.

ئابلىز ياسىن شۇجى بىلەن خوشلىشىپ

www.uyghurkitap.com

چىققاندا ئاللىقاچان چۈش بولۇپ قالغان ئىدى. ئابلىز قوسىقىنىڭ خېلىلا ئاچقانلىقىنى ھىس قىلدى. ئۇ، شوپۇر بىلەن بىللە تار كوچىدىكى ئاشخانىلارنىڭ بىرىگە كىردى. ئابلىز كىرگەندە ئاشخانىنىڭ سېمىز خوجايىنى كەمدۇ بىرسىنى سوراققا تارتىۋاتاتتى.

— مەن ساڭا ئايىقىڭنى چاققان قىل دەپ نەچچە قېتىم ئېيتتىم، سېنىڭ دەستىڭدىن خېرىدارمۇ ئازلاپ كېتىۋاتىدۇ...

بۇلۇڭدا بىر ياش يىگىت بېشىنى كۆتەرمەستىن قاچا يۇيۇۋاتاتتى. ئابلىز ئۇنىڭ چىرايىنى كۆرەلمىدى.

— ھە، كېلىشسىلە مېھمانلار، — دېدى ئاشپەز ئابلىز بىلەن شوپۇرنى كۆرۈپ ۋە يەنە ھېلىقى يىگىتكە ۋاقىرىدى، — نىمە دېپەيدەك تۇرىسەن ھوي لەقۋا، مېھمانلارغا چاي قۇيىمامسەن!

يىگىت ئالدىدىكى چۆگۈننى ئېلىپ كەينىگە ئۆرۈلدى - دە، ئابلىزنى كۆرۈپ داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى. ئۇ، ئادىل ئىدى. ئۈستى - باشلىرى يۇندىغا مىلەنگەن، يۈز - كۆزلىرى كىرلىشىپ كەتكەن ئادىل تولىمۇ بىچارە ھالەتتە ئىدى.

— ۋوي، ئادىلمۇ سەن؟ — ئابلىز ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى.

ئادىلنىڭ كۆز چاناقلىرىدا ياش ئەگەدى. ئادىلنىڭ بۇ ھالىنى كۆرۈپ ئابلىزنىڭ ئاچقان قوسىقىمۇ غىققىدە بولدى.

— ئوبدانمۇ ئۇچراشتۇق، — دېدى ئابلىز ئۇنىڭ مۈرىسىگە قولىنى قويۇپ، — يۈر، كېتەيلى، ئاناڭ سېنى بەك سېغىنىپ كەتتى.

ئادىل ئۆزىنى تۇتالمىدى. ئۇ يېنىدىكى ئۈستەلگە بېشىنى قويۇپ، ھۆكىرەپ يىغلىۋەتتى.

كۆز ئالدىدا بولىۋاتقان ئىشتىن



ھەيران بولغان ئاشپەز ئابلىزغا ئەندىكىپ قاراپ قالغان ئىدى.

— ئۆزلىرى... ئادىلنىڭ نىمىسى بولىلا؟ — دېدى ئۇ ئاخىرى.

— ئاكىسى بولىمەن، — دېدى ئابلىز

ئۇنىڭغا، — ئادىل سىلنى رەنجىتىپ قويغان ئوخشايدۇ، ئەيىپكە بۇيرۇمىسىلا!

— ياق، ياق، ھەرگىز...

ئابلىز ئادىلنىڭ مۈرىسىدىن يۆلەپ ئۆزىگە قاراتتى.

— يۈر ئادىل، ئۆيگە كېتەيلى، — دېدى ئابلىز ۋە ئادىلنىڭ قولىدىن يېتىلىگىنىچە ماشىنىغا قاراپ ماڭدى...

قوشباغنىڭ باغلىرى كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ئادىل ماشىنا ئەينىكىدىن بۆكىدە قاراڭغۇلاشقان باغلارغا تىكىلمەكتە ئىدى. يولدا ئۇنىڭغا تونۇش چىرايلار كۆرۈنمەكتە، ئۇ كىشىلەرنىڭ ئۆزىنى كۆرۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەندەك تۆگۈلۈپ ئولتۇرماقتا. قوشباغقا كىرگەندە ئابلىز شوپۇرنى توختاتتى:

— ئادىل، رولنى ئۆزەڭ ئال، — دېدى ئۇ ئادىلغا قاراپ. ئاڭغىچە شوپۇرمۇ رولدىن چۈشۈپ ئادىلغا ئورۇن بوشاتتى. ئادىل بىردەم نېمە قىلارىنى بىلمەي تۇردى. ئابلىز ئۇنى ئىتتەرگىنىچە رولغا چىقاردى ۋە:

— ئۇدۇل ئۆيگە ھەيدە، — دەپ بۇيرۇدى.

ئادىل تىترىگەن ھالدا رولغا قول ئۇزاتتى.

ئىشىك ئالدىدا خوشنىسى بىلەن پاراڭلىشىپ تۇرغان ئايشەمخان ئاچا مەھەللىنىڭ تار كوچىسىغا قايرىلىپ كىرگەن ماشىنىنى كۆرۈپ يۈرىكى جىغىلداپ كەتتى. ئۇ ئۆزىگە قاراپ يېقىنلاپ كېلىۋاتقان ماشىنىدىن كۆزىنى ئالماي تۇراتتى. ماشىنا ئۇنىڭغا ئون قەدەمچە قالغاندا توختىدى، ئاۋال ماشىنىدىن ئابلىز چۈشتى ۋە ئايشەمخان ئاچىغا قاراپ شەرەت قىلدى:

— ئايشەمخاچا، قارىسىلا، كىم كەلدى؟

ئايشەمخان ماشىنىغا قاراپ يۈگۈردى، ئانىنىڭ يۈرىكى ئوغلىنىڭ ھىدىنى سەزگەن ئىدى. ئادىلمۇ ماشىنىدىن چۈشتى ۋە يۈگۈرگەن پېتى ئانىسىنىڭ قۇچىقىغا ئۆزىنى ئاتتى.

×

ئۇپۇق كەچكى شەپەق نۇرىدا ئوتقاشتەك قىزارغان، قۇياشنىڭ قىزغۇچ نۇرلىرى دەريا يۈزىدە جىلۋە قىلماقتا.

ئابلىز دەريا بويىدا يالغۇز تۇراتتى، ئۇ پات-پاتلا سائىتىگە قاراپ قوياتتى ۋە گۈگۈم پەردىسىگە ئورالغان مەھەللە تەرەپكە كۆز تاشلايتتى. بىر دەمدىن كېيىن قىرغاقتا بىرسىنىڭ قارىسى كۆرۈندى ۋە ئابلىزغا قاراپ ئاستا كېلىشكە باشلىدى. يازنىڭ سالقىن شامىلى ئۇنىڭ بوينىدىكى ئاق ياغلىقىنى يەلپۈمەكتە ئىدى.

ئابلىزنىڭ يۈرىكى دۈپۈلدەشكە باشلىدى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدى بىر چاغلاردىكىدەك سېغىنىش ۋە شېرىن تۇيغۇ بىلەن ئېرىدى. مانا قانچە يىللار ئۆتتى، گۈللەر نەچچە قېتىم ئېچىلىپ، نەچچە قېتىم توزىدى، ئەمما ئابلىزنىڭ قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغان ئاشۇ چاغ، مۇشۇ دەريا بويى ھېچ قاچان، ھېچقاچان ئۇنتۇلمىدى. چۈنكى، ئۇ دەل مۇشۇ يەردە سادەتكە ئۆز قەلبىنى ئىزھار قىلغان ئىدى، ئۇلار مۇشۇ دەريا بويىدا دەسلەپكى مۇھەببەتنىڭ شېرىن، غەمسىز لەززىتىگە چۆمگەن ئىدى...

سادەت ئۇنىڭغا يېقىن كەلدى. ئۇ ناھايىتى چىرايلىق كېيىنگەن، ئاشۇ قىز ۋاقتىدىكىدەك كۆزلىرىدە ھاياجانلىق تۇيغۇ يالتىرايتتى. ئۇلار گەپ-سۆزسىز بىر بىرىگە ئۇزاق قارىشىپ تۇردى. سادەت نېمىدۇر دېمەكچى بولدى، لېكىن گەپ قىلماستىن، ئابلىزنىڭ كۆكسىگە بېشىنى قويدى ۋە پۈتۈن ئىنتىزارلىقىنى، دەرت-ئەلىمىنى كۆز يېشى ئارقىلىق ئىزھار قىلدى...

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئاشنا بىل

ئەزىزوپ قاسىم

ئەھلى ئالىم نامى تارىخ ئىچرە ئۆچمەس ھەچقاچان،
ئەجرىدىن تارىخ بىتىگە گۈل چېكىپ ئۆتكەچ ھامان.

ئەيلىگەندە سەيلىگاھ ئاسماندا يۇلتۇز، ئايىنى ئۇ،
تەلمۈرۈپ قالغاي ئاڭا گەدەن سىلاپ يەردە نادان.

ئۆتىدۇ ئاي يىلنى قوغلاپ بەيگىنىڭ تۇلپارلىرى،
كىم ۋاقىت تىزگىنىنى تۇتسا بارار پەللە تامان.

بىل ئاسان ئىش يوق جاھاندا بەلنى مەھكەم چەگمىسەڭ،
چۈنكى يول تەكشى ئەمەس، بار ھەر قەدەمدە تاغ - داۋان.

ئۆگىنىپ ئۆمرۈڭ بويى قىلساڭ ئىلىم - پەنگە يۈرۈش،
مەرىپەت قۇدرىتىدىن بولغاي قىيىن ئىشلار ئاسان.

ياشلىغىڭ رەڭدار پورەكگۈل خۇش ھىدى ھەريان تارار،
ئەيلىسەڭ پەرۋاز ساڭا ئىمكانى بەرگەي ھۆر زامان.

نەۋ باھارنىڭ سەلكىنىدە مەس بولۇپ تەييارنى يەپ،
ياتمىغىن، تۇرغىن سەپەرگە، تاللىغىن چوڭ بىر نىشان.

قەددى - قامەتلىك چىنارنىڭ سەن بولۇپ بىر تال شېخى،
قىلمىغىن تىللا يوپۇرماقىڭنى كۆز كەلمەي غازاڭ.

قالغۇسى چەكلىك ئۆمۈر ئاقىۋەت چەكسىز بولۇپ،
قالدۇرۇپ كەتسەڭ ئىجاتلار ئۇنتۇماس ئەھلى جاھان.

ۋەتىنىڭ، خەلقىڭ ئۈچۈن تۆكسەڭ ئەگەر تەر ۋە قېنىڭ،
ئاچقۇسىدۇر گۈل چېچەكلەر، بۇندا يوق ھېچبىر گۇمان.

كىمكى تۇتسا مەرىپەت ناملىق بۇ يارنى ئاشنا،
نۇرلىنىپ قەلبى سائادەت بەھرىدىن تاپقاي ئامان.

# گۈزەل

ئابدۇرېھىم ئىسمايىل

بىر پەرى كۆردۈم ئېتىزدا ماھى تاباندىن گۈزەل،
تەرىپىگە سۆز يېتىشمەس ھۆرى-غىلماندىن گۈزەل.

قاشلىرى گويا قەلەمدەك، كۆزلىرى ئاھۇ كەبى،
قاپقارا قۇندۇز چېچىنىڭ كۆركى بوستاندىن گۈزەل.

زوق بىلەن ئىشلەۋېتىپتۇ كەڭ ئېتىزنىڭ قوينىدا،
ئىشتىكى ئوبرازى ھەرقانداقكى ئىشچاندىن گۈزەل.

ئوتتىكى ئالتۇن تۇسىنى ئاپتۇ ئاپتاپتا يۈزى،
مەڭزىنىڭ رەڭدارلىقى لەئلى بەدەخشاندىن گۈزەل.

گۈلدىكى شەبنەمگە ئوخشاش ماڭلىيىن قاپلاپتۇ تەر،
تەرگە چۆمگەن ھالىتى باغ ئىچرە رەيھاندىن گۈزەل.

قولى ئىشتا، ئاغزىدا كۈي، شۇنچە بەك خۇشخۇي ئۆزى،
دىلرەبا شات ناخشىسى بۇلبۇل غەزەلخاندىن گۈزەل.

تىڭشىدىم، كۈيلەپ دېدى: «ئەمدى دېخانلار بولدى باي،
دەۋرىمىز بولغان ئۈچۈن ئىلگىرىكى دەۋراندىن گۈزەل.»

ئېپىرىن ئېيتتىم ئاڭا، قالدىم دىلىمدىن ياقتۇرۇپ،
ئۇرغىدى بىر ھېسسىيات قەلبىمدە فونتاندىن گۈزەل.

www.uyghurkitap.com

# ياشلىق كەتكەندە

ياسىن مەخسۇت

پۇشايماندىن يۈرىكىمگە سىلىپ ئىز،
كەتتى گۈزەل ياشلىق چىغىم يىراقلاپ.
ئۆتەر ئىكەن ئۆمۈر ئاقار يۇلتۇزدەك،
نۇر چاچماسكەن ئۇ قايتىدىن چاراقلاپ.
«نىمە بەردىڭ ۋەتەن - ئەلگە ھاياتتا»
دەپ ۋىجدانىم تۇرار مىنى سوراقلاپ.

سوئاللارغا جاۋاپ ئىزدەپ مەن ھامان،
شەبنەم قونغان گۈل ھۆسنىگە باقىمەن.
توزۇيدۇ گۈل قويۇپ مىنى ئارماندا،
يەنە خىيال قاينىمىدا ئاقىمەن.
گۈلدەك توزۇپ كەتسە ياشلىق ھاياتىم،
قايسى تۆھپەم بىلەن ئەلگە ياقىمەن؟

مەن مۇراجەت قىلىپ باقسام تاغلارغا،
بىر جاراڭلىق سادا كىلەر ئۇنىڭدىن.
«قوينۇمدا بار پۈتمەس بايلىق - مەدەنلەر،
نەپ ئالدۇ ۋەتەن، خەلقىم شۇنىڭدىن.
بولمىسىمۇ تىنىمىدە جان ۋە لىكىن
ئەلگە بىرەر تۆھپەم كۆپتۇر سىنىڭدىن.»

دەريالارغا باقسام ئەگەر تەلمۈرۈپ،
شاۋقۇنلىرى بەردى ماڭا دەل جاۋاپ.
«جان بىغىشلاپ چەكسىز قاقاس چۆللۈككە
تاپتۇق ئىنسان ئەھلىدىن بىز كۆپ ساۋاپ.»
خىجالەتتە ئىگىپ شۇ چاغ بىشىمنى،
ئۇيناپ ئاققان سۇغا قىلدىم مەن تاۋاپ.

جاۋاپ تاپتىم ئاشۇ قىيىن سوئالغا،
گۈل بەرگىگە، تاغ - دەرياغا بىقىپ مەن.
يەتمەپتىمەن ياشلىقىمنىڭ قەدرىگە،
قۇرۇق ھەۋەس قاينىمىدا ئىقىپ مەن.
پۇشايمانغا قالماس ئىدىم، ئۆتسەم گەر،
شۇ غەپلەتنىڭ بۆشۈگىنى چىقىپ مەن.

ھايات دىگەن شۇنداق ئىكەن رەھىمسىز،
باقمايدىكەن ھىچ كىشىنىڭ رايىغا.
يەتكۈزمىسەڭ ياشلىغىڭنى سەن ئەگەر،
ئىلىم - پەندە كامالەتكە - ۋايىغا.
ئوخشاپ قالار ئۆتكەن ئۆمۈر ئاخىرى
قۇياش پاتقان چاغدا ئۆچكەن سايىغا.

# شېئىرلار

تەلئەت قادىر

## تـاغ

زەپ ھەيۋەت تاغلارغا باقسام ھەر قېتىم،
جۇش ئۇرار دەريادەك دىلدا مۇھەببەت.
چۈنكى، مەن بىر تاغلىق قويچىنىڭ ئوغلى،
بەخش ئەتكەن تىنىگە تاغلار جاسارەت.

تىكىلسەم تاغلارغا، باتۇر ئەجداتلار،
تاغ سۈپەت ئالدىمدا بولار نامايان.
ئۆگەندىم، ھاياتتا تاغدەك ياشاشنى،
(ياشايمەن، تاغ يۈرەك بولۇپ ھەرقاچان.)

## يۇلتۇز

ساقدى بىر يۇلتۇز ئۇق تېزلىگىدە،
ئىنسانىمۇ ئىرپان كۆكىدە
ۋادەرىخ! ئۆچتى ئۇ، قالمىدى ئىزى.
ئىجاتتىن كۆلىمىسە ئۆچەر يۇلتۇزى.
ئويلۇدۇم...

## گـۇل

ئويلاپ كۆرگىن، ئادەت قىلغان بەزىلەر،
بىلىمەس لېكىن هاياتىغا ئەجرىدىن
ياشلىغىنى قىزىلگۈل دەپ ئاتاشنى.
خۇددى گۈلدەك مەنا بېرىپ ياشاشنى.

## تاڭ نۇرىدەك تارايسەن

كۈلسە هەر تاڭ ئۇپۇقتا نۇر پەرىسى،
كۈلدى بىردىن تەپەككۇرۇم ئاسمىنى،
زەرچەشمىسى هاياتلىقنى ئويغىتار.
دىلنى چۇلغاپ ئالدى پىكىر تۈيغۇسى.
بولۇپ خۇددى مۇهەببەتنىڭ تەڭرىسى،
قەلبىمگە زەر تاڭ نۇرىدەك تارايدۇ،
هەر بىر دىلدا سۆيگۈ، يالقۇن قوزغىتار.
ئانا يۇرتۇم مۇهەببىتى — سۆيگۈسى.

# پەرزەنت ئىشقى

**هەبىبۇللا ئوسمان**

«تە...تە» قىلسام كۈلدى قىزىم ۋىلىق - ۋىلىق،
پىلتاڭ ئېتىپ مېڭىشلىرى خۇددى بېلىق.
كۈلسە چىقار زىناقلىرى غۇنچە كەبى،
كۆزى ئۇنىڭ قاپقارادۇر زەپمۇ قېنىق.

كۆرۈندى ئۇ بەختىمىزنىڭ يۇلتۇزى بوپ،
سۆيۈپ كەتتىم قىلغاچ يەنە تاتلىق قىلىق.
بىر جۈپ كۆزى مەڭ كۆرۈندى كۆزلىرىمگە،
ئىقبال، بەختى كۆز ئالدىمغا كەلدى ئېنىق.

# چېگرىدىن خەت

**ياسىنجان ئەمەت**

مەن گۈزەتتە — يىراق چېگرىدا،
كۆكتە پارلاپ ئۇزەر تولۇن ئاي،
قوللىرىمدا دۇربۇن، ئاپتومات.
ۋۇجۇدۇمغا شۇدەم ئۇيقۇ يات.

×

دولقۇنلايدۇ ۋەتەن ئىشقىدا،
قەلبىم مېنىڭ بولۇپ بىر دەريا.
چىقىقان كەبى باغ سەيلىسىگە،
قول تۇتۇشۇپ سەن بىلەن گويا.

تومۇرلىرىم خۇددى بىر دەريا،
كۆكسۈمگە بوش كەلمەكتە ئالەم.
دولقۇنلىدى مانا سۆيگۈنىڭ،
شارابىدىن كۆڭۈل پىيالەم.

ھەر ئاخشامدا چىقسام گۈزەتكە،
سىردىشىمەن ئۆزەك ئەي گۈلۈم.
ھىجرانلارنى قوغلاپ تىنىمسىز،
جېنىمغا جان قوشتۇك بۇلبۇلۇم.

شۇڭا مېنىڭ ئىپتىخار، پەخرىم،
چېگرىمىزنى بىدار گۈزەتمەك.
ۋەتەن ئامان بولسا، ئامرىغىم،
ھېچگەپ ئەمەس ۋىسالغا يەتمەك.



# بىزنىڭ ئەدىپلىرىمىز

ئاپتونوم رايونىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن

## باھار كۈيچىسى

— تالانتلىق شائىر ئابدۇكېرىم خوجا توغرىسىدا —



كەلدى يۇرتۇمغا كىرىپ تېرىلغۇ ئاي،
خېلىلا قالدى ئىسسىپ ھەممىلا جاي.
قالدى پۇشماقلاردىلا قىشنىڭ يۇقى،
تۇردۇ ياش تامچىتىپ مىسكىن چىراي.
بەك ئېغىر كەلگەن چېغى قىشقا ئۇزاش،
بولمىسا چىقامدۇ ياش كۆزدىن ئوڭاي؟

ۋەتىنىمىزنىڭ ئۈستىدە ئون يىلغا سوزۇلغان زىمىستان قىش مەزگىلىدە تۆھمەت خەنجىرى يۈرەك-باغرىنى تىلغاپ قان-زەرداپقا تولدۇرۇۋەتكەن بىگۇنا شائىرنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق باھارنىڭ ئىللىق نۇرىغا چۆمۈپ ساقايغان ۋە شاتلانغان قەلبىدىن ئۇرغۇپ چىققان بۇ ياڭراق سادا مەملىكەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ 4-نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىغا قاتناشقان ئەدىپلەرنى قاتتىق ھاياجانغا چۆمدۈردى. سول ئىدىيىنىڭ قالدۇق زەھەرلىرىنى كۆزىدىن ياش تامچىتىپ تۇرغان مىسكىن چىراي قىشقا ئوخشىتىپ، ئاچچىق مەسخىرە قىلغان بۇ شائىر — بىزنىڭ تالانتلىق شائىرىمىز ۋە ئاتاقلىق ئەدىبىي تەرجىمانىمىز ئابدۇكېرىم خوجا ئىدى.

ئابدۇكېرىم خوجا 1928-يىلى 11-ئاينىڭ 20-كۈنى قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ ئالتۇنلۇق يېزىسىدا كەمبەغەل دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلدى. 1931-يىلى قۇمۇل دېھقانلىرى مۇستەبىت مىلىتارىست جىن شۇرېننىڭ ئەكسىيەتچىل ھاكىمىيىتىگە ۋە يەرلىك فېئودال ۋاڭلارنىڭ دەھشەتلىك ئېكسپىلاتاتسىيىسىگە قارشى قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتىرىپ مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغاندا، ئۇنىڭ ئائىلىسى گەنسۇ ئۆلكىسىگە قېچىپ بېرىپ، ئەنشى، دۇڭخۇاڭ، جۇچۈەن ۋە جىياگىيى قاتارلىق جايلاردا سەرگەردانلىق تۇرمۇش كەچۈرۈشكە مەجبۇر بولدى ۋە ئاخىرى جۇچۈەن

ۋىلايىتىدە ماكانلىشىپ قالادى. ئابدۇكېرىم خوجا باشلانغۇچ مەكتەپ بىلەن ئوتتۇرا مەكتەپنى ئەنە شۇ جۇڭچۈەندە ھۆكۈمەت راسخودى بىلەن پۈتتۈردى.

شائىرنىڭ دادىسى ھەم دېخان، ھەم ئۇستا موزدۇز بولغانلىقى ئۈچۈن، ياز كۈنلىرى ئىجارىگە يەر ئېلىپ، سەككىز ئوغۇل ۋە ئۈچ قىزنى باشلاپ، قوغۇن تېرىپ تىرىكچىلىك قىلسا، قىش كۈنلىرى موزدۇزچىلىق قىلىپ جان باقاتتى. ئائىلىدىكى نامراتچىلىقنىڭ كۈندىن-كۈنگە ئېغىرلىشىشى كېيىنكى چاغدا ئۇنى موزدۇزچىلىقتىن تاشقىرى يەنە قاسساپچىلىق ۋە يايمىكەشلىك قىلىشقىمۇ مەجبۇر قىلدى. ئابدۇكېرىم ئائىلىدىكى بۇ خىل ئەمگەكلەردىن زادىلا قالمايتتى. ئۇ قىشلىق ھەم يازلىق تەتىللەردە دادىسى قاسساپچىلىق قىلىش ئۈچۈن سېتىۋالغان قويلارنى باقاتتى. لېكىن ئۇنىڭ يېنىدىن ئوقۇشلۇق كىتاپلار بىلەن ھېكايە، رومانلار بىر كۈنمۇ ئايرىلمايتتى، ئۇ ھەتتا كۆزىگە چىرايلىق كۆرۈنگەن يېزا مەنزىرىلىرى بىلەن ئۆزى بېقىۋاتقان قويلارنى تەسۋىرلەپ رەسىممۇ سىزاتتى.

ئابدۇكېرىم خوجا باشلانغۇچ مەكتەپ بىلەن ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇپ يۈرگەن چاغلىرىدا سىنىپنىڭ تام گېزىتلىرىنى پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن بېرىلىپ ئىشلەيتتى، شۇڭا سىنىپ مۇدىرلىرى ئۇنى ھەر دائىم سىنىپنىڭ تام گېزىتىغا مەسئۇل قىلىپ قوياتتى. ئۇ دەرسخانىدا دۇفۇ، لى بەي، بەي جۈيى قاتارلىق مەشھۇر شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىنى قىزىقىپ ئۆگەنسە، دەرستىن سىرتقى چاغلاردا لۇشۈن، گومورو، ماۋدۇن، باجىن، شې بىڭشىن، ئەي چىڭ، زاڭ كېجيا قاتارلىق ئەدىپلەرنىڭ ئەسەرلىرىنى قولدىن چۈشۈرمەي، ھەۋەس بىلەن ئوقاتتى.

ئابدۇكېرىم خوجا 1946 - يىلىنىڭ كۈز پەسلىدە ئائىلىسى بىلەن يۇرتى قومۇلغا كۆچۈپ كەلدى. 1947 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا نەنجىڭگە بېرىپ «نەنجىڭ دۆلەتلىك چېگرا مەكتەپ» تە ھۆكۈمەت راسخودى بىلەن بىر يىلغا يېقىن بىلىم تەھسىل قىلدى. بۇ دەل گومىنداڭ ئەكسىيەتچىل ھاكىمىيىتى زاۋاللىققا يۈز تۇتقان ۋە ئىلغار ئوقۇغۇچىلار ھەركىتى نەنجىڭ شەھىرى بويىچە جۇش ئۇرۇپ قانات يېيىۋاتقان مەزگىل بولۇپ، چېگرا مەكتەپمۇ ئۇنىڭدىن خالىي ئەمەس ئىدى. چېگرا مەكتەپنىڭ دەرۋازىسىدىن ئەمدىلا كىرگەن ياش ئابدۇكېرىمنىڭ كۆزى ئەڭ ئاۋال «ئىچكى ئۇرۇشقا، ئاچارچىلىققا ۋە قۇللۇق تەربىيىگە قارشى تۇرايلى!» دېگەن شۇئارلارغا چۈشتى. بۇ چاغدا مەكتەپ ئىچىدە ھەر مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىدىن تەركىپ تاپقان ئىلغار كۈچلەر بىلەن بىر ئوچۇم گومىنداڭپەرەست ئوقۇغۇچىلار ئوتتۇرىسىدا ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ھوقۇقىنى تالىشىشنى مەركەز قىلغان سىياسىي كۈرەش جىددىي كېتىۋاتاتتى. ئابدۇكېرىم ھە دېگەندىلا ئاشۇنداق ئىككى خىل ئوقۇغۇچىلارنىڭ قورشاۋىدا قالدى ۋە كۆپ ئۆتمەستىن ئىلغار ئوقۇغۇچىلار تەرىپىگە ئۆتۈپ، ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش كۈرىشىگە ئاكتىپ قاتناشتى. سايلامدا ھوقۇق ئىلغار ئوقۇغۇچىلارنىڭ قولىغا ئۆتتى. ئابدۇكېرىم ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسى سانائى نەپىسە بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولۇپ سايلاندى. بۇ بۆلۈم نەنجىڭدىكى ھەرقايسى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئىلغار خەنزۇ ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن پىكىر ۋە ھېسسىيات ئالماشتۇرۇپ، دوستلۇق ئورنىتىش ئۈچۈن، نۇرغۇن قېتىم مىللەتلەر ناخشا-ئۇسۇل كېچىلىكى، مۇشائىرە كېچىلىكى، ۋالىبول ۋە ۋاسكېتبول مۇسابىقىلىرى ئۆتكۈزدى. مۇشائىرە كېچىلىرىدە ئەي چىڭنىڭ «مەشئەل»، زاڭ كېجيانىڭ «قارا قول» قاتارلىق ئىنقىلاۋىي ھېسسىيات يالقۇنجاپ تۇرغان داستانلىرى ئوقۇلغاندا، ئۇلاردىكى سېھىرىي كۈچ

www.uygurkitap.com

ياش ئابدۇكېرىمنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىپ، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا ئوت تۇتاشتۇرۇۋېتەتتى. شۇ چاغدا ئۇ مەلۇم بىر ساۋاقداشىنىڭ ياستۇق ئىچىدە ساقلاپ كەلگەن ئالمۇتىدا نەشر قىلىنغان ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىيات دەرسلىكىنى ئاستىرتىن ئارىيەت ئېلىپ ئوقۇپ، سوۋېت ئۇيغۇر يازغۇچى، شائىرلىرىدىن ئۆمەر مۇھەممەدى، نۇر ئىسرايىل، ھېزىم ئىسكەندەر، رۇس كلاسسىكلىرىدىن پۇشكىن، لېرمونتوپ، ل. تولستوي، چېخوپ، ئۇلۇغ پۇرولېتارىيات يازغۇچىسى م. گوركىي، شائىر ماياكوۋسكى قاتارلىقلار بىلەن تۇنجى قېتىم تونۇشتى. بۇ ھال ئۇنىڭ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، ئەدەبىي ئىجادىيەت يولىغا دادىل قەدەم قويۇشىغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتتى.

ئابدۇكېرىم خوجا 1949-يىلى 5-ئايدا نەنجىڭدىن قۇمۇلغا قايتىپ كەلدى. شۇ يىلى شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازات بولۇپ، جۇڭگو خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسى قۇمۇلغا يېتىپ كەلگەندە، يەنى 10-ئايدا ئۇ ھەربىي سەپكە كىرىپ، ئارمىيىنىڭ خىزمەت ئۆمىكىدە تەشۋىقاتچى بولۇپ ئىشلىدى، 1950-يىلىنىڭ باشلىرىدىن 1953-يىلىنىڭ ياز ئايلىرىغىچە سابىق شىنجاڭ شۆبە بىيورۇ يەرلىك كادىرلار يېتىشتۈرۈش كۇرسىدا بىر تەرەپتىن ئوقۇپ، بىر تەرەپتىن خىزمەت قىلدى. 1953 يىلىدىن 1956-يىلىنىڭ ئاخىرلىرىغىچە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈم ئەدەبىيات-سەنئەت باشقارمىسىدا، 1956-يىلىنىڭ ئاخىرىدىن 1966-يىلىغىچە ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمىيىتىدە، 1976-يىلى 10-ئاينىڭ باشلىرىدىن 1980-يىلىنىڭ دەسلەپكى يېرىمىغىچە مەركىزىي مىللەتلەر تەرجىمە ئىدارىسىدا ئىشلىدى. 1980-يىلىنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدىن باشلاپ تا ھازىرغىچە جۇڭگو يازغۇچىلار جەمىيىتىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسىدە ئىشلەپ كېلىۋاتىدۇ.

ئابدۇكېرىم خوجا مەرھۇم ئىنقىلاۋىي شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ جەڭگىۋار شېئىرلىرىنى تەرجىمە قىلىپ، ئېلىمىزدىكى خەنزۇ كىتابخانلارغا تەقدىم قىلغان تۇنجى تەرجىمان. 1956-يىلى بېيجىڭ يازغۇچىلار نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «ل. مۇتەللىپ شېئىرلىرىدىن تاللانما» ئەنە شۇ ئەمگەكنىڭ مەھسۇلى ئىدى. ل. مۇتەللىپ شېئىرلىرىدىكى يۈكسەك ئىنقىلاۋىي غايە، جەڭگىۋار روھ، ۋەتەن ۋە خەلققە بولغان سەممىي مۇھەببەت ۋە بەدىئىي ماھارەت ئابدۇكېرىم خوجىنىڭ شېئىرىيەتكە بولغان مۇھەببىتىنى گۈلخانغا ئايلاندۇرۇۋەتتى.

ئۇ باشلانغۇچ مەكتەپتىن تاكى ئالىي تېخنىكومغىچە خەنزۇ تىلىدا بىلىم تەھسىل قىلغانلىقى، ئاساسەن خەنزۇلار ئارىسىدا چوڭ بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۆز ئانا تىلىدىن پۈتۈنلەي دېگۈدەك خەۋەرسىز ئىدى. شۇڭا ئۇنىڭ تۇنجى ئەدەبىي ئىجادىيىتى 1953-يىلى كىتابخانلار بىلەن خەنزۇ تىلىدا يۈز كۆرۈشتى. بۇ ھال ئۇنى بىر تەرەپتىن خوشال قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئېچىندۇراتتى. ئۇ، ئۆزىنىڭ ئىشقى-مۇھەببىتى بىلەن پىكىر-ھېسسىياتىنى خەنزۇ تىلىدا ئىپادىلەپ، كەڭ خەنزۇ كىتابخانلارغا تەقدىم قىلالايدىغانلىقىدىن خوشال بولسا، ئۆزى ئۇيغۇر تۇرۇقلۇق ئۇيغۇر تىلىدا شېئىر يازالمايدىغانلىقىدىن قاتتىق ئېچىناتتى. «ناۋادا خەنزۇ تىلىدىلا شېئىر يېزىپ، كۈنلەرنىڭ بىرىدە راستىنلا شائىر بولۇپ قالسام،— دەپ ئويلايتتى ئۇ،— ئۇ چاغدا كىشىلەر مېنى قايسى مىللەتنىڭ شائىرى دەپ تونۇيدۇ؟ تىل مىللەتنى تەشكىل قىلىدىغان مۇھىم ئامىللاردىن بىرى ئەمەسمۇ؟ مەن ئۆز ئانا تىلىمنى خەنزۇ تىلىدىنمۇ پىششىقراق ئىگەللىسەم، شېئىرنى ئىككىلا تىلدا يازسام، مېنىڭ يازغانلىرىمدىن خەنزۇ كىتابخانلارمۇ، ئۇيغۇر كىتابخانلارمۇ تەڭ بەھرىمەن بولسا، تېخىمۇ ياخشى ئەمەس-

مۇ؟!» شۇنىڭ بىلەن ئۇ بەلنى چىڭ باغلاپ، جاپا-مۇشەققەتتىن قورقماي، خەلققە، كىتاب-ژۇرناللارغا، ئەتراپىدىكى بارلىق قەلەمكەش دوستلىرىغا مۇراجەت قىلىپ، ئۇيغۇر تىلىنى ئۆگىنىشكە كىرىشىپ كەتتى. 1952-يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدىن 1953-يىلىنىڭ بىرىنچى يېرىمىغىچە ئۇ بىر قىسىم يولداشلار بىلەن بىرلىكتە جەنۇبىي شىنجاڭدا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى توپلاش ۋە ئۆگىنىش بىلەن شۇغۇللاندى. بۇ ئانا تىل ئۆگىنىشنىڭ ئەڭ ياخشى پۇرسىتى ئىدى. ئۇ خەلق مەشرەپلىرىنى «ئانا تىلىنىڭ بۇلىقى» دەپ ھېسابلىدى. شۇڭا بىرەر قېتىملىق تاماشىنى، بىرەر كېچىلىك ئۇيقۇدىن كەچسە كەچتىكى، مەشرەپلەرنى زادىلا قولدىن بەرمىدى. مەشرەپلەردە ئېيتىلغان ناخشا، قوشاق، بېيىت، چۆچەك، تېپىشماق ۋە لەتىپىلەرنى زېرىكمەي يېزىۋالدى. بىر مۇنچىلىغان قوشاق، بېيىتلەرنى يادلىۋالدى. ئۇ ئادەتتىكى چاغلاردىمۇ دېھقانلار، ئىشچىلار، تىجارەتچىلەر، زىيالىيلار، دىنىي زاتلار، قىسقىسى، ھەر ساھە، ھەر قاتلامدىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۇستاز تۇتۇپ، ئاخىرى ئۆز ئانا تىلىنى بىر قەدەر پىششىق ئۆگىنىۋالدى. ئۇنىڭ 1961-يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان «ئۇن باھار»، 1979-يىلى بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى نەشر قىلغان «باھار ناخشىسى»، 1984-يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان «تۇپراق، باھار ۋە مەن» ناملىق شېئىر توپلاملىرى ئەنە شۇ تىل ئۆگىنىشنىڭ مەھسۇلىدۇر. ئانا تىلىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىش ئۇنى يەنە «ماۋجۇشى شېئىرلىرى»، «تيەنئەنمېن شېئىرلىرى» ۋە «قىزىل قىيا»، «قىزىل راۋاقتىكى چۈش»، «باھادىر شاھ لى زىچېڭ» ناملىق رومانلارنى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىشقا قاتنىشىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلدى. ئۇ، دۇفۇ، لى بەي شېئىرلىرىنى، «لېي فېڭ ناخشىسى» نى ۋە باشقا خەنزۇ شائىرلىرىنىڭ نۇرغۇنلىغان مۇنەۋۋەر شېئىرلىرىنى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ، كىتاپخانلارغا تەقدىم قىلدى. ئۇ ھازىرمۇ تەن سالامەتلىگىنىڭ ناچارلىقىغا قارىماستىن، ئەنگلىيىنىڭ 19-ئەسىردە ئۆتكەن مەشھۇر شائىرەسى—ئېلىزابىت باراتنىڭ ئون تۆتلىك مۇھەببەت لېرىكىلىرىنى ۋە دۇفۇ شېئىرلىرىنى تەرجىمە قىلىش بىلەن داۋاملىق شۇغۇللىنىۋاتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە تېمىسى ئاكتىۋال، ھەجمى كىچىك داستان ھەم ئۇششاق لېرىك شېئىرلارنىمۇ يېزىۋاتىدۇ.

شائىرنىڭ شېئىر ۋە باللادىلىرى پىكىرىنىڭ يېڭى ھەم چوڭقۇرلۇغى، ھېسسىياتىنىڭ قويۇق ھەم كۆچلۈكلىگى، تىلىنىڭ چۆچۈك، ئوينىاق ھەم ئوبرازچانلىغى بىلەن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ بىر قىسىم شېئىرلىرى 1981-يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئېلىپ بېرىلغان ئاز سانلىق مىللەتلەر ئاپتورلىرىنىڭ 30 يىلدىن بۇيانقى مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرىنى باھالاش پائالىيىتىدە بىرىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ۋە 1982-يىلى مەملىكەت بويىچە ئېلىپ بېرىلغان ئاز سانلىق مىللەتلەر ئاپتورلىرىنىڭ مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرىنى باھالاش پائالىيىتىدە بىرىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

ئابدۇكېرىم خوجا ئۆزىنىڭ ئۇزۇن يىللىق جاپالىق مەنىۋي ئەمگىگى ئارقىلىق، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىغا مۇناسىپ تۆھپە قوشتى. ئۇ، ھازىر ئەدەبىي تەرجىمە ۋە ئىجادىيەت ئىشلىرىدىن تاشقىرى، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، مەملىكەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، «كۆۋرۈك» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى ۋە «شېئىرىيەت»، «تارىم» ژۇرناللىرىنىڭ تەھرىر ھەيئەت ئەزاسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنىمۇ ئۆتەپ كەلمەكتە.

## يازغۇچى ۋە ژورنالىست ـ ئەخمەت تۇردى



ئەخمەت تۇردى 1940 ـ يىلى 11 ـ ئايدا قەشقەر شەھرىدە ھۈنەرۋەن ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلدى. 1949 ـ يىلىدىن 1959 ـ يىلغىچە قەشقەردە باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپتە، 1959 ـ يىلى كۈزدىن 1964 ـ يىلغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇدى. ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىگە تەقسىم قىلىندى. ئۇ شۇندىن تارتىپ ھازىرغىچە «تارىم» ژورنىلى تەھرىر بۆلۈمىدە دەسلەپ مۇھەررىر، كېيىنكى چاغلاردا مۇئاۋىن باش مۇھەررىر بولۇپ ئىشلەپ كەلمەكتە.

ئەخمەت تۇردىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەتكە بولغان قىزىقىشى بالىلىق دەۋرىدىلا باشلاندى. ئۇنىڭ ئانىسى ئوقۇمۇشلۇق ئايال بولۇپ، بەدىئىي ئەدەبىياتتىن خەۋەردار ئىدى، مومىسىمۇ ئۇنىڭغا ھەر دائىم قىزىق ـ قىزىق چۆچەك ھەم لەتىپىلەرنى ئېيتىپ بېرەتتى. ئۇ، مەدداھلار ئېيتقان ھېكايە، جەڭنامىلەرنى ئاڭلاشقا ئامراق ئىدى. بۇ خىل پايدىلىق شەرت ـ شارائىت ئەمدىلا ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئەخمەتنىڭ قەلبىدە بەدىئىي ئەدەبىياتقا نىسبەتەن كۈچلۈك مۇھەببەت ئويغاتتى. ئۇ، شۇندىن باشلاپ ھېكايە، رومان ئوقۇشقا كىرىشىپ، دەسلەپ پۇشكىن، گوركى، چېخوپ قاتارلىق يازغۇچى، شائىرلارنىڭ ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان بىر قىسىم ئەسەرلىرى بىلەن تونۇشتى. ئۇ ھەۋەسكار دوستلىرى بىلەن بىرلىكتە تەشكىللىگەن ئۆگىنىش كۇرژىكى دەرستىن سىرتقى ۋاقىتلاردا كىتاب ئوقۇش ۋە مۇھاكىمە قىلىش پائالىيەتلىرىنى ئۆتكۈزۈپ تۇراتتى. ئەخمەت تۇردى ئۆزىنىڭ تۇنجى ئەدەبىي ئىجادىيەت مەشقىنى ئەنە شۇ يىللىرى باشلىدى. ئۇنىڭ شۇ چاغدا يازغان «چىن دوستلۇق»، «سىنالمىغان يىگىت»، «داغدا قالغان قىز» ناملىق مەشق ھېكايىلىرىنىڭ بەزىلىرى مەكتەپ ژورنىلىدا ئېلان قىلىندى، بەزىلىرى كەچكى كۆڭۈل ئېچىش يىغىنلىرىدا ئوقۇلدى.

ئەينى يىللاردا ئەخمەت تۇردىنىڭ ئائىلىسى بىلەن ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ بىر قىسمى شەھەردە، بىر قىسمى يېزىدا تۇراتتى. بۇ ھال ئۇنى بىر تەرەپتىن ئوقۇپ، بىر تەرەپتىن يېزا تۇرمۇشىنى ئۆگىنىش، دېھقانلار بىلەن قويۇق ئارىلىشىش ۋە ئۇلارنى چۈشىنىش ئىمكانى-

يىتى بىلەن تەمىنلىدى. شۇڭلاشقا ئۇ، 1958 - يىلى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چې-
غىدىلا «تارىم» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان يېزا تېمىسىدىكى «گۆرۈچ» ناملىق ھېكايىسى بى-
لەن كىتابخانلارنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى. شۇنىدىن كېيىنلا ئۇنىڭ «ھاياتنىڭ باشلىنىشى»،
«دەشتكە باھار كەلدى»، «بىزنىڭ ئەۋلات»، «كۈرەش داۋام قىلىدۇ»، «ئازات زامانىمىدىن
ئايلىناي» قاتارلىق ھېكايىلىرى «تارىم» ژۇرنىلىدا كەينى - كەينىدىن ئېلان قىلىندى. بۇ ھې-
كايىلارنىڭ بەزىلىرى ئەينى يىللاردا يەرلىك سەنئەت ئۆمەكلىرى تەرىپىدىن سەھنىلەشتۈرۈ-
لۈپ ئوينالدى، بەزىلىرى رادىيو دىرامىسىغا ئۆزگەرتىلىپ ئاڭلىتىلدى، «كۈرەش داۋام قى-
لىدۇ»، «بىزنىڭ ئەۋلات» ناملىق ھېكايىلىرى خەنزۇچىگە تەرجىمە قىلىنىپ، شىنجاڭدا چى-
قىدىغان «تيانشان» نادلىق ئەدەبىي ژۇرنالدا ئېلان قىلىندى.

ئەپسۇسكى، ئون يىللىق ئىچكى مالىمانچىلىق دەۋرىدە غالجىرانە ھۆكۈم سۈرگەن مەدە-
نىيەت مۇستەبىتچىلىكى ياش يازغۇچى ئەخەت تۇردىنىڭ ئىجادىي پائالىيىتىنىمۇ بىر مەز-
گىل ئۈزۈپ قويدى. پەقەت 1974 - يىلىغا كەلگەندىلا ئۇ، ئۆزىنىڭ «يالقۇنلۇق ياشلىق»
ناملىق ھېكايىسىنى ئېلان قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن «ئالتۇن
ۋادىغا كۆمۈش يول»، «ئۈزۈلمەس كارۋان»، «مەرھابا، باغۋەن»، «يۈرەكتىن يۈرەككە يول»،
«مەھبۇس قىزى» قاتارلىق ھېكايىلىرى گېزىت - ژۇرناللاردا كەينى - كەينىدىن ئېلان قىلىندى.
«گۈلخان»، «غىلغايلىق كىشى»، «5000 كىلومېتىر يىراقلىقتا»، «ئۇ، يولۋاستىن چۈشتى»،
«ئەشرەپ بوۋا» قاتارلىق ھېكايىلىرى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنىپ تونۇشتۇرۇلدى. «مەرھابا،
باغۋەن»، «ئەشرەپ بوۋا»، «سىناق مەيدانىدىكى لەتىپە» ناملىق ھېكايىلىرى ئوتتۇرا مەك-
تەپلەرنىڭ ئەدەبىيات دەرسلىكىگە كىرگۈزۈلدى. 1980 - يىلى ئۇنىڭ «گۈلخان» ناملىق تۇن-
جى ھېكايىلار توپلىمى ۋە 1982 - يىلى «قىيانلىق دەريا» ناملىق پوۋېستى شىنجاڭ خەلق
نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. ئۇنىڭ كەينىدىنلا «باھاردىكى جۇدۇن» «مۇزلىغان
يۈرەك» ناملىق پوۋېستلىرى «تارىم» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنىپ، كىتابخانلار بىلەن يۈز كۆرۈش-
تى. بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى 1984 - يىلى ئۇنىڭ «گىرىمسەن يوللار» ناملىق 2 - ھېكا-
يىلار توپلىمىنى نەشر قىلدى، «قەترە» ناملىق پوۋېستلار توپلىمىنى شىنجاڭ خەلق نەشرىيا-
تى 1985 - يىلى 3 - ئايدا نەشرگە بەردى.

ئەخەت تۇردىنىڭ ھېكايە ھەم پوۋېستلىرى تېمىسىنىڭ يېڭى ھەم ئاكتۇئاللىقى، قۇرۇلمى-
سىنىڭ پىششىقلىقى، سيۇژېتىنىڭ قىزىقارلىقلىقى، تىلىنىڭ ئويناق ھەم ئوبرازچانلىقى بىلەن
پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. شۇڭلاشقا ئۇنىڭ بىر قىسىم ئەسەرلىرى كىتابخانلارنىڭ ياخشى باھاسىغا
ئېرىشتى. «گۈلخان» ناملىق ھېكايىسى 1979 - يىلى دۆلەت بايرىمىنىڭ 30 يىللىق تويىغا
سوغا قىلىنغان ئەسەر سۈپىتىدە ئىككىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، «ھاياتنىڭ باشلىنىشى» نام-
لىق ھېكايىسى 1981 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئېلىپ بېرىلغان ئاز سانلىق مىللەت-
لەرنىڭ 30 يىللىق مۇنەۋۋەر ئەدەبىي ئەسەرلىرىنى باھالاش پائالىيىتىدە ئىككىنچى دەرىجى-
لىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

ئەخەت تۇردى تىرىشچان يازغۇچى، شۇنداقلا تەلەپچان مۇھەررىردۇر. ئۇ، ئۇزۇن يىل-
لاردىن بۇيان «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدە كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان جاپالىق مەنىۋىي
ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىنىپ، ياش مۇھەررىرلەر بىلەن ئاپتورلارنى تەربىيىلەپ، ھازىرقى زا-

(ئاخىرى 117 - بەتتە)

www.uyghurkitap.com

# بىزنىڭ پىكرىمىز

— «〈قۇتادغۇ بىلىك〉 نىڭ ترانسكرىپسىيىلىك تېكىستى ۋە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى يەشمىسى» گە تەقرىز

ئادۇسالام ئابباس

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ 11 - ئەسىردە ئۆتكەن بۈيۈك مۇتەپەككۇرى ۋە تالانتلىق شائىرى يۈسۈپ خاس ھاجىپ يازغان مەشھۇر داستان «قۇتادغۇبىلىك» (تۆۋەندە قىسقارتىپ «بىلىك» دەيمىز)نىڭ ترانسكرىپسىيىلىك تېكىستى ۋە نەزمىي يەشمىسى (تۆۋەندە «نەزمىي يەشمە» دەيمىز) يېقىندا مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. «بىلىك» ئۇيغۇرلار تارىخىدىكى ئالاھىدە بىر دەۋرنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، شۇ دەۋردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تىلى، ئەدەبىياتى ۋە ئىدېئولوگىيىسىنى تەتقىق قىلىشتا غايەت چوڭ ئەھمىيەتكە ئىگە. مەدەنىي مىراسلىرىمىزنىڭ نەشر قىلىنىشىنى تۆت كۆز بىلەن كۈتۈپ تۇرغان خەلقىمىز، بولۇپمۇ زىيالىيلىرىمىز «بىلىك» نىڭ ترانسكرىپسىيىلىك تېكىستى ۋە نەزمىي يەشمىسىنىڭ نەشر قىلىنىشىنى قىزغىن ئالقىشلىدى. ترانسكرىپسىيىلىك تېكىست ۋە نەزمىي يەشمىنى ئىشلەشكە پارتىيىمىز ۋە ھۆكۈمىتىمىز زور غەمخورلۇق قىلدى، كەڭ ئىمكانىيەت ۋە ياخشى شارائىت يارىتىپ بەردى. خەلقىمىز پارتىيىمىز بىلەن ھۆكۈمىتىمىزدىن مىننەتدار. تېكىست ۋە يەشمىنى ئىشلەشكە قاتناشقان يولداشلارنىڭمۇ ئالاھىدە چوڭ ئەجرى سىڭدۈرگەنلىكىدىن خەۋەردارمىز، ئۇلارنىڭ ئەمگىكىنى لايىقىدا باھالايمىز.

«بىلىك» نىڭ ترانسكرىپسىيىلىك تېكىستى ۋە نەزمىي يەشمىسى نەشردىن چىققاندىن كېيىن، بىرمۇنچە ئىلمىي ماقالىلار يېزىلىپ، چوڭ - كىچىك ئىلمىي يىغىنلاردا ئوقۇلدى ياكى گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلىندى. بۇلارنىڭ ئايرىملىرىنى ھېساپقا ئالمىغاندا، كۆپچىلىكى مەلۇم ئىلمىي قىممەتكە ئىگە. «بىلىك» نىڭ نەسرى يەشمىسى ۋە خەنزۇچە تەرجىمىسى نەشرگە تەييارلىنىۋاتىدۇ. بۇلار نەشردىن چىققاندىن كېيىن، تەتقىقات كەڭ قانات يېيىپ كېتىدۇ، دەپ ئىشىنىمىز.

ئەسەر نەشردىن چىققىنىغا بىر يىل بولاي دەپ قالدى، كەڭ كىتاپخانلار ئەسەر بىلەن تونۇشتى. بىز تۆۋەندە بۇ ترانسكرىپسىيىلىك تېكىست ۋە نەزمىي يەشمە ئۈستىدە تەقرىز يۈرگۈزۈپ، كەڭ كىتاپخانلار بىلەن ئورتاقلىشىشنى خالايمىز.

www.uyghurkitap.com

## 1. قايسى نۇسخىنى ئاساس قىلىش مەسىلىسى توغرىسىدا

مەلۇمكى، «بىلىك» نىڭ ئەسلى قولىيازمىسى تېخى تېپىلمىدى. ھازىر ئۇنىڭ كېيىن كۆچۈرۈلگەن ئۈچ نۇسخىسى بار. ئۇلار: قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن كۆچۈرۈلگەن ۋېنا نۇسخىسى، ئەرەپ يېزىقى بىلەن كۆچۈرۈلگەن قاھىرە ۋە نەمەنگان نۇسخىسى. بۇلاردا بېيىتلار سانى ئوخشاش ئەمەس، كۆچۈرگۈچىلەردىن كەتكەن بەزىبىر كەمچىلىك - نۇقسانلارمۇ مەۋجۇت. بۇ ئۈچ نۇسخە ئىلگىرى - ئاخىر تېپىلغاندىن كېيىن، چەتئەل ئالىملىرى تەرىپىدىن بىر نەچچە خىل ترانسكرىپسىيىلىك تېكىست بىلەن بىر نەچچە خىل تەرجىمىسى ئېلان قىلىندى. بۇلاردىن مۇھىملىرى دەپ: نېمىس ئالىمى رادلوف 1910 - يىلى ۋېنا نۇسخىسى بىلەن قاھىرە نۇسخىسى سېلىشتۇرۇپ رۇسىيىدە نەشر قىلدۇرغان نېمىسچە ترانسكرىپسىيىسى ۋە نېمىسچە تەرجىمىسىنى؛ تۈركىيە ئالىمى رېشىد رەھمىتى ئارات 1947 - يىلى ئۈچ نۇسخىنى سېلىشتۇرۇش ئاساسىدا ئىشلەپ چىقىپ نەشر قىلدۇرغان تۈرك لاتىنچىسى بىلەن بېرىلگەن ترانسكرىپسىيىلىك تېكىستنى ۋە يەنە شۇ ئالىم 1952 - يىلى ئەنقەرەدە نەشرقىلدۇرغان تۈركچە تەرجىمىسىنى؛ سوۋېت ئىتتىپاقى ئۆزبېك ئالىمى قەييۇم كەرىموف نەمەنگان نۇسخىسىنى ئاساس قىلىپ ۋە باشقا نۇسخىلىرىدىن پايدىلىنىپ، 1972 - يىلى تاشكەنتتە نەشرقىلدۇرغان ئۆزبېك سلاۋيانچىسى بىلەن بېرىلگەن ترانسكرىپسىيىلىك تېكىستنى ۋە ئۆزبېكچە تەۋسىپىنى كۆرسىتىش مۇمكىن. بۇلاردىن باشقا، گېن شىمىڭ، ۋېي سۈيىيلەر 1979 - يىلى ئۈرۈمچىدە نەشرقىلدۇرغان خەنزۇچە قىسقارتىلغان تەرجىمىسى، س. ن ئىۋانوف نەشرگە تەييارلىغان، ئا. ن كونونوف مەسئۇل تەھرىربولۇپ، 1983 - يىلى موسكۋادا نەشر قىلدۇرغان رۇسچە تەرجىمىسى بار.

«بىلىك» نىڭ ئۇيغۇرچە ترانسكرىپسىيىلىك تېكىستى ۋە يەشمىسىنى ئىشلەشتە قايسى نۇسخىنى ئاساس قىلىش كېرەك؟ بۇ مەسىلە ۋارىسلىق ۋە ئىلمىي نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، پىرىنسىپال مەسىلىدۇر. ناھايىتى ئېنىقكى، بىز ئەسلى كۆچۈرۈلمىلەردىن بىرىنى ئاساس قىلىپ، كەم يېرىنى باشقا كۆچۈرۈلمىلەردىن تولۇقلاپ نەشر قىلىپ تۇرۇشنى ۋە كېيىنچە ئۈچ كۆچۈرۈلمە نۇسخىنى تەپسىلى سېلىشتۇرۇپ تولۇق تېكىستنى ئىشلەپ چىقىشنى تەشەببۇس قىلىمىز، بىزدە مۇنداق ئىمكانىيەت ۋە قابىلىيەت بار. ھازىر بار ئۈچ كۆچۈرۈلمە نۇسخىدىن تولۇقراغى نەمەنگان نۇسخىسىدۇر. ق. كەرىموف مۇشۇ نۇسخىنى ئاساس قىلىپ، بۇنىڭدىكى ئېنىقسىزلىقنى باشقا نۇسخىلاردىن توغرىلاپ ۋە تولۇقلاپ ئۆزبېكچە تېكىستنى ۋە شۇ تېكىست بويىچە ئۆزبېكچە تەۋسىپىنى ئىشلەپ چىققان ھەم «بىلىك» نىڭ كىرىتىك تېكىستىنى تەييارلاش ئىشىنىڭ ئۆلىما ئا. ئا. ۋالىتوۋا تەرىپىدىن بېجىرىلىۋاتقانلىقىنى ئەسكەرتكەن.

«بىلىك» نىڭ بىزدە ئىشلەنگەن ترانسكرىپسىيىلىك تېكىستى ۋە نەزمىي يەشمىسىدە زادى قايسى نۇسخە ئاساس قىلىنغان؟ كىتاپتا «نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن» دېگەن ماۋزۇدا بىر ئىزاھات بېرىلگەن. بۇنىڭدىكى 1 - ئىزاھاتتا «بۇنۇسخا ‹قۇتادغۇبىلىك› داستانىنىڭ ئەسلى مەتنى (تېكىستى) گە ترانسكرىپسىيە بىلەن ئۇنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئىشلەنگەن نەزمىي يەشمىسىدىن ئىبارەت» دېيىلگەن. «ئەسلى مەتنى (تېكىستى)» دېگەندە، قايسى نۇسخە كۆزدە تۇتۇلىدۇ؟ بۇ سوئالغا 2 - ئىزاھات جاۋاپ بېرىدۇ. 2 - ئىزاھاتتا: «بۇ نۇسخىنىڭ نەزمىي يەشمىسى ۋە ترانسكرىپسىيىسىنى ئىشلەشتە «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ۋېنا نۇسخىسى، قاھىرە ۋە پەرغانە نۇسخىسى

ئاساس قىلىندى» دېيىلگەن. مەلۇمكى، بۇ ئۈچ نۇسخە بېيىتلار سانى ۋە مەزمۇن جەھەتتە بىر-بىردىن كۆپ پەرق قىلىدۇ. بۇ ئۈچ نۇسخە تەڭ ئاساس قىلىنىشى مۇمكىنمۇ؟ ماقۇل، بۇ ئۈچ نۇسخە تەڭ ئاساس قىلىنغان بولسا، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى پەرقلەر ۋە ئۇلارنى تۈزىتىش، تولۇقلاش ھەققىدە بىرەرمۇ ئىزاھ يوقتۇ؟! بۇ سوئالغا كىتابقا ئىلاۋە قىلىنغان ‹قۇتادغۇ بىلىك› نىڭ ترانسكرىپسىيىسى توغرىسىدا» دىن جاۋاپ تېپىلىدۇ. ئۇنىڭدا: ‹قۇتادغۇ بىلىك› نىڭ ترانسكرىپسىيىلىك تېكىستىنى ئىشلەشتە رېشىت رەھمەتى ئاراتنىڭ ۋېنا، پەرغانە، قاھىرە نۇسخىلىرىنى تەپسىلى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق تىكلەپ چىققان تولۇق مەتنىدىكى بېيىتلار سانى ئاساس قىلىندى» دېيىلگەن. ئاخىرىغا يەنە «يازما نۇسخىلاردا بولمىغان، ر. ئارات تېكىست مەزمۇنىغا قاراپ قوشقان بەزى ماۋزۇ ۋە ئايرىش بەلگىلىرىمۇ ئەسلى پېتىچە ساقلاپ قېلىندى» دېگەن جۈملە قوشۇپ قويۇلغان. قاراڭ، «تولۇق مەتنى» ئەمەس، «بېيىتلار سانى» ئاساس قىلىنغان ئىكەن. بېيىتلار نومۇرى بېيىتلار مەتنىگە سېلىنغان ئەمەسمۇ؟ شۇنداق قىلىپ، بىر كىتابقا بېرىلگەن ئىككى ئىزاھاتنىڭ كېيىنكىسى ئالدىنقىسىنى، بىر ئىزاھاتنىڭ كېيىنكى جۈملىسى ئالدىنقى جۈملىسىنى رەت قىلىدۇ. ‹قۇتادغۇ بىلىك› نىڭ ترانسكرىپسىيىسى توغرىسىدا» نىڭ 2- سىدە يەنە: «يازما نۇسخىلارنى سېلىشتۇرۇش ئاسان بولسۇن ئۈچۈن يازما نۇسخىلارنىڭ شەرتلىك بەلگىسى (ۋېنا نۇسخىسى A، پەرغانە نۇسخىسى B، قاھىرە نۇسخىسى C) ۋە بەت نومۇرى ئۆز ئورنىدا كۆرسىتىلدى» دېيىلگەن. مەسىلە تېخىمۇ ئايدىڭ. بۇ ئۈچ نۇسخىنى بىرلەشتۈرۈپ ئۆزىمىز رەتلەپ چىققان تولۇق تېكىست يوق تۇرسا، بۇ يازما نۇسخىلارنى نىمىگە سېلىشتۇرىمىز؟ يەنە شۇ ر. ئارات «تىكلەپ چىققان تولۇق مەتنى» ئەمەسمۇ؟ خوپ، «ترانسكرىپسىيە» شۇنداق ئىكەن، «يەشمە» ترانسكرىپسىيىلىك تېكىستنى ئاساس قىلىشى مۇمكىنمۇ؟ ئۇنداق بولمىسا، ئوخشاش نومۇرلار بىلەن ئۇدۇلمۇ-ئۇدۇل بېرىلگەن «ترانسكرىپسىيە» بىلەن «يەشمە» نى نېمە دەپ چۈشىنىش كېرەك؟ بۇ بىر-بىرىگە زىت ئەھۋال «بىلىك» نى نەشرگە تەييارلىغۇچىلاردىكى زىددىيەتلىك روھىي ھالنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، «بىلىك» نىڭ ئۇيغۇرچە نۇسخىسى دەپ ئاتالغان بۇ نۇسخىنىڭ ترانسكرىپسىيىسىنى ۋە يەشمىسىنى ئىشلەشتە «بىسمىللا» سىدىن تارتىپ «تۈگىدى» سىگىچە، يۇقۇرىدا ئېيتىلغان تۈركىيە ئالىمى ر. ئارات 1947 - يىلى مەۋجۇت ئۈچ نۇسخىنى تەپسىلى سېلىشتۇرۇپ تولۇقلاش بىلەن تىكلەپ چىققان تولۇق مەتىن (تېكىست) ھەم شۇ ئالىم شۇ مەتىن بويىچە 1952 - يىلى ھازىرقى زامان تۈرك تىلىغا قىلغان تەرجىمە ۋە ئۇنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى ئاساس قىلىنغان. ھالبۇكى، بۇ پەردە قىزىق بىر ئىش بار. نەشرگە تەييارلىغۇچىلارنىڭ بېيجىڭ «مىللەتلەر نەشرىياتى» غا ئەۋەتكەن ئەسلى ئىزاھاتنىڭ 2 - سىدە: «بۇ نۇسخىنىڭ ترانسكرىپسىيىلىك مەتنىنى ئىشلەشتە تۈركىيە ئالىمى پروفېسسور رېشىت رەھمەتى ئارات تەرىپىدىن ‹قۇتادغۇ بىلىك› نىڭ ۋېنا، پەرغانە ۋە قاھىرە نۇسخىلىرىنى سېلىشتۇرۇپ تولۇقلاش ئاساسىدا 1947 - يىلى نەشر قىلدۇرغان ترانسكرىپسىيىلىك تولۇق مەتىن ئاساس قىلىندى» دېيىلگەن. «‹قۇتادغۇبىلىك› نىڭ ترانسكرىپسىيىسى توغرىسىدا» نىڭ ئەسلى (1) سىدىمۇ يەنە تەكرارلاپ: «‹قۇتادغۇ بىلىك› نىڭ ترانسكرىپسىيىلىك تېكىستىنى ئىشلەشتە تۈركىيە ئالىمى رېشىت رەھمەتى ئاراتنىڭ ۋېنا، پەرغانە، قاھىرە نۇسخىلىرىنى تەپسىلى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق تىكلەپ چىققان تولۇق مەتنى ئاساس قىلىندى» دېيىلگەن. شۇ ئارىدا بۇنداق قىلىشنىڭ توغرا بولمىغانلىقى ھەققىدە

www.uyghurkitap.com

پىكىر بېرىلگەندە، «نەشرگە تەييارلىغۇچى» بېيجىڭ بىلەن ئالاقىلىشىپ، بېسىلىش ئالدىدا تۇرغان كىتاپنىڭ بۇ يېرىنى «ھەممە چىقىملىرىنى ئۈستىمىزگە ئالىمىز» دېگەن شەرت بىلەن ئۆزگەرتكەن. ئۆزگەرتكەندە، «ئىزاھات» تا: «رەت تەرتىۋى...... تولۇق مەتنىنىڭ رەت نومۇرى ئاساسىدا ئىشلەندى» دېيىلگەن بولسا، «ئىلاۋە» دە: «تولۇق مەتنىدىكى بېيىتلار سانى ئاساس قىلىندى» دېيىلگەن. بۇ ھال بىزگە ئۇيغۇر تىلىدىكى «چاپىنىنى ئالدىن دەپ قارغۇ قىلىپتۇ» دېگەن ماقالنى، خەنزۇ تىلىدىكى «سۈيىنى يۆتكەپ، دورىسىنى يۆتكىمىگەن» دېگەن ئىديومنى ئەسلىتىدۇ.

بىز يۇقۇرىدا «نەشرگە تەييارلىغۇچى» دىن بېرىلگەن ئىزاھات ۋە ئىلاۋەدىن نەقىل كەلتۈرگىنىمىزدە، ئۇنىڭدىكى ئىملا خاتالىقىنى تۈزەتمەي ئەينەن كۆچۈردۇق. ئۇلارنىڭ باسما كۆچۈرۈلمىسى قولىمىزدا تۇرۇپتۇ. ئىلىم - پەن تەتقىقاتى سەممىيەتلىكنى تەلەپ قىلىدۇ، ھەر قانچە ئۇستىلىق ئىشلەتكەندىمۇ پاكىتنى ئۆزگەرتكىلى بولمايدۇ.

يەنە شۇنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، «نەشرگە تەييارلىغۇچى» ئىزاھاتتا «بىلىك» نىڭ نەسرى يەشمىسى، خەنزۇچە تەرجىمىسى ۋە ئىندېكسىنى ئىشلەيدىغانلىقىنى سۆزلىگەندە، تولۇق تېكىستنى ئىشلەشنى تىلغا ئالمايدۇ. بۇنىڭدىن ئۇلارنىڭ «ر. ئارات نۇسخىسى» دىن مەڭگۈ قانائەت ھاسىل قىلالمىغانلىغى چىقىپ تۇرۇدۇ.

ر. ئارات قەدىمقى ئۇيغۇر يادىكارلىقلىرىنى رەتلەش، نەشر قىلىش جەھەتتە بىرمۇنچە ئىشلارنى ئىشلىدى، بىز بۇ ئالىمنىڭ ئەمگىكىنى ھۆرمەت قىلىمىز. «بىلىك» نىڭ «ر. ئارات نۇسخىسى» نىڭ بىر قەدەر تولۇق ئىكەنلىگىنىمۇ بىلىمىز. لېكىن، ماركسىتىك تىلشۇناسلىقنىڭ قارىشىچە: «تىلنىڭ تەتقىقات مېتودى تەتقىقات ئوبېكتى، تەتقىق قىلغۇچىنىڭ تىل قارىشى ۋە تەتقىقات مەقسىدىگە ھەم تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىشنىڭ تۈرلۈك شەرتلىرىگە باغلىق بولىدۇ. تىلنىڭ تەتقىقات مېتودى كۆپ ھاللاردا، تىلشۇناسلىق ئېقىملىرىغا باغلىنىدۇ، پەلسەپىۋى نۇقتىئىنەزەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ.» ر. ئارات ۋە ئۇ تەييارلىغان تېكىست ۋە قىلغان تەرجىمە بۇنىڭدىن خالى ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن «بىلىك» نىڭ تېكىستى ۋە نەزمى يەشمىسىنى ئىشلىگەندە، ر. ئارات تىكلىگەن «تولۇق مەتىن» ۋە تۈركچە تەرجىمىنىڭ ئاساس قىلىنىشى بىزنىڭ مىللى غۇرۇرىمىز ۋە پەن - تەتقىقاتىدا تۇتىدىغان پوزىتسىيىمىزگە نۇقسان يەتكۈزىدۇ.

بۇ يەردە شۇنى تەكىتلەش زۆرۈركى، قەدىمقى ئەسەرلەرنى رەتلىگەن، يەشمىسى ۋە ياكى تەرجىمىسىنى ئىشلىگەندە بىزنىڭ ئالدىمىزدا ماڭغانلارنىڭ ئەمگىكىدىن پايدىلىنىشنى ھەرگىز چەتكە قاقمايمىز. بۇ يەردە تەنقىدىي ۋە ئىلمىي پوزىتسىيە تۇتۇش كېرەك. «بىلىك» نى نەشرگە تەييارلىغۇچىلار «ر. ئارات نۇسخىسى» نى ئاساس قىلغىنىدا ئۇنداق قىلمايدۇ، تەنقىدىي پوزىتسىيە تۇتمايلا قالماستىن، ئىلمىي پوزىتسىيىمۇ تۇتمايدۇ. ر.ئارات «بىلىك» نىڭ تولۇق تېكىستىنى ئىشلەپ چىققىنىدا 1500 چە ئىزاھ بەرگەن. بۇ ئىزاھلار قېنى؟ بۇ بىر ئالىمنىڭ ئەمگىكىگە قارىتا تۇتقان توغرا پوزىتسىيەمۇ؟ ياق، ئەلۋەتتە. بولا ئەمەس، مۇنچىۋالا كۆپ ئىزاھ «بىلىك» نىڭ مەزمۇنى، تىلى ۋە شېئىرىيىتىگە تېگىشلىك، كىتاپخانلار ۋە تەتقىقاتچىلار ئۈچۈن كەم بولسا بولمايدۇ. «ر.ئارات نۇسخىسى» نى «تولۇق» دېگەندە، ئەنە شۇ ئىزاھلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ۋاھالەنكى، نەشرگە تەييارلىغۇچىلار بىزگە «تولۇق» دەپ «تولۇقسىز» نۇسخىسىنى تەقدىم قىلغان، خالاس!

## 2. «بىلىك» نىڭ ترانسكرىپسىيىسى توغرىسىدا

«بىلىك» نىڭ ھازىر بار ئۈچ كۆچۈرۈلمىسىنىڭ ئىككىسى ئەرەپ يېزىقى بىلەن، بىرى قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن كۆچۈرۈلگەنلىكى يۇقۇرىدا ئېيتىلدى. «بىلىك» نىڭ قايسى يېزىقتا يېزىلغانلىقى تېخى ئېنىق ئەمەس، پەقەت «بىلىك» تىكى ئەرەپ يېزىقىغا خاس مىسرالارغا قاراپ، كۆپرەك پىكىرلەر ئەرەپ يېزىقى بىلەن يېزىلغانلىقىغا مايىل.

ئەرەپ يېزىقى — ئۈزۈك تاۋۇشلۇق يېزىق. ئۇ پۈتۈن سىستېمىسى بىلەن ئەرەپ تىلىغا خاس، تۈركىي تىللارغا ئۇيغۇن ئەمەس. بۇ ھال «بىلىك» نى ئوقۇشنى قىيىنلاشتۇردۇ، ئۇنىڭغا ترانسكرىپسىيە بېرىشنىمۇ قىيىنلاشتۇردۇ. شۇڭا ترانسكرىپسىيە بېرىشتە جىددى ۋە ئىلمىي پوزىتسىيە تۇتۇشقا توغرا كېلىدۇ.

«بىلىك» نىڭ ترانسكرىپسىيىسى ئۇنىڭ تىلىنى بەلگىلەشتە ئىنتايىن مۇھىم. تىل بولسا، «بىلىك» نىڭ تەۋەلىكىنى ھەل قىلىش ۋە تەتقىق قىلىش ئۈچۈن زۆرۈر. «نەزمى يەشمە» نىڭ «مۇقەددىمە» سىدە: ‹قۇتادغۇ بىلىك› ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان ھەجىم جەھەتتىن چوڭ، ژانىر ۋە ئۇسلۇب جەھەتتىن ئۆز دەۋرى ئۈچۈن تامامەن يېڭى بىر بەدىئى ئەسەر بولۇش بىلەن بىللە، شۇ زامان ئەدەبىي تىلىنىڭمۇ مۇجەسسەم قامۇسىدۇر» دېيىلگەن. يەنە مەشھۇر سوۋېت ئالىمى س.ي مالوۋنىڭ «‹قۇتادغۇ بىلىك›: ئۇيغۇرلارنىڭ يېزىلغان يىلى مەلۇم بولغان ئەڭ قەدىمقى ئىسلام دىداكتىك مەزمۇندىكى يادىكارلىقىدۇر»، «... ئۇنىڭ ئەرەپ يېزىقى بىلەن يېزىلغان نۇسخىلىرى 11 - ئەسىردىكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ تاۋۇشلىرىنى بىر قەدەر روشەن ئەكس ئەتتۈرىدۇ» دېگەن سۆزلىرى نەقىل كەلتۈرۈلگەن. ناھايىتى ياخشى، پۈتۈنلەي قوشۇلىمىز. لېكىن بىلىم دۇنياسىدا «بىلىك» نىڭ تىلى توغرىسىدا بەزىبىر ناتوغرا پىكىرلەرمۇ ئارىلاپ يۈرىدۇ. «بىلىك» نى تۈركىي تىللارغا تەرجىمە قىلغۇچىلاردا ئۇنىڭ تىلىنى ترانسكرىپسىيىدە ئۆز تىلىغا تارتىش خاھىشلىرى مەۋجۇت.

«بىلىك» نىڭ ترانسكرىپسىيىلىك تېكىستىنى ھەممىدىن ئاۋۋال ئېلان قىلغان رادلوف ترانسكرىپسىيىنى ئالتايچىلاشتۇرىدۇ، بۇنى تومسىن تەنقىت قىلىدۇ، رادلوف ئېتىراپ قىلىدۇ. ر.ئارات «بىلىك»نىڭ ترانسكرىپسىيىلىك تېكىستىنى ئىشلىگىنىدە، تۈرك لاتىنچىسىنى ئاساس قىلغان ترانسكرىپسىيە بەلگىلىرىنى قوللىنىدۇ، ئەمەلىي ترانسكرىپسىيە بەرگەندە، بىر مۇنچە خاتالارغا يول قويىدۇ. كېيىن، ئۇنىڭ شاگىرتى تېزجان بەزىبىر خاتالىرىنى تۈزىتىدۇ. ق. كەرىموف «بىلىك» نى ئۆزبېك تىلىغا تەۋسىپ قىلغاندا، ئۇنىڭ «سۆز بېشى» دا ھەقلىق يوسۇندا: «‹قۇتادغۇ بىلىك› تېكىستىنىڭ تۈركچە نەشرى ئۈچۈن ئىستانبۇل ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتى تەرىپىدىن ئىشلەپ چىقىلغان بەلگىلەر ئاساسقا ئېلىنغان. بۇ ھال ئەسەر تىلىنى سۈنئىلەشتۈرۈپ، ھازىرقى تۈرك تىلى بىلەن يېقىنلاشتۇرۇشقا ئوخشاش ئىنتىلىش بىلەن باغلىق بولغان» دەيدۇ ۋە بۇ ھەقتە ۋالتوۋانىڭ مەخسۇس ماقالىسىنىڭ بارلىقىنى ئېيتىدۇ (بىز بۇ ماقالىنى كۆرمىدۇق). ئەپسۇسكى، ق.كەرىموف يەنە شۇ «سۆز بېشى» دا: «شۈبھىسىزكى، بۇ ئەسەر تىلى ئاشۇ دەۋردە كەڭ مەيدانغا ئىگە بولغان قاراخانىلار تەركىۋىگە كىرگەن بارلىق قەبىلىلەر ئۈچۈن چۈشىنەرلىك بولغان. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ

www.uyghurkitap.com

بۇ ئەسەرنى هازىرقى تۈركى خەلقلەرنىڭ بىرەرسىگە سىلىشتۇرۇش ئىلمىي نۇقتىدىن ناتوغرا بولاتتى» دەيدۇ.

روشەنكى، «بىلىك» بىلەن «تۈركى تىللار دىۋانى» (تۆۋەندە «دىۋان» دەيمىز) بىر دەۋردە ئوخشاشلا «خاقانىيە تىلى» ياكى باشقىچە ئېيتقاندا، «بوغرا خان تىلى» بىلەن يېزىلغان. «بىلىك» نىڭ تىلى يېزىق تىلىغا خاس بەزى خۇسۇسىيەتلىرىنى نەزەردىن ساقىت قىلغاندا، «دىۋان» نىڭ تىلى بىلەن ئوخشاش بولۇشى كېرەك. لېكىن «دىۋان» نى تۈرك تىلىغا تەرجىمە قىلغان بېسىم ئاتالاي بىلەن «بىلىك» نىڭ ترانسكرىپسىيىلىك تولۇق تېكىستىنى تىكلىگەن ر.ئاراتنىڭ نۇرغۇن سۆزلەرگە بەرگەن ترانسكرىپسىيىسىدە ئوخشىماسلىقلار بار. بۇ هال بىزگە ئەسەرنىڭ ترانسكرىپسىيىسىگە تەنقىدىي قاراشنىڭ لازىملىقىنى چۈشەندۈردۇ. لېكىن، «نەزمىي يەشمە» دە ئاساس قىلىنغان «تولۇق تېكىست»تە ر.ئارات بەرگەن ئىزاهلارنىڭ نۇرغۇنى ترانسكرىپسىيىگە دائىر بولسىمۇ، «نەزمىي يەشمە» نىڭ ترانسكرىپسىيىلىك تېكىستىدە بۇ هەقتە يا ئاق، يا كۆك دېيىلمەيدۇ.

«بىلىك» نىڭ قولىمىزدىكى ترانسكرىپسىيىلىك تېكىستىدە ترانسكرىپسىيە ئۈچۈن «دىۋان» دا قوللىنىلغان ترانسكرىپسىيە بەلگىلىرى ئاساس قىلىنغانلىقىنى مەمنۇنىيەت بىلەن كۆرۈپ تۇرۇۋەمىز. لېكىن ترانسكرىپسىيە پىرىنسىپلىرىغا كەلگەندە، ئۇنىڭدىكى پىرىنسىپلار ئاساس قىلىنغان، هەتتا «دىۋان» دىن پايدىلىنىلغان دېيەلمەيمىز. دەرۋەقە، «بىلىك» ئىشلىنىۋاتقان چاغدا، «دىۋان» نىڭ 2 ـ ، 3 ـ توملىرى نەشردىن چىقمىغان، ئۇنىڭ كۆپىيىسى «بىلىك» نى نەشرگە تەييارلىغۇچىلارنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتالمىغان.

تېكىستكە ترانسكرىپسىيە بېرىش ــ ئىلمىي مەسىلە. بۇ هەقتە هەر خىل ئىلىم ئېقىملىرىنىڭ ۋە ياكى شەخسلەرنىڭ كۆزقاراشلىرىنى تەشەببۇس قىلىشى ۋە ئالغا سۈرۈشى تامامەن مۇمكىن. شۇڭا بەزى ئىختىلاپلىق مەسىلىلەرنى داۋاملىق تەتقىقاتقا قالدۇرۇپ، ئېنىق كەتكەن خاتالارنى ئازغىنە مىسال كەلتۈرۈمىز:

1. ر. ئاراتنىڭ ئىزىدىن مېڭىپ كەتكەن خاتالار:

1) «tuqmak ــ تۇغماق» پېئىلىدىن تۈرلەنگەن سۆزلەر «toqmak» قىلىنغان. toqdi (B.68)، toquqlï (D.180) toqmix (B.58) ۋە باشقىلار. بۇ سۆز هەتتا ئوغۇز، قىپچاق تىل تۈركۈمىگە كىرىدىغان قازاق، تاتار، قىرغىز تىللىرىدىمۇ ئۇنداق دېيىلمەيدۇ.

2) «ئۇدۇل» مەنىسىدىكى «utra» سۆزىنى ر.ئارات كۆپ جايدا توغرا بەرگەن. لېكىن (D.18) دە «otru»، (D.3386) دە بولسا «utra» بەرگەن. بىزدە كېيىنكىسى خاتا هالدا «otra» قىلىنغان.

3) «لاي، پاتقاق» مەنىسىدىكى سۆز ئەسەردە ئىككىلا يەردە ئۇچرايدۇ. بۇنىڭدا سەل ئۆزگىچىلىك بار. بۇ سۆزنى ر.ئارات (D.297)دە «tetig» دەپ ئالغان، بىزدە «tetik» قىلىنغان، ر.ئارات (D.3723) دە، «titig» دەپ ئالغان، بىزدە «titik» قىلىنغان.

2. تېزچاننىڭ تۈزىتىشى هىساپقا ئېلىنماي، ر.ئاراتنىڭ خاتاسى بويىچە داۋاملىق كەتكۈزۈلگەن خاتالار:

1) «بۇزۇلماق» مەنىسىدىكى سۆز (D.337) دە «ïlïkar» ئېلىنغان، تېزچان «alïkar»

دەپ تۈزەتكەن. تۈزىتىش توغرا، قاراڭ، «دىۋان» ئۇيغۇرچە 1 - توم 257 - بەتتە «ئالىقتى»

2) (D.686) دە «bekim» دەپ بېرىلگەن سۆزنى تېزچان «begim» دەپ تۈزىتىدۇ. بۇ توغرا، چۈنكى بۇ يەردە «بەگ، چىك» مەنىسىگە ئورۇن يوق.

3) (D.4835) دە «tulup patur» نى تېزچان «tolup yatur» دەپ تۈزىتىدۇ، تۈزىتىش توغرا، بۇ يەرگە «tulup patur» چۈشمەيدۇ.

4) (D.4218، 4511، 4579) لاردىكى «ərdəx» نى تېزچان «ardax» دەپ تۈزىتىدۇ. «ئاداش» مەنىسىدىكى بۇ سۆز «ardax» بولغىنى توغرا.

5) (D.2260) دا ۋە باشقا جايلاردا، «bolun» (بولماق مەنىسىدە) دەپ بېرىلگەن سۆز «bulun» (ئېرىشمەك) مەنىسىدە ئېلىنىشنى تېزچان كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ. بىزچە توغرا.

3. «دىۋان» تىلى نەزەردە تۇتۇلمىغانلىقتىن، كەتكەن خاتالاردىن بىر نەچچە مىسال:

1) «ئاق» مەنىسىدىكى سۆز (D.84) تە «ərüŋ» قىلىنغان، «ürüŋ» بولۇشى كېرەك. چۈنكى «ərüŋ» بولسا، «ئۆرۈم، قول ھەققى» بولۇپ قالىدۇ (قاراڭ: «دىۋان» ئۇيغۇرچە، 1 - توم، 181 - بەت).

2) (D.164، 451، 2727) لەردىكى «ixiktə» سۆزى «əxiktə» بولۇشى كېرەك. «دىۋان»، ئۇيغۇرچە، 1 - توم، 207 - بەتتە «ئاشىكلىك» بېرىلگەن. ئېلىنغىنىڭ ئۈستىدىكى فەتھە «ə» گە تەئەللۇق.

3) «پەس، پەسكەش» مەنىسىدىكى «utun» سۆزى «ut -» پېئىلدىن ياسالغان. لېكىن ھەممىلا يەردە «otun»، «otunluk» دەپ ئېلىنغان.

4) «دىۋان»، 2 - تومدا مەھمۇت قەشقەرى پېئىللارنىڭ گىراماتىك قائىدىلىرىنى سۆزلىگەندە، ئىككى بوغۇز تاۋۇشى (g، q) نىڭ بىر جايدا كەلمەيدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن. «بىلىك» كە بۇ قائىدىگە خىلاپ ھالدا «ماقتىغىن» مەنىسىدىكى سۆز (D.33، 381، 5104، 6356، 1020، 1731، 2148) لەردە «əggil» دەپ، «ماقتاش» مەنىسىدىكى سۆز (D.2399، 4071) لەردە «əggü» دەپ بېرىلگەن. پەقەت (D.3431) دا تەسادىپىي ھالدا «əgkil» دېيىلگەن.

4. «بىلىك» تىكى ئەرەپچە - پارسچە سۆزلەرگە ر.ئارات «چۈشىنىشلىك بولسۇن ئۈچۈن» ھازىرقى زامان تۈرك تىلى تەلەپپۇزى بويىچە ترانسكرىپسىيە بەرگەنلىكىنى ئېيتىدۇ. بىزدە ئەسلى تەلەپپۇز بويىچە ترانسكرىپسىيە بېرىلدى دەيدۇ، لېكىن، ئەمەلىيەتتە، يەنىلا ر.ئاراتنىڭ خاتاسىدىن خالى بولالمايدۇ. مەسىلەن:

1) «گۆھەر» سۆزى (D.3438، 4395) لەردە «gühər»، (D.362، 5364) لەردە «gəwhər» بېرىلگەن.

2) «گۈلاپ» سۆزى (D.5639، 5697) لاردا «güləf» دەپ، (D.1060، 2904) لەردە «julab» دەپ بېرىلگەن.

3) «gər» سۆزى نۇرغۇن يەرلەردە «gür» دەپ بېرىلگەن.

www.uyghurkitap.com

4) «خۇش» سۆزى (D.589) دا «hox» دەپ بېرىلگەن.

يۇقۇرقىلاردىن مەلۇمكى، پارس تىلىدا o بىلەن u نىڭ ئوتتۇرىسىدا تەلەپپۇز قىلىنىدىغان لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇش بىردە o، بىردە u، بىردە ü بىلەن بېرىلگەن ۋە بەزىدە əw بىلەن بېرىلگەن.

«خەزىنە، دۇنيا» مەنىسىدىكى پارسچە «gənj» سۆزىنى ر.ئارات «gənq» قىلىپ ئالغان. بىزدە «kənq» قىلىنغان(D.1420، 2026).

بۇلاردىن باشقا «قەغەز» سۆزى (D.3714، 3896) لاردا «kaoqəz»، (D.3187) دە «kaoqïd»، (D.1342) دە «kaoqïd» شەكلىدە ئېلىنغان، لېكىن ئىزاھ بېرىلمىگەن.

5. دەرۋەقە، ترانسكرىپسىيە بەرگۈچىلەر بەزى سۆزلەرنىڭ ترانسكرىپسىيىسىنى تۈزىتىشكە ئىنتىلىشكەن بولسىمۇ، لېكىن كىتاپ تىزىلىپ بولغاندىن كېيىن ئالدىراپ - تېنەپ تۈزىتىلگەنلىكتىن، ئىزچىللىق يوق، بىر يەردە تۈزىتىلسە، بىر يەردە تۈزىتىلمەيدۇ، بەزى يەرلەردە توغرىسى خاتا قىلىپ قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

1) «تاللا» سۆزى (D.55، 142، 152، 382، 385، 327) لەردە ۋە باشقا يەرلەردە «ødürdi — تاللىدى» شەكلىدە، (D.244) دە «تاللىغىن» كەلگەندە «üdürgil» شەكلىدە ترانسكرىپسىيە بېرىلگەن.

2) «ياخشى» مەنىسىدىكى «yẹg» (D.243، 1018، 1658، 1972) لەردە توغرا ئېلىنغان بولسا، (D.632، 849، 1054، 1998) لەردە «yig» قىلىپ، خاتا ئېلىنغان.

3) «ئەڭ، بەك، جىق» مەنىسىدىكى iyi (D.110) دا توغرا ئېلىنىدۇ، باشقا نۇرغۇن يەرلەردە (D.166، 478، 725…) «ədi» ئېلىنغان.

4) «ئارزۇ قىلىش، ئەزىز» مەنىسىدىكى سۆزى بىر مۇنچە يەرلەردە (1030، 1105 D.44، 260) «køsüx» بولسا، (D.838) دا «køsəp»، قالغان ئورۇنلاردا «küsərmən» (D.363)، «küsər» (D.3308)، «küsəmix» (D.3312) شەكلىدە ئېلىنغان.

بۇلاردىن باشقا، ترانسكرىپسىيىدە «kün toqdi» دەپ بېرىلگەن خاس ئىسىم يەشمىدە «كۈنتۇغدى» بولىدۇ. ترانسكرىپسىيىدە «elig» دەپ بېرىلگەن ھۆكۈمدار يەشمىدە سوئال سورىسا «ئېلىك»، جاۋاپ بەرگەندە «ئېلىگ»، بىر بېيىتنىڭ بىرىنچى مىسراسىدا «ئېلىگ»، ئىككىنچى مىسراسىدا «ئېلىك» (D.578) بولۇپ قالىدۇ. بۇنىڭ تېگىگە يېتەلمىدۇق.

پىكىر بايان قىلىش تەس، ئەلۋەتتە. شۇنىمۇ ئېيتىش كېرەككى، «بىلىك» نىڭ ترانسكرىپسىيىلىك مەتنىنى (تېكىستىنى) ئاشۇ نەزمىي يەشمىگە چېتىپ قويۇپ، باشقا خەنزۇچە تەرجىمىسى ۋە نەسرى يەشمىسىنى ئۇنىڭغا باغلاپ قويۇش كىتاپخانلار ئۈچۈن قىيىنچىلىق تۇغدۇرىدۇ، شۇنداقلا ئىلمىي ئۇسۇل ئەمەس.

## 3. «بىلىك» نىڭ «نەزمىي يەشمىسى» توغرىسىدا

ھەر قانداق بىر نۇتۇق ياكى ئەسەرنى، بولۇپمۇ «بىلىك»كە ئوخشاش چوڭ ھەجىملىك كلاسسىك داستاننى يېشىش، تەۋسىپ قىلىش ياكى تەرجىمە قىلىشتا، ھەممىدىن ئاۋال،

ئۇنىڭ تىلىنى پۇختا بىلىش زۆرۈر. شۇنداق بولغاندىلا، ئۇنىڭ مەزمۇنى ۋە ئۇسلۇبىنى توغرا بەرگىلى بولىدۇ. ئەكسىچە بولغاندا مۇقەررەر هالدا مەزمۇن خاتالىققا ئېلىپ بارىدۇ ۋە ئۇنىڭ شەكلى هەم ئۇسلۇبىنى نۇقسانغا ئۇچرىتىدۇ.

ماركسىتىك تىلشۇناسلىق جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە تىل ئامىللىرىنىڭ ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىشى ئارقىسىدا، تىل دائىم ئۆزگىرىپ، راۋاجلىنىپ تۇرىدۇ. بۇ هال تىلنىڭ ئۈچ ئامىلى — تىل تاۋۇشلىرى، لېكسىكا ۋە گىراماتىكا جەهەتلىرىدە كۆرۈلىدۇ، بولۇپمۇ تىلنىڭ جانلىق ۋە ئۆزگىرىشچان ئامىلى بولغان لېكسىكىدا ئالاهىدە كۆرۈلىدۇ، دەپ هىساپلايدۇ. مىڭ يىلچە ئىلگىرى يېزىلغان، خاقانىيە ئۇيغۇر تىلىنىڭ بىردىن-بىر ئۆرنىكى بولغان «بىلىك» نىڭ تىلى بىلەن هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا چوڭ پەرقلەرنىڭ بولۇشى تەبىئىي هالدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، «بىلىك» نىڭ تىلىنى پۇختا بىلىش، مەزمۇنىنى چوڭقۇر چۈشىنىۋېلىش، ئۇسلۇبىنى ئىگىلەش مەقسىدىدە، ئاۋال ئۇنىڭ ئىزاهلىق يەشمىسىنى ئىشلەشنى تەشەببۇس قىلغان ئىدۇق. بۇ يول باشقا مىللەتلەر بېسىپ ئۆتكەن يولدۇر. خەنزۇلاردا «شېئىرنامە»، تاڭ سۇلالىسى شېئىرلىرى، چۇ يۈەن، لى بەي، دۇفۇلارنىڭ شېئىرلىرى ئەنە شۇنداق قىلىنغان ۋە قىلىنىۋاتىدۇ. لېكىن، بۇنىڭلىق بىلەن، بىز شېئىرلار، داستانلارنى نەزمىي يېشىشنى رەت قىلمايمىز. لېكىن بۇ ئىزاهلىق يەشمە ئاساسىدا بولۇشى كېرەك. خەنزۇلاردا يۇقۇرىدا كۆرسىتىلگەن شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىنىڭ نەزمىي يەشمىسىنى ئىشلىگەن هەۋەسكارلار بولدى، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى مۇۋەپپەقىيەت قازاندى، بەزىلىرى مەغلۇپ بولدى. رۇسلاردا 12 - ئەسىردىكى مەشهۇر «ئىگور قوشۇنى هەققىدە داستان» مۇشۇنداق ئۇزاق زامان هازىرقى زامان رۇس تىلىدا ئىزاهلاش يولى بىلەن بېرىلىپ كېلىپ، كېيىنكى ۋاقىتلاردا نەزمىي يەشمىسى ئىشلەندى. شۇنى ئېيتىش كېرەككى، نەزمىي يەشمىلەر پەقەت شېئىردىي لەززەت ئۈچۈن بولۇپ، هەرگىز تەتقىقاتقا ئاساس بولالمايدۇ ۋە هەتتا نەقىل كەلتۈرۈش ئۈچۈنمۇ ئەمەس. بۇنى بىز باشقىلارنىڭ ئەمەلىيىتىدىن كۆرۈپ تۇرۇۋېتىمىز.

گەپ «بىلىك» ئۈستىدە ئىكەن، ترانسكرىپسىيىلىك تولۇق تېكست ۋە نەسرى يەشمە ئىشلەنگەندىن كېيىن، شۇ ئاساستا ئۇنىڭ نەزمىي يەشمىسىنى ئىشلەشنى چەتكە قاقمايمىز. شۇنىڭ بىلەن بىللە هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى قەدىمقى زامان خاقانىيە ئۇيغۇر تىلىنىڭ داۋامى ۋە راۋاجى بولغانلىقتىن، خېلى كۆپ بېيىت-مىسرالارنىڭ ئەينەن چىقىشىنىمۇ بىلىمىز. لېكىن «بىلىك»نى نەشرگە تەييارلىغۇچىلار «نەسرى يەشمە»نى «چەتئەللىچە كونىلىق» دەپ، «نەزمىي يەشمە»نى بولسا، «جۇڭگوچە يېڭىلىق» دەپ ئاتىشىدۇ. ياخشى گەپ، ئۇنداق بولسا، «بىلىك»نىڭ رۇسچە نەزمىي تەرجىمىسىنىڭ نەشر قىلىنغانلىقىنى «بىلىك»نىڭ ئۇيغۇرچە نەزمىي يەشمىسى ئۈچۈن دەلىل قىلىپ كۆرسىتىشنى نېمە دەپ چۈشەندۈرۈشى كېرەك؟

بىر مىللەت تىلىدىكى هەرقانداق نۇتۇق ۋە ئەسەرنىڭ يەنە بىر مىللەت تىلىغا تەرجىمە قىلىشنىڭ مۇمكىنلىكىنى تەرجىمە نەزەرىيىسى ۋە تەرجىمە ئەمەلىيىتى ئاللىقاچان ئىسپاتلىغان. ئەگەر تەرجىمە قىلىش مۇمكىن بولمىسا، بۈگۈن بىر پۈتۈن دۇنيا مەدەنىيىتى بولمىغان بولار ئىدى. بۇ هەقتە مىسال كەلتۈرۈش لازىممۇ؟ باشقا تىللاردىن ئۇيغۇر تىلىغا ئۇتۇقلۇق تەرجىمە قى-

لىنغان ھەرخىل ئەسەرلەر، جۈملىدىن كىلاسسىك داستانلار قولىمىزدا تۇرۇدۇغۇ!

«بىلىك»نىڭ رۇسچە نەزمىي تەرجىمىسىنى ئۆگىنىپ چىقىمىدۇق. بىراق، نىمە بولسا بولسۇن، «بىلىك»نى رۇس تىلى دۇنياسىغا تونۇشتۇرغانلارغا كۆپ رەھمەت ئېيتىمىز. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن، «بىلىك»نىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسىنىڭ ياخشى ۋە تېز نەشر قىلىنىشىنى ئۈمىت قىلىمىز.

ئەمما، بۇ يەردە گەپ قەدىمقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان يىرىك داستاننى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا نەزمىي يېشىش ئۈستىدە بارىدۇ. بۇيەردە ئەسەرنىڭ مەزمۇنىلا ئەمەس، تىلى ۋە ئەدەبىي شەكلى مەسىلىسىمۇ بار. ئوخشاش بىر تىلدىكى ئەسەرنىڭ يەشمىسىنىڭ تىلى ۋە ئەدەبىي شەكلىدە نۇقسان بولىدىكەن، مەزمۇنىنىڭ ساق بولۇشى ناتايىن.

«نەزمىي يەشمە»دە كەتكەن نۇرغۇن خاتالار، نۇقسانلار «بىلىك»نىڭ نەسرى يەشمىسى ۋە خەنزۇچە تەرجىمىسىنى ئىشلەش داۋامىدا پاش بولدى ۋە بولۇۋاتىدۇ. ھەرخىل باھالارنى ئاڭلاۋاتىمىز. سۆزنى ئۇلارنىڭ ئۆزىگە قالدۇرىمىز. بىز پەقەت ئالدىنقى 30 نەچچە باپتا كۆرۈلگەن خاتا، نۇقسانلاردىن بىرنەچچە مىسال كەلتۈرۈپ، سەۋەبىنى تەھلىل قىلىمىز.

«نەزمىي يەشمە»دىكى خاتالىق، نۇقسانلار مۇنداق بىرقانچە جەھەتتە كۆرۈلدۇ:

1. بەزى بېيتلار توغرا چۈشىنىلمىگەچكە ياكى «شېئىرىيەتنىڭ زورۇرىيىتى بىلەن» خاتا يېشىلگەن. مەسىلەن:

(D·180) toquqlī əlür kər kalīr bəlgü səz
sezüŋ ədgü üsezlə ezüŋ elgüsiz

يەشمىسى: تۇغۇلغان ئۆلەر، كور، قالۇر بەلگۈسىز،
سۆزۈك ياخشى بولسا، ئۆزۈك ئۆلگۈسىز،

بىرچە مەنىسى: تۇغۇلغان ئۆلىدۇ، سۆزبەلگە (بولۇپ) قالدۇ،
سۆزۈڭنى ياخشى سۆزلە، ئۆزەڭ ئۆلمەيسەن.

قاراڭ، تېكىستتە «بەلگە سۆز قالدۇ» دىسە، يەشمىدە ھېچنىمە قالمايدۇ.

(D·707) kixig satqamasa küvəzlik bilə
basitmasa ezdə kiqigkə külə

يەشمىسى: كىشىنى كىبىر بىرلە رەنجىتمىسە،
كىچىكلەر كۆلۈپ ھەم بوزەك ئەتمىسە.

مەنىسى: كىشىنى مەغرۇرلۇق بىلەن كەمسىتمىسە،
ئۆزىدىن كىچىكلەرنى كۈلۈپ رەنجىتمىسە.

يەشمىدە «كىچىكلەر» «كۈلۈپ بوزەك قىلىش»نىڭ ئىگىسى بولغان.

(D·912) kim ədgü tilər ərsə ədgü kīlur
basīnqak ya satoqaqka bakmaz bolur

يەشمىسى: ياخشىلىق تىلىگەن ياخشىلىق قىلۇر،
زەئىپ، پەس خۇنۇكلەرگە باقماس بولۇر.

مەنىسى: كىم ياخشىلىقنى تىلىسە، ياخشىلىق قىلىدۇ،
زەئىپلىكى ۋە خورلانغىنىغا باقمايدۇ.

تېكستتە «خارلانغىنىغا قارىماي، ياخشىلىق قىلىش» ئېيتىلسا، يەشمىدە: «زەئىپ، پەس، خۇنۇكلەرگە قارىمايدۇ» دەيدۇ.

(D.1676) ol üq nəŋ kimiŋ bolsa kəldi kutï
bu üq uəŋ kimiŋ bolsa yitti atï

يەشمىسى: بۇ ئۈچ نەرسە كىمدە بولسا بەخت كېتەر،
بۇ ئۈچ نەرسە بىلەن ئېتىمۇ يۈتەر.

مەنىسى: ئۇ ئۈچ نەرسە كىمدە بولسا، بەختى كېلىدۇ،
بۇ ئۈچ نەرسە كىمدە بولسا، ئېتى يۈتىدۇ.

بۇ بېيىتتا «ئول ئۈچ نەڭ» دەپ، يۇقۇرىدا بايان قىلىنغان «ياخشى خۇلۇق، ئۇيات، توغرىلىق» كۆزدە تۇتىلىدۇ؛ «بۇ ئۈچ نەڭ» بولسا، يەنە شۇ يۇقۇرىدا بايان قىلىنغان «كاجىلىق، يالغانچىلىق، بېخىللىق»قا قارىتىلغان. «يەشمە»دە «ئول» بىلەن «بۇ»نى بىر «بۇ»غا بىرلەشتۈرۈپ، «قۇت كېلىدۇ»نى «قۇت كېتەر» قىلىپ قويۇلغان، مەنە پۈتۈنلەي بۇزۇلغان.

(D.2354 oduoq bəg səzi kər bəkə yolqïlïoq
kər arslan münügli kïlïq kamqïlïoq

يەشمىسى: بېگى ئويغاق قوشۇنىنىڭ ئەجدەر باشچىسى،
مىنەر ئۇ ئارسلان، قىلىچ - قامچىسى.

تۇرغۇن جايلاردا نەقىل كەلتۈرۈلگەن سۆزلەرنىڭ ئالدىدىن كېلىدىغان تەجرىبىلىك، بىلىملىك ئادەملەرنى سۈپەتلەيدىغان «ئەجدىھا يول باشلىغان، ئارسلان مىنگەن، قىلىچ قامچىلىق سەگەك بەگنىڭ سۆزىنى ئاڭلا» دىگەن جۈملە ئاشۇنداق چۈشىنىكسىز مىسرا بولغان.

(D.2443) orunq ol buzuoqï oŋulmïx ixig
orunq yig kïlur ol püturmïx ixig

يەشمىسى: ئوكۇشلۇق ھەر ئىشنى بۇزار بۇپارا
پىششىق ئاشنىمۇ خام قىلار بۇپارا

بۇ بېيىتنىڭ 2 - مىسراسىدىكى «پارا پۈتكەن ئىشنىمۇ خېمىغا ياندۇرىدۇ (بۇزۇدۇ)دىگەن جۈملە» پىششىق ئاشنىمۇ خام قىلار بۇپارا» قىلىپ قويۇلغان، «مەزمۇنەن ئېلىنغان» بولسا كېرەك.

(D.2514 baxin kolsa bəglər səzin səzləmə
yana əlgə yazma baxïnï yəmə

يەشمىسى: بېشىڭ خالىساڭ، بەگ سۆزىنى دىمە،
جىنايەت قىلىپ ئەلگە باشىڭ يىمە.

مەنىسى: بېشىڭنى ئامان ساقلاي دىسەڭ بەگلەر سۆزىنى سۆزلىمە
يەنە (ئۇنى) ئەلگە يېيىپ بېشىڭنى يىمە.

«yazmak» سۆزى كۆپ مەنىلىك سۆز بولۇپ «يازماق، يەشمەك، قويۇپ بەرمەك، يايىماق، جىنايەت ئۆتكۈزمەك» مەنىلىرىدە كېلەتتى، بۇ يەردە «يايىماق» مەنىسىدە ئىدى، تېكىستتە «بەگلەر» تۇرسا، يەشمىدە «بەگ» قىلىنىپ، «‹بەگ› سۆزىنى ئاغزىڭدىن چىقارما» قىلىپ قويۇلغان.

2. بەزى سۆزلەر خاتا يېشىلىپ، ئومۇمى مەنىگە قوسۇر يەتكەن. مەسىلەن:

(D.513) səni kərsü bilsü əxittsü səzüŋ
tiləkiŋ nə ərsə tilin ay əzüŋ

يەشمىسى: سېنى بىلسۇن كۆرۈپ، ئىشەنسۇن سۆزۈڭ،
تىلەگىڭ نە ئولسا، ئۇنى ئېيت ئۆزۈڭ،

مەنىسى: ئۇ سېنى كۆرسۇن، بىلسۇن، سۆزلىرىڭنى ئىشىتسۇن،
نىمە تىلىگىڭ بولسا، ئۆز تىلىڭ بىلەن سۆزلە.

بۇ يەردە «ئىشىتسۇن» سۆزى «ئىشەنسۇن» قىلىنغان، شۇنىڭ بىلەن بېيىتنىڭ مەنىسىگە ئۇقسان يەتكەن.

(D. 1032) tiləkimni bərdiŋ kamuoq arzular
ərəz̧ dunya dəwlət əküx əḍgülər

يەشمىسى: تىلەك ئارزۇلىرىمنى بەردىڭ پۈتۈن،
بۇ دەۋلەت، ھۇزۇر ھەم ياخشىلىق، ئاچۇن.

مەنىسى: تىلىگىمنى بەردىڭ، بارچە ئارزۇلىرىمغا (يەتكۈزدىڭ)
راھەت، مال - دۇنيا، دەۋلەت ۋە كۆپ ياخشىلىقلار (ئاتا قىلدىڭ).

بۇ يەردىكى: «دۇنيا» ھازىرقى مەنىسىدەكىلا «مال بايلىق» ئىدى، يەشمىدە ئۇنى «ئاچۇن» غا يۆتكەپ، ئۇنىڭغا ئىزاھ بېرىلگەن.

«شېئىرىيەتنىڭ زۆرۈرىيىتى» ھەر كويغا سالسا كېرەك.

(D. 1627) muni əḍləyin mən bu bolsun kixi
kixi bolmix asoqīn tusuloqay tuxī

يەشمىسى: بۇنى قەدىرلەي مەن، ئۇ بولسۇن كىشى
كىشى بولسا، بولۇر پايدىلىق ئىشى

مەنىسى: مەن ئۇنى تەربىيىلەي، ئۇ ئادەم بولسۇن.
ئادەم بولغانىنىڭ داۋاملىق پايدىسى تېگىدۇ.

بۇ يەردە، «əḍləyin» سۆزى «تەربىيىلەپ يېتىشتۈرەي» مەنىسىدە ئىدى. شۇنداقلا، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا «كىشى» بىلەن «ئادەم» مەنىداش سۆز بولغان بىلەن، باھا مەنىسى پەرقلىق، «ئادەم بولماق» بىلەن «كىشىبولماق» بىر مەنىدە ئەمەس.

(D. 2107) kəra təŋsizin barqa bəglər ətər
bəgi kīlsa təŋsiz anīkim yətər

يەشمىسى: ئاۋامنىڭ ياراقسىز ئىشىن بەگ تۈزەر،
بەگ ئولسا ناچار، كىم ئاڭا تەڭ كېلەر،

مەنىسى: ئاۋامنىڭ نالايىق ئىشلىرىنى بەگلەر تۈزەيدۇ،
بەگلەر نالايىق ئىشنى قىلسا، كىم ئۇلارنى يېتەكلەيدۇ؟

يەشمىدە: «بەككە ناچارلىقتا كىم تەڭ كېلىدۇ؟» بولغان،
ياكى «ناچار بەككە ھېچكىم كار قىلالمايدۇ» بولغان.

(D. 2241) wəzir bolsa əlkə yaraksīz yovuz

ol əl bodnï buzlur qïƣay bayï tüz

يەشمىسى: يارامسىز، يامان بولسا ئەلگە ۋەزىر
ئۇ ئەل خەلقى بۇزۇلۇر، بولۇر باي - پەقىر.
مەنىسى: يارامسىز، يامان كىشى ئەلگە ۋەزىر بولسا،
ئۇ ئەلنىڭ خەلقى — بايلىرىمۇ، كەمبەغەللىرىمۇ خاراپ بولىدۇ.

يەشمىدىكى «بولۇر باي - پەقىر» نىمىنى بىلدۈرىدۇ؟ «باي - پەقىر» قارىمۇ- قارشى مەنىلىك سۆزلەردىن تۈزۈلگەن جۈپ سۆز بولغان. ئۇنى «بايلار پەقىر بولىدۇ» دەپ چۈشىنىشكىمۇ ئورۇن يوق،

(D. 2292) urutka bolup korklïk alplik kïlur
əgünqkə bolup ər əzin əldürür

يەشمىسى: قورقاقمۇ ئۇيۇلۇپ، باتۇرلۇق قىلىدۇ،
ماختىنىش ئۈچۈن ئۇ ئۆزىنى ئۆلتۈرۇر.
مەنىسى: قورقانچاقلارمۇ نومۇسنى دەپ باتۇرلۇق قىلىدۇ،
ماختالماق ئۈچۈن كىشى ئۆزىنى ئۆلۈمگە ئاتىدۇ.

يەشمىدە جۈملە ساغلام بولمىغانىنىڭ ئۈستىگە 2 - مىسرادىكى «ئەر (كىشى)» نى «ئۇ» غا ئۆزگەرتىپ، ئىككى مىسرانىڭ ئوبيېكتى بىرلەشتۈرۈۋېتىلگەن ۋە مەنە بۇزۇلغان.

(D. 1910) kalï mundaƣ ərsə səvingü kərək
ayïtmïx sezümni sən ayƣu kərək

يەشمىسى: بۇ شۇنداق ئىكەن، سەن سۆيۈنسەڭ كېرەك،
سوئالىم جاۋابىنى بەرسەڭ كېرەك.
مەنىسى: ئەگەر شۇنداق ئىكەن، بۇنىڭدىن سۆيۈنۈش كېرەك،
سورىغان سۆزۈمگە جاۋاپ بېرىشىڭ كېرەك.

يەشمىدە «سۆيۈنسەڭ كېرەك، جاۋابىنى بەرسەڭ كېرەك» دېيىلگەن ئىكەن، بۇنىڭدىن گۇمانلىق سوراق مەنىسى چىقمامدۇ؟

3. قەدىمقى سۆزلەرنى هازىرقى مەنىدە قوللىنىپ ياكى جۈملە بۆلەكلىرى هىساپقا ئېلىنماي، خاتالارغا يول قويۇلغان. مەسىلەن:

(D. 468) əligkə tusulsun bu ərdəmlərim
aqïnsun məniŋ kətsü əmgəklərim

يەشمىسى: ئېلىككە يار ئولسۇن، پەزىلەتلىرىم،
ئېچىنسۇن ماڭا، سىڭسۇن ئەمگەكلىرىم.
مەنىسى: بۇ پەزىلەتلىرىم ئېلىككە پايدا يەتكۈزسۇن،
ئۇ (ماڭا) غەمخورلۇق قىلسۇن، جەبرۇ - جاپالىرىم تۈگىسۇن.

قەدىمقى تىلدا «ئەمگەك» سۆزى «مېھنەت، جاپا - مۇشەققەت» مەنىسىدە كېلەتتى. يەشمىدە «ئەمگەك سىڭدۈرۈش» مەنىسىدە ئېلىنغان

(D. 1865) ukuxnuŋ əŋ axnu kïlïkï oŋay
kənilik bilə ol yorïkï yïl ay

www.uyghurkitap.com

يەشمىسى: ئەڭ ئاۋال ئەقىلنىڭ قىلغى ئۇڭاي،
دۇرۇسلۇق بىلەن ئۇ يۈرەر يىل ۋە ئاي.
مەنىسى: ھەممىدىن ئاۋال، ئەقىلنىڭ قىلغى (ھەرىكىتى) مۇۋاپىق بولىدۇ،
ئايلار، يىللار ئۆتىشمۇ توغرا يولدىن تايمايدۇ.

يەشمىدە «ئۇڭاي» سۆزى ھازىرقى «ئاسان» مەنىسىدە چۈشىنىلگەن «قىلىق ئاسان» دېيىشكە بولامدۇ؟ ھالبۇكى، ئۇنىڭ مەنىسى «مۇۋاپىق، ئۇڭلۇق، رايىش» دۇر.

(D. 2098) yaqi ol bu bor timqi əltur kümüx
kilinqi tütüx boldi kilik urux

يەشمىسى: يىغى، مەي ۋە مەيچى ئالۇرلەر كۈمۈش،
قىلغى جىدەل بولدى، پەيلى ئۇرۇش

بۇ يەردە بىر مىسرا «بۇ مەي ــ دۈشمەن، مەيچى كۈمۈشۈڭنى ئالىدۇ» دېگەن بولسىمۇ، «يىغى، مەي ۋە مەيچى» تەڭداش بۆلەك قىلىپ قويۇلغان ـ دە، مەنە مەنتىقسىز بولۇپ قالغان.

4. ئەسلىنى ئۆزگەرتمىسىمۇ بولىدىغان بىيىتلار، سۆز ـ ئىبارىلەر ئۆزگەرتىلىپ، تەتقىقاتتا ئورۇن قالدۇرۇلمىغان. مەسىلەن، (A.19) دا «تۈركىستان ئېللەرىندە» دېگەن ئىبارە «پۈتۈن تۈركى خەلقلەر ياشايدىغان يەرلەردە» دەپ يېشىلگەن. يەشمىسىنى ئىشلىگۈچىلەر «تۈركىستان» دىن پەرھىز قىلامدۇ؟ ياكى «ئەللەرىندە» دىن قاچامدۇ؟ بىلگىلى بولمىدى. يەنە (B.59) دا «كاشغەر ئېلىندە» دېگەن ئىبارە «قەشقەر ئىچىندە» دەپ ئېلىنغان. بۇنىڭغا قاراپ «ئېلىندە» دىن قاچسا كېرەك دىسەك، (A.34)، «قەشقەر ئېلىدە» دەپ توغرا ئالىدۇ. «ئىچىندە» كونا يەدە، ھازىر «ئىچىدە» بولۇشى كېرەك. تىل ئادىتى بويىچە «شەھەر ئىچى» دېيىلىشى مۇمكىن، «قەشقەر ئىچى» دېيىلمەيدۇ.

«بىلىك» تىكى ئەرەپچە ـ پارسچە سۆزلەرنىڭ بىر قىسمىنى كىتاپ ئىگىسى ئۆزى شۇ كىتاپ ئۈچۈنلا قوبۇل قىلىدۇ. بىرچە ئەينەن ئېلىنسا، تىل تەتقىقاتى ئۈچۈن ئاساس بولاتتى. «نەزمىي يەشمىدە» بۇ جەھەتتە قالايمىقانچىلىق جىق. ئەرەپچىنى پارسچە بىلەن، پارسچىنى ئەرەپچە بىلەن بىر يەردە بىر سۆز بىلەن، باشقا يەردە باشقا سۆز بىلەن بېرىلگەن. «پەرھىز ئىگىسى» «تەقۋادار» دېيىلسە، «خالىق» «خۇدا» «مۇسەننىف» دېيىلگەن. «مۇئەللىپ» كە ئالماشتۇرۇلغان، ھەتتا «كىتاپ ئىگىسى» مۇ «مۇئەللىپ» دەپ ئېلىنغان. بۇلاردىن باشقا «بايات»، «ئىزىم»، «تەڭرى» سۆزلىرىنىڭ باشتا ئەينەن ئېلىنىپ، ئىزاھ بېرىلگىنى توغرا ئىدى. بۇ سۆزلەردىن بىز ئەجداتلىرىمىزنىڭ ئىسلام دىنىغا كىرگىنىگە ئەسىرلەر ئۆتكەن بولسىمۇ، «كونا دىنى» نىڭ تەسىرىنى ساقلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز. ئەمما بۇ سۆزلەر كېيىن بېرىسى، ھېلى «خۇدا»غا، بىردەم «ئاللا» غا، يەنە نىمىلەرگە ئايلىنىپ كېتىدۇ. دەسلەپتە ئەينەن ئېلىنىشى «قاپىيە» ئۈچۈن بولسا، كېيىنكى ئۆزگىرىشلەر «ۋەزىن» ئۈچۈن بولسا كېرەك.

## 4. «نەزمىي يەشمە» نىڭ تىلى توغرىسىدا

بۇ «نەزمىي يەشمە» نى تەشرگە تەييارلىغۇچىلار «بىلىك» نىڭ «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى نەزمىي يەشمىسى» دەپ ئاتىشىدۇ. «نەزمىي يەشمە» نىڭ تىلى راستىلا ھازىرقى

زامان ئۇيغۇر تىلىمۇ؟ جاۋاپ ئېنىق: ياق.

ئۇيغۇر تىلى ئۇزاق تەرەققىيات دەۋرلىرىنى باشتىن كەچۈردى: ئۇرخۇن ئابىدىلىرى تىلىدا ئىپادىلەنگەن ۋە «ئابىدىلەر تىلى» دەپ ئاتالغان قەدىمقى زامان ئۇيغۇر تىلى؛ «تۈركى تىللار دىۋانى»، «قۇتادغۇ بىلىك» ۋە «ئەتەبەتۇلھەقايىق» تىللىرىدا ئىپادىلەنگەن ۋە «خاقانىيە تىلى» دەپ ئاتالغان ھەم «ئالتۇن يارۇق» تىلىدا ئىپادىلەنگەن ۋە «ئىدىقۇت ئۇيغۇر تىلى» دەپ ئاتالغان ھەم «ئالتۇن يارۇق» تىلى ۋە «ئىدىقۇت ئۇيغۇر تىلى» دەپ ئاتالغان ئوتتۇرا قەدىمقى زامان ئۇيغۇر تىلى؛ ناۋايى، لۇتفى، سەككاكى، ئاتايىلاردىن تارتىپ زەلىلى، نىزارى، مۇسا سايرامى تىلى ئىپادىلەنگەن ۋە «چاغاتاي تىلى» دەپ ئاتالغان ئوتتۇرا ئەسىر ۋە يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تىلى؛ ئۆكتەبىر ئىنقىلاۋى ۋە 4 - ماي ھەرىكىتىدىن، ئېنىقراقى 30 - يىللارنىڭ باشلىرىدىن كېيىن، يېڭى مەكتەپ دەرسلىكلىرى، گېزىت - ژورناللار ۋە تۈرلۈك ئەسەرلەردە ئىپادىلەنگەن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دەۋرى بار، شۇنىڭدەك ئۇيغۇر تىلى تەرەققىياتىنىڭ ھەرقايسى دەۋرلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس يېزىقلىرى بولدى: «ئابىدىلەر تىلى» نىڭ ئۇرخۇن - يەنسەي يېزىقى ۋە قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقى، «خاقانىيە تىلى» ۋە «ئىدىقۇت ئۇيغۇر تىلى» نىڭ قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن ئەرەپ يېزىقى، «چاغاتاي تىلى» نىڭ ئەرەپچە يېزىقنى ئاساس قىلغان «چاغاتاي يېزىقى» ھەم ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئەرەپ ئېلىپبەسى ئاساس قىلىنغان ۋە ئۆزگەرتىلگەن ئۇيغۇر يېزىقى بولدى. ھەر دەۋرنىڭ تىللىرى تىل تاۋۇشلىرى، لېكسىكا ۋە گىراماتىكا جەھەتتىن ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى ئۇرۇمچى تەلەپپۇزىنى ئۆلچەملىك تەلەپپۇز، مەركىزىي دىئالېكتنى ئاساس دىئالېكت، ئۆلچەملىك ھازىرقى زامان يېزىق تىلىنى گىراماتىكىلىق قېلىپ قىلغان تىلدۇر. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى «چاغاتاي تىلى» دىن تىل تاۋۇشلىرىنىڭ مۇقىملىقى، لېكسىكىسىنىڭ زور دەرىجىدە بېيىغانلىقى، پىكىرنى ئىپادىلەش قابىلىيىتىنىڭ ئۆسكەنلىكى، گىراماتىك قائىدىلىرىنىڭ زىل ۋە ئىخچاملىقى ھەم بارا - بارا تولۇقلىنىپ، تۈزىتىلىپ كېتىۋاتقان يېزىقتا ۋە ئىملا قائىدىسىگە ئىگە ئىكەنلىكى ۋە مۇشۇ خۇسۇسىيەتلىرى ئارقىلىق ئېغىز تىلىغا يېقىنلىقى بىلەن پەرقلىنىدۇ.

«نەزمىي يەشمە» ئەلۋەتتە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئىشلىنىشى شەرت. لېكىن «نەزمىي يەشمە» نىڭ تىلى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى ئەمەس، بەلكى «خاقانىيە تىلى»، «چاغاتاي تىلى» ۋە دىئالېكتىكىلار، شېۋىلەر، ژارگونلار، ھەتتا باشقا - باشقا تۈركۈمدىكى تۈركى تىللارنىڭ قېتىش - قوياق «ئارىلاشمىسى» بولۇپ چىققان. پاكىت مۇنازىرىدىن ئۈستۈن. «نەزمىي يەشمە» تىلىدىكى تىل پاكىتلىرىغا قاراپ كۆرەيلى:

1. «بىلىك» تىكى ھەممە سۆزلەر 2870، بۇلاردىن ئەرەبچە - پارسچە سۆزلەر 480. ئەرەبچە - پارسچىدىن ئېلىنغان سۆزلەرگە ئۇيغۇر تىلى قوشۇمچىلىرى قوشۇلۇپ ياسالغان سۆزلەر 20 نەچچە، ئۇيغۇر تىلىغا ياتىدىغان خاس ئىسىملار 45. «ئا» بىلەن باشلانغان سۆزلەرنى ئىستاتىستىكىلىغىنىمىزدا، ئەسلى ئۇيغۇرچە سۆزلەر 214 بولۇپ، بۇلار 102 يىلتىزدىن تەركىب تاپىدۇ، مۇشۇ بويىچە ھېسابلىغاندا، پۈتۈن كىتابتا 1000 چە يىلتىز، 1300 چە يىلتىزداش سۆز بولىدۇ. بۇلاردىن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا قوللىنىلمايدىغىنى جىق بول-

سا، 200 چە يىلتىز بولۇشى مۇمكىن. ھالبۇكى، «نەزمى يەشمە» دە «بىلىك» تىكى «خاقانىيە تىلى» سۆزلىرىدىن 180 سۆز ئېلىنىپ ئىزاھ بېرىلگەن.

2. ياردەمچى سۆزلەردە ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىككى ۋە ياكى ئۈچ دەۋرگە خاس تەركىپلىرى ئارىلاش قوللىنىلغان. مەسىلەن: بول // ئول، ئەردى // ئىدى، ئەرمىش // ئىمىش، ئەرمەس // ئەمەس، بىرلە // بىلە // ئىلە // لە (تەۋبىلە، سىياسەتلە) // بىلەن. بولۇپمۇ پۈتۈن كىتابتا «بولسا» تۇرسا، ئىمىشقىدۇ «ئولسا» غا ئۆزگەرتىلگەن.

3. سۈپەتداشلاردا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا قوللىنىلمايدىغان «ئۇر، ئۈر» قوشۇمچىلىرى «ئار، ئەر» قوشۇمچىلىرى بىلەن تەڭ قوللىنىلغان. مەسىلەن: ئايلىنۇر // ئايلىنار، بىلۈر // بىلەر، بولۇر // بولار، قۇرۇر // قۇرار، قىلۇر // قىلار، قالۇر // قالار، كېلۇر // كېلەر، كۆرسىتۈر // كۆرسىتەر، ئۆلۈر // ئۆلەر، يېتۈر // يېتەر ۋە باشقىلار.

4. رەۋىشداشلاردا تۆۋەندىكى قىزىق ھاللارنى كۆرىمىز:

1) «غاچ، قاچ، گەچ، كەچ» رەۋىشداشلىرى دىئالېكتلارنى ھساپقا ئالمىغاندا، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا سەۋەبنى بىلدۈرىدىغان بولسا، ئاخىرىغا يۆنىلىش كېلىش قوشۇمچىلىرى قوشۇلىدۇ (مەسىلەن، يامغۇر يېغىپ قالغاچقا، سىنى يوقلاپ بارالمىدىم). ئەگەر ئۇلارغا يۆنىلىش قوشۇمچىلىرى قوشۇلمىسا، ھالەت رەۋىشدىشى بولۇپ، ئاساسى ھەرىكەتكە قوشۇمچە ھالدا ئورۇنلانغان ھەرىكەتنى بىلدۈرىدۇ (مەسىلەن، ماڭغاچ سۆزلىشەيلى). «نەزمى يەشمە» دە ھەتتا «مۇقەددىمە» دە، توغرىدىن-توغرا سەۋەپ رەۋىشدىشى ئورنىدا قوللىنىلغان، مەسىلەن:

D.59 پۈتۈن ھەممىسىگە بېكىتكەچ ئىزام،
ئۇنى قەشقەر ئىچىندە قىلغان تامام.

B.291 بېيىدى ئېلى، تۈز يۈرتكەچ ئىزام،
ئەجىپ ياخشى ۋاقتا قويۇپ ياخشى نام.

2) «پ، ئىپ، ئۇپ، ئۈپ» لەر بىلەن ياسالغان رەۋىشداشلار بىلەن بىللە ئۇنىڭ قەدىمقى شەكلى «بان» ئارىلاش قوللىنىلغان. مەسىلەن:

B.22 ئىچۈككىم، بىلىنمىز بىلمەس قەدرىنى،
ئەقىللىق ئوقۇبان كۆزەتۈر ئۇنى.

B.48 دىبان كىمنى قۇتلۇق ئاڭا بەرسۇن ئىش،
ئۆزىدىن يەنە كىمنى ئىرى قىلىش؛

3) يەنە شۇ «پ، ئىپ، ئۇپ، ئۈپ» لەر بىلەن ياسالغان رەۋىشداشلارنىڭ ئورنىغا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا يەككە ھالدا قوللىنىلمايدىغان «ئا، ئە» بىلەن ياسالغان رەۋىشداشلار قوللىنىلغان. مەسىلەن:

(B.3) يەر، ئاسمان ۋە مەخلۇق ئىگىسى يەنە،
تەييار قىلدى رىزقىڭ، يېگىن سەن كۈلە.

B.79 بۇنىڭ ھېكمەتىن كۆر، مۇشۇ تۈت ئۇزە،
كىتابنى تۈگەتكەن بۇلارنى تۈزە.

5. «غۇ، قۇ، كۇ، كۈ» لەر بىلەن ياسالدىغان ھەركەتناملىرىغا «چى» قوشۇلۇپ

ياسىلىدىغان سۆپەتداشلار بىلەن بىللە ئوغۇز-قىپچاق تۈركۈمىدىكى تىللارنىڭ شۇ خىلدىكى سۆپەتداشلىرى قوللىنىلغان. مەسىلەن: يېتۆچى (D.12)، بىلۆچى (D.11)، توقۇچى (B.40)، يازۇچى (B.25)، قىلۇچىلار (D.35)، قويۇچى (B.32) ۋە باشقىلار.

6. پېئىللارنىڭ ئۈچىنچى شەخس كۆپلۈكى ئۈچۈن كۆپ جايدا «لەر» قوللىنىلغان. مەسىلەن:
ئەيلەسۇنلەر (B.44)، ئۇقارلەر (B.74) دېدىلەر (B.29)، ماختالدىلەر (D.304)

ھالبۇكى، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا بۇ قوشۇمچە قوللىنىلمايدۇ، پەقەت مەددالارلا قوللىنىدۇ (ئەللىك پاتمان گۆرزىنى كۆتۈرۈپ، ئانداغ ئۇردىلەركى......)

7. ناھايىتى نۇرغۇن جايدا، ئىككىنچى بوغۇمدىكى «ئا، ئە» تاۋۇشلىرىنىڭ قوشۇمچىلار قوشۇلۇشى بىلەن ئاجىزلىشىش قانۇنىغا ئەمەل قىلىنمىغان. ھالبۇكى، بۇنداق ئاجىزلىشىش ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ «چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى» ۋە باشقا تۈركىي تىللاردىن ئايرىلىپ تۇرىدىغان خاراكتېرلىق بەلگىلىرىنىڭ بىرى.

سىنادىم (D.247)، چىقارىپ (D.149)، قوۋانىپ (D.81)
دىگەلى (D.204) يېتەدۇر (D.331) ئاتانىڭ (D.111)

8. پېئىللاردا نۇرغۇن قەدىمقى تەركىپلەر قوللىنىلغان، مەسىلەن:
تۆرەلتكەن (D.1124)، يۈكسەلتۈر (D.152)
يۇرۇتمەس (D.293)، يۈكسەلتتى (D.145) ۋە باشقىلار.

9. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا قوللىنىلمايدىغان نۇرغۇن قەدىمقى سۆزلەر قوللىنىلغان. مەسىلەن:
قايۇ (D.239)، تۈش-تەڭا (D.7)، ئۆكەن (D.376)
بۇيۇر (D.289)، بۇيۇتمەس (D.289)، ياڭلىغ (D.47)
سوڭ ئاندىن (D.57)، ئايا (D.25)، ئەيلە (D.117) ۋە باشقىلار.

«مىش» فورمىسى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا پېئىل يىلتىزىغا قوشۇلمايدۇ ۋە ئۆتكەن زامان مەنىسىنى بەرمەيدۇ، بەلكى، ئۆتكەن زامان ھېكايە پېئىلىغا قوشۇلۇپ، «گۇمان، مەسخىرە» مەنىلىرىنى بېرىدۇ. ھالبۇكى، «نەزمىي يەشمە» دە بۇ فورما ھەم ئۆتكەن زامان مەنىسىدە، ھەم ئىسىم ئورنىدا قوللىنىلغان، مەسىلەن:
دىمىش (D.292)، ئەيلەمىشتۇر (D.12)
سويىمىشىن (D.75) ۋە باشقىلار.

10. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا قوللىنىلمايدىغان نۇرغۇن ئەرەبچە-پارسچە سۆزلەر قوللىنىلغان. مەسىلەن: پەزلى، ئەجەپ، شۈكران، غەلىيان، مۇرۇۋۋەت، مىزاج، زەبۇن، ۋەسىپ، سەرە، زەكى ۋە باشقىلار.

10. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ تۈرلەش قائىدىسىگە خىلاپ ھالدا نۇرغۇن سۆزلەر غەلىتە تۈرلەنگەن. مەسىلەن:

داڭقىسى (D.102)، شۇلەر (D.276)، تىنغۇچىن (D.5) ماختىنىلدى (D.248)، كىرەكچە (D.316)، قىزغانىچ (D.194) كۈنىمۇ-كۈنلەر (D.279)، قاغىشلىق كىرەكمۇ، ماختاشلىق ساڭا (D.243)، قىزىق قانلىق ئولساڭ، ئىشىڭ بۇزۇلۇر (D.324)، ئۇنى تۇتمىغىن

سەن، بۇ سۆزگە تەگە (D.188) ۋە باشقىلار.

11. هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ گىراماتىك ۋە ئىستىلىستىك قائىدىلىرىگە زىت ئەھۋالمۇ خېلى جىق ئۇچرايدۇ. مەسىلەن: «بۇ تىل پايدىسى كۆپ» (D.177) چېچەك گۈللىسۇن (D.118) بىلىم بەك كېرەكتۇر قىلىشقا ئىشى (D.327) ۋە باشقىلار.

ناسات، گاچچا، ئارسلان دېگەندەك بۇزۇلغان سۆزلەر ياكى ئېغىز تىلى سۆزلىرى خېلى كۆپ، بۇلار ئۈستىدە توختالمىدۇق.

يۇقۇرىدا «نەزمىي يەشمە» نىڭ ئالدىنقى 30 — 20 بابىدا كۆزگە چېلىققان، هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا يات بولغان، ئۇيغۇن بولمىغان ئەھۋالنى كۆرسىتىپ ئۆتتۇق. بىر شېئىرىيەتنىڭ زۆرۈرىيىتى بىلەن ئايرىم سۆزلەرنى قوللىنىپ ئىزاھلاش، سوزۇق تاۋۇشلارنى تۇرلەنگەندە ئاجىزلاشتۇرماسلىق، كېلىش قوشۇمچىلىرىنى باشقىچەرەك ئىشلىتىشقا يول قويۇلىدىغانلىغىنى بىلىمىز، لېكىن بۇ ئايرىم ئەھۋال. «نەزمىي يەشمە» دە بۇ ئەھۋال ناهايىتى كۆپ. شۇڭا، «نەزمىي يەشمە» نىڭ تىلىنى، مەيلى فونېتىكا جەھەتتىن بولسۇن، لېكسىكا جەھەتتىن ۋە گىراماتىك قۇرۇلما جەھەتتىن بولسۇن، هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دېيەلمەيمىز.

## 5. «نەزمىي يەشمە» نىڭ شېئىرىيىتى توغرىسىدا

ئاڭلىشىمىزچە، «بىلىك» نىڭ «نەزمىي يەشمە» قىلىپ ئىشلىنىشى «يېڭىلىق» دىن باشقا يەنە «ۋارىسلىق» ئىكەن. گەپ شېئىرىيەت ئۈستىدە بارىدىغان بولسا، بىر چوقۇم «بىلىك» نىڭ ئەسلىگە ۋارىسلىق قىلىمىز. بۇنىڭدا شۈبھە يوق. بىز دە يېقىندا ئېلان قىلىنغان «بىلىك» كە دائىر ماقالىلاردا تونۇردىن توغرا «نەزمىي يەشمە» نەقىل كەلتۈرۈلۈپ، ئەسلى تېكىستى تاشلاپ قويۇلۇۋاتقان غەيرى نورمال ئەھۋال «نەزمىي يەشمە» «ۋارىسلىق» دېگۈچى ئۈچۈن قاتتىق مەسخىرە ئەمەسمۇ؟ بىر «نەزمىي يەشمە» دە ۋەزىن ساغلاملىغى ۋە قاپىيە تولۇقلىقى بۇزۇلغان نۇرغۇن يەرلەرنى كۆرۈپ تۇرۇۋېتىمىز. بۇنىڭ ئۈچۈن D.1038، D.1284، D.2304 بېيىتلاردىكى تۆت قاپىيىلەرنىڭ ئاچ قاپىيە بولۇپ قالغانلىغى، بېيىتتە «ئۈچۈن» گە قاپىيە ئۈچۈن، ئەدەبىي تىل نورمىسىنى بۇزۇپ «كۈچۈن» ئىشلىتىلگەنلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتسەك بولار. بىراق بىز بۇ ھەقتىكى مۇلاھىزىنى يەنىلا شائىر - يازغۇچىلارغا قالدۇرىمىز. چۈنكى يېقىندا «شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژورنىلى» (ئىجتىمائى پەن قىسمى) نىڭ 1984 - يىل 3 - سانىدا ئۈچ يولداشنىڭ ئۈچ ماقالىسى بېسىلغان. ئۇلار بىزنىڭ خېلى تونۇلغان شائىر، يازغۇچى، ئوبزورچىلىرىمىز. ئۇلار ئۆز ماقالىلىرىدا «بىلىك» داستانىنىڭ قانۇنشۇناسلىق قاراشلىرى، ئىدىيىۋىلىكى ۋە بەدىئىلىكى ھەم بەدىئىي مېتودى توغرىسىدا ئۆز قاراشلىرى ۋە ئىزلىنىشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۆز قاراشلىرى ۋە ئىزلىنىشلىرىنى دەلىللەش ئۈچۈن، شۇ «نەزمىي يەشمە» دىن نەقىل كەلتۈرگەن. نەقىل كەلتۈرگەندە، ئاپتورلار كەلتۈرگەن نەقىللەرنىڭ تەكىدىن تولىسىنى ئۆزگەرتكەن. بەزىلىرىنى پۈتۈن مىسرالىرى بويىچە قايتا ئىشلىگەن، بەزىلىرىنىڭ سۆزلىرىنى ئالماشتۇرغان، بەزىلىرىنىڭ سۆزلىرىنىڭ ئورنىنى يۆتكىگەن، ئاز دېگەندىمۇ، تىنىش بەلگىلىرىنى ئۆزگەرتكەن ياكى ئېلىۋەتكەن (دەرۋەقە، ئۇلار بەزىلىرىنى خاتا قىلىپمۇ قويغان). بۇلاردىن ئۇلارنىڭ بۇ

www.uyghurkitap.com

«نەزمىي يەشمە» گە قايىل ئەمەسلىكىنى، ھېچ بولمىغاندا، بۇ «نەزمىي يەشمە» نىڭ نوپۇزى ۋە ئىناۋىتىنى ئېتىراپ قىلمايدىغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. شۇنداق ئىكەن، ئۇلار ئۆز مۇلاھىزىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويار دەپ ئويلايمىز.

بۇ يەردە شۇنى تەكىتلەپ ئۆتۈش زۆرۈركى، «بىلىك» تەتقىقاتچىلىرىنىڭ تىزىمىغا قارىغاندا، «بىلىك» تە 173 تۆتلىك (مۇرەببە) بار بولۇپ، ئۇلار بۇلارنى فولكلوردىن ئېلىنغان دېيىشىدىكەن. «نەزمىي يەشمە» سىدە «مۇقەددىمە» نىڭ «رۇبائىي» دېيىلىپ ئالاھىدە تەكىتلىنىدۇ ۋە ئىككى مىسال كەلتۈرۈلىدۇ. ناھايىتى ياخشى. لېكىن پۈتۈن كىتاپتا ئاشۇ مىسال كەلتۈرۈلگەن ئىككى رۇبائىيدىن باشقا رۇبائىي كۆرۈنمەيدۇ. ئېنىقكى، بۇلار تېكىستتىمۇ، يەشمىدىمۇ ئىككىلىك (مەسنىۋى) لەر بىلەن قاتار بېرىلىۋېتىلگەن. بۇ بىخەستەلىكمۇ ياكى «ۋارىسلىق»مۇ؟

يۇقۇرىدا «بىلىك» نىڭ ترانسكرىپسىيىلىك تېكىستى ۋە نەزمىي يەشمىسىدە ساقلانغان مەسىلىلەرنى ئايرىم مىساللار بىلەن قىسقىچىلا كۆرسىتىپ ئۆتتۇق. بۇنداق چوڭ ھەجىملىك ئەسەرنى ئىشلەشتە بەزىبىر خاتالىقتىن ساقلانغىلى بولمايدىغانلىقىنى چۈشىنىمىز، شۇڭا، ئايرىم خاتالار ۋە ئىملاغا دائىر نۇرغۇن مەسىلىلەر ئۈستىدە توختالمىدۇق.

بىر قەدىمقى مەدىنى مىراسلىرىمىزنى رەتلەش، نەشر قىلىشتا «نىمە بولسا بولسۇن، چىقسۇن» دىگەن ساددا ئويغا قوشۇلالمايمىز. بۇ بىر ئىلمىي ئىش. ئىلمىي ئىشقا ئىلمىي پوزىتسىيە، ئىلمىي ئۇسۇل كېرەك.

پىكرىمىزنىڭ ناتوغرا يەرلىرى بولسا، قارشى تەنقىتنى ئالقىشلايمىز. «ھەقىقەت مۇنازىرىلەشكەنسېرى ئايدىڭلىشىدۇ.»

---

(بېشى 98 - بەتتە)

مان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىغا مۇناسىپ ھەسسە قوشۇپ كەلدى. ئۇ، 1979 - يىلىدىن بۇيان ئۇيغۇر ئاپتورلارنىڭ «تۆھپە»، «مەشئەل»، «ساما»، «سەھەر» قاتارلىق بەش پارچە كوللىكتىپ ھىكايىلار توپلىمىنى، چەتئەل يازغۇچىلىرىنىڭ «قەسەم» ناملىق مۇنەۋۋەر ھىكايىلار توپلىمىنى، جۇڭگو ۋە چەتئەل يازغۇچىلىرىنىڭ «سۇنغان قانات»، «غازاڭ پەسلى» ناملىق تاللانغان پوۋېستلار توپلىمىنى تۈزدى. بۇ توپلاملار بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، شىنجاڭ ياشلار نەشرىياتى ۋە قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن ئايرىم - ئايرىم ھالدا نەشر قىلىندى ۋە قىلىنىۋاتىدۇ.

ئەخەت تۇردى ئەدەبىي تەرجىمە بىلەنمۇ شۇغۇللاندى. ئۇ، تەرجىمە قىلغان بىر قىسىم يېتەكچى خاراكتېرگە ئىگە ئەدەبىي ئوبزورلار «كۆۋرۈك» ژورنىلىدا ئېلان قىلىندى، بەزىلىرى توپلاملارغا كىرگۈزۈلدى.

ئەخەت تۇردى ئۆزىنىڭ يۇقۇرىقىدەك مول ۋە جاپالىق ئىجادىي ئەمگىكىنىڭ شەرىپى بىلەن 1983 - يىلى جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزالىقىغا قوبۇل قىلىندى. يېقىندا ئۇ تېخىمۇ زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، «سەبىلەر پاجىئەسى»، «قاش بىلەن كىرپىك ئارىلىقىدا» ناملىق پوۋېستلىرىنى يېزىپ پۈتتۈردى. «باھاردىكى جۇدۇن» ناملىق پوۋېستىنى «كۈن تۇغدى» ناملىق يەتتە پەردىلىك مۇزىكىلىق دىرامىغا ئۆزگەرتىپ ئىشلىدى. بىز تىرىشچان يازغۇچىمىز ۋە تەلەپچان مۇھەررىرىمىز ئەخەت تۇردىنىڭ بۇندىن كېيىنكى ئىجادىيىتىگە تېخىمۇ زور مۇۋەپپەقىيەت تىلەيمىز.

# ئەدەبىي تەنقىت ئۆلچىمى ھەققىدە مۇلاھىزە

ئابدۇللا مەتقۇربان

پۈتكۈل جەمئىيىتىمىزنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ھازىرقى ئىسلاھات نۇقتىسىدىن ئەدەبىياتىمىزغا نەزەر سالىدىغان بولساق، ئىجادىيەت ۋە ئەدەبىياتشۇناسلىق ساھەسىدە مۇھاكىمە قىلىپ كۆرۈشنى، پىكىر بىرلىككە كېلىشنى تەلەپ قىلىۋاتقان بەزىبىر كونكرېت مەسىلىلەرنىڭ مەۋجۇتلىقىنى ھېس قىلىمىز. ئۇنىڭ ئەدەبىياتشۇناسلىقىمىزدىكى ئەڭ روشەن ئىپادىلىرىدىن بىرى، ئەدەبىي تەنقىت ئۆلچىمى مەسىلىسىدىن ئىبارەت. بۇ ھەقتە نۇرغۇن مۇھاكىمىلەر ئېلىپ بېرىلغان بولسىمۇ، ئەمما بىرلىككە كەلگەن بىرەر ئىلمىي كۆزقاراش تېخى تىكلەنمىدى. جەمئىيىتىمىزنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدىكى بۈيۈك ئىسلاھات يالغۇز ئىجادىيەتكىلا ئەمەس، ئەدەبىي تەنقىدىمىزنىڭ ئالدىغىمۇ نۇرغۇن ئەمەلىي مەسىلىلەرنى قويىۋاتىدۇ. بۇ مەسىلىلەرگە توغرا جاۋاپ بېرىش، ئۇلارنى توغرا ھەل قىلىش، شۇ ئارقىلىق ئەدەبىي تەنقىتنى ھازىرقى تەرەققىياتنىڭ تەلىپىگە ماسلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئەدەبىي تەنقىتتىكى ئۆلچەم مەسىلىسى ھەققىدە يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا زۆرۈر تەتقىقات ھەم مۇھاكىمىلەرنى ئېلىپ بېرىشقا توغرا كېلىۋاتىدۇ. يۇقۇرقىلارغا ئاساسەن، مۇھاكىمە بولسۇن ئۈچۈن، مەن تۆۋەندە بۇ ھەقتىكى بەزى قاراشلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمەن.

ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئەدەبىياتى ئۈچۈن يولداش ماۋ زېدۇڭ 1942 ـ يىلى ئوتتۇرىغا قويغان سىياسى ئۆلچەم بىلەن بەدىئى ئۆلچەم يېرىم ئەسىرگە يېقىن ۋاقىتتىن بۇيان ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەنقىدىدە ئاساسىي مىزان بولۇپ كەلدى. 1957 ـ يىلى يولداش ماۋ زېدۇڭ يەنە «زەھەرلىك چۆپ بىلەن پۇراقلىق گۈل» نى پەرقلەندۈرۈشنىڭ ئالتە تۈرلۈك ئۆلچىمىنىمۇ ئوتتۇرىغا قويدى. بۇمۇ ماھىيەتتە، يۇقۇرىدىكى سىياسى ئۆلچەمنىڭ تولۇقلانمىسى ئىدى. لېكىن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىمىزنىڭ 30 نەچچە يىللىق ئەدەبىي تەنقىت ئەمەلىيىتىدە تېخى يېقىنقى ۋاقىتلارغىچە تەنقىت ئۆلچەملىرى بەك ئاددىيلاشتۇرۇۋېتىلىپ، كۆپ ھاللاردا سىياسىي ئۆلچەم بەدىئىي ئۆلچەمنىڭ ئورنىنى ئىگەللىۋالدى ياكى بەدىئىي ئۆلچەم ئاشكارا، ئاڭلىق ھالدا چەتكە قېقىلدى. نەتىجىدە ئەدەبىي ئىجادىيەت خېلى ئۇزۇن ۋاقىتقىچە نوقۇل سىياسىي ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇلدى. شۇڭا ئەدەبىياتىمىزدا ئازاتلىقتىن بۇيان قانات يايغان تەنقىتنىڭ كۆپىنچىسى سىياسىي تەنقىتلەر بولۇپ، ئەسەرـ

لەرمۇ سىياسىي تەلەپلەرنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن بەزىدە بەك ئاددىيلىشىپ، شوئارۋازلىق، قېلىپبازلىق، ئۇقۇملاشتۇرۇش، كاللىنىدارچىلىق قاتارلىق ئىجادىيەت خاھىشلىرىدىن ئانچە خالى بولالمىدى. يېقىنقى ۋاقىتلاردىن بۇيان بۇ خىل ھالەت بىر قەدەر ئوڭشالغاندەك قىلىسىمۇ، لېكىن بىر قىسىم تەنقىدىي ماقالىلار يەنىلا قاتماللىقتىن خالىي بولالمايۋاتىدۇ. ئۇلاردا ئۇچرايدىغىنى يەنىلا داۋاملىق سۆزلىنىپ مودىغا ئايلىنىپ قالغان گەپلەر، نامۇۋاپىق ھالدا بىھۇدە ماختاپ كۆككە كۆتىرىش، ئەسەر مەزمۇنىنى ئاددىي ھالدا قايتا بايان قىلىش، ماركسىزىم كىلاسسىكلىرىنىڭ بىرنەچچە ئېغىز سۆزلىرىنى قىستۇرۇپ قويۇش، ماقالىنىڭ ئاخىرىدا قانداقتۇر ئابستىراكىت ھالدا «كەمچىلىك، يېتەرسىزلىكلىرى ئارتۇقچىلىقلىرىغا نۇقسان يەتكۈزەلمەيدۇ» دەپ پۈۋلەشتىن ئىبارەت. سەممىي، مەسئۇلىيەتچان بولماسلىق، ياخشى دىگەنلىرىنىڭ ھەقىقىي ئىستىتىك قىممىتىنى تېپىپ چىقماسلىق، يېتەرسىز دەپ قارىغان جايلىرىنى ئېنىق، كونكىرىت كۆرسەتمەسلىك ئەھۋاللىرىمۇ ساقلانماقتا. بۇ خىل ھالەتنى ھەقىقىي تۈگىتىپ، ئەدەبىي تەنقىدنى ساغلام يولغا قويۇش ئۈچۈن، ئىجادىي يېڭىلاش تەلىۋىنى ئىجادىيەتكىلا ئەمەس، بەلكى ئەدەبىي تەنقىدچىلىككىمۇ قويۇش كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا، تەنقىدنىڭ سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، ئەدەبىي ئىجادىيەتنى ھازىرقى جەمئىيەت ئوتتۇرىغا قويغان تۈرلۈك مەسىلىلەرگە ۋاقتىدا ھەم توغرا جاۋاپ بېرەلەيدىغان قىلغىلى بولىدۇ، تېخىمۇ مۇھىمى شۇكى، بۇ ئارقىلىق ئەدەبىي تەنقىدكە ھازىرغىچە تەسىر كۆرسىتىپ كېلىۋاتقان سول پىكىر ئېقىمىنى تۈگەتكىلى، تەنقىدتىكى كونا ئادەت كۈچلىرىنى، تەرەققىياتقا يېتىشەلمەيدىغان، ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەن كونا قاراشلارنى ئىنكار قىلغىلى بولىدۇ. تەنقىدنى يېڭىلاش ئۈچۈن، ئۇنىڭغا قويۇلىدىغان ئۆلچەمنىمۇ يېڭىلاشقا توغرا كېلىدۇ.

ئەدەبىي تەنقىدنىڭ يۇقۇرىدا تىلغا ئېلىنغان ئۆلچەملىرى بۈگۈنكى كۈندە كىشىلەرنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرىدىن تولۇق لەززەتلىنىش تەلىۋىنى قاندۇرالمايدۇ. چۈنكى ھازىرقى ۋاقىتتا، جەمئىيىتىمىزدىكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتى جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ماددىي تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش بىلەن بىللە، ئۇلارنىڭ مەنىۋىي تۇرمۇش سەۋىيىسى بىلەن ئېھتىياجىنىمۇ بەلگىلىك دەرىجىدە ئۆستۈردى. شۇڭا بۈگۈنكى كۈندە ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرىنى باھالاشتا، كەڭ ئەمگەكچى خەلقنىڭ كۈنسېرى ئۆسۈۋاتقان ئاشۇ مەنىۋىي ئېھتىياجىنى، يەنى ئۇلارنىڭ ئىستىتىك تەلىۋىنى ئاساس قىلىش كېرەك. خەلقىمىزنىڭ ئىستىتىك ھەۋەس ۋە تەلەپلىرى ھەرگىزمۇ تۆتىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشقا، تۆت ئاساسىي پىرىنسىپقا مۇخالىپ كەلمەيدۇ، بەلكى ئىزنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. شۇڭا سەنئەت ئەسەرلىرىدە كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئىستىتىك ھەۋەس، ئىستىتىك تەلەپلىرىنى زور تىرىشچانلىق بىلەن قاندۇرۇشقا توغرا كېلىدۇكى، ھەرگىزمۇ ئۇنى بېسىپ قويۇشقا، ئېتىۋارسىز قالدۇرۇشقا ياكى چەتكە قېقىشقا بولمايدۇ. چۈنكى بىزنىڭ سەنئىتىمىز سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدىكى كەڭ ئەمگەكچىلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلمايدىغان سەنئەتنىڭ مەۋجۇت بولۇشىغا زىمىنىمۇ يوق، چۈنكى سەنئەتنى ئەمگەكچى خەلق ياراتقان، بۇ سەنئەت ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئەمگەكچى خەلقنى تەربىيەلەيدۇ، يېتەكلەيدۇ. يەنە كېلىپ كەڭ ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئىستىتىك تەلەپلىرى ھەرگىزمۇ كومپارتىيە

مەنپەئەتكە خىلاپ نەرسىلەر ئەمەس، بىزنىڭ پارتىيىمىز خەلقنىڭ تۈپ مەنپەئەتكە ۋەكىللىك قىلغاچقا، ئىلمىزدىكى مۇتلەق زور كۆپچىلىك كىشىلەر كوممۇنىستىك پارتىيىسىنى بىردەك ھىمايە قىلىدۇ. ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرىدە كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئىستىتىك تەلەپلىرىنى مۇھىم مەزمۇن قىلىش دىگەنلىك، ھەر قانداق تارىخىي شارائىتتا ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرىدە خەلق ئاممىسىنىڭ گۈزەللىك ھەققىدىكى كۆزقاراشلىرىنى، گۈزەللىككە بولغان ئىنتىلىشلىرىنى، گۈزەل غايىلىرىنى ئىپادىلەشنى ئاساس قىلىش كېرەكلىكىنى كۆرسىتىدۇ. دەرۋەقە، جەمىيەت تەرەققىياتىنىڭ ھەرقايسى باسقۇچلىرىدا خەلق ئاممىسىنىڭ گۈزەللىككە بولغان كۆز قاراشلىرىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى تۈپەيلىدىن، ئۇلارنىڭ گۈزەللىككە بولغان ئىنتىلىشلىرى، بۇنداق گۈزەللىكنىڭ كونكرېت مەزمۇنلىرى روشەن ئىپادىلىنىدىغان ئەدەبىيات ـ سەنئەتكە قويغان تەلەپلىرىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. شۇڭا يازغۇچى، سەنئەتكارلار، جۈملىدىن، تەنقىتچىلەردىن ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردە، ھەرقايسى تارىخىي باسقۇچلاردا كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ گۈزەللىككە بولغان تونۇش، ئىنتىلىشلىرىنى زېرەكلىك بىلەن كۆزىتىش، چوڭقۇر تەھلىل قىلىش ۋە ئىگەللەش تەلەپ قىلىنىدۇ. بىزنىڭ دەۋرىمىز بۇنىڭغا تېخىمۇ ئېھتىياجلىق. يۇقۇرقىلارغا ئاساسلانغاندا، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرىگە گۈزەللىك ئۆلچىمى، يەنى ئىستىتىك ئۆلچەم بىلەن مۇئامىلە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرىگە قويۇلىدىغان ئىستىتىك ئۆلچەم، تار مەنىدىكى بەدىئىي ئەسەرنىڭ شەكلىنىلا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭدا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن دەۋر روھى ۋە ئۇنىڭ كونكرېت ئىپادىسى بولغان سىياسىي، ئىدىيىۋى مەزمۇنلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇڭا ئىستىتىك ئۆلچەمنى ئادەتتىكى بەدىئىي ئۆلچەم مەنىسىدە چۈشىنىدىغان، بەدىئىي ئەسەرنىڭ مەزمۇنى بىلەن شەكلىنى بىر ـ بىرىدىن ئايرىپ قارايدىغان قاتمال ھالەتتىن پەرقلەندۈرۈش كېرەك. چۈنكى گۈزەللىك ئەڭ مۇھىمى، مەزمۇندا ناھايىتى يارقىن ئىپادىلىنىدۇ، سەنئەت ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەردە بولسا تېخىمۇ شۇنداق. شۇڭا بۇ يەردىكى ئىستىتىك ئۆلچەم ئەسلىدىكى سىياسىي ئۆلچەمنى، شۇنداقلا ھازىرقى ۋاقىتتا پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئورتاق مۇنازىرە ئۈستىدە تۇرۇۋاتقان: «چىنلىق، ئىجتىمائىي مەنپەئەتدارلىق ئۆلچىمى»، «چىنلىق، ئىدىيىۋىلىك، بەدىئىلىك ئۆلچىمى»، «چىنلىق، ياخشىلىق، ئاددى مەنىدىكى گۈزەللىك ئۆلچىمى»، «ئىدىيىۋى ئۆلچەم ۋە بەدىئىي ئۆلچەم» قاتارلىق بىر يۈرۈش تەنقىت ئۆلچەملىرىنى چەتكە قاقمايلا قالماستىن، بەلكى ئۇلارنى ئۆزىدە ئومۇملاشتۇرۇپ، يەنىمۇ يۈكسەكلىككە كۆتۈرىدۇ.

ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرىگە ئىستىتىك ئۆلچەم بىلەن مۇئامىلە قىلىش، قانداقتۇر مەلۇم تار گۇرۇھ ياكى ئاز سانلىق كىشىلەرنىڭ مۇددىئاسى تەرىپىدىن ئەمەس، بەلكى بۈگۈنكى جەمىيىتىمىزنىڭ ئېھتىياجى تەرىپىدىن، كەڭ ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئۆسۈۋاتقان مەنىۋىي، ئىستىتىك قىزىقىشى، ئىستىتىك تەلەپلىرى، ئىستىتىك باھا ۋە ئىستىتىك غايىلىرى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. شۇڭا سەنئەت ئەسەرلىرىگە بۇ خىل ئۆلچەم بىلەن مۇئامىلە قىلغاندا، مەلۇم تار گۇرۇھتىكى كىشىلەرنىڭ تەلەپ، ئارزۇلىرىنى ئەمەس، بەلكى مۇتلەق زور كۆپچىلىك كىشىلەرنىڭ تەلەپ ۋە ئارزۇلىرىنى مۇھىم چىقىش نۇقتىسى قىلىش كېرەك. مەسىلەن: ئىلمىزدىكى مۇتلەق زور كۆپچىلىك كىشىلەر تۆت ئاساسىي پىرىنسىپنى قىزغىن

ھىمايە قىلىدۇ ھەم ئۇنىڭدا چىڭ تۇرىدۇ؛ ئېلىمىزنى مۇمكىن قەدەر تېزرەك زامانىۋى دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىشنى ئارزۇ قىلىدۇ؛ ئۆزىنىڭ جەڭگىۋار تارىخىنىڭ سەنئەت ئەسەرلىرىدە بۇرمىلانماستىن، چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈلۈشىنى تەلەپ قىلىدۇ؛ ئۇلار مەنىۋى گۈزەللىككە، رېئال گۈزەللىككە، غايىۋى گۈزەللىككە ئىنتىلىدۇ؛ پارلاق، گۈزەل كېلەچەككە تەلپۈنىدۇ؛ چىنلىق، ياخشىلىق، گۈزەللىككە، يۈكسەكلىك ۋە ئالىجاناپلىققا قىزغىن مۇھەببەتنى بېغىشلايدۇ؛ ساختىلىق، قاباھەتلىك، ئېپلاسلىق ۋە پەسكەشلىكنى يامان كۆرىدۇ، ئۇنى ئەيىبلەيدۇ؛ ئۇلار يەنە ئەخلاقلىق، ھالال، ۋىجدانلىق ياشاشنى ئىزلەيدۇ ۋە باشقىلار. ئەدەبىي تەنقىتتىكى ئىستېتىك ئۆلچەم ئەدەبىيات-سەنئەت ئەسەرلىرىدە يۇقۇرىدىكى مەزمۇنلارنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە ئەكس ئەتكەنلىكىنى تەكشۈرىدۇ، ئۇنى باھالاپ خۇلاسە چىقىرىدۇ.

ئەدەبىيات-سەنئەت ئەسەرلىرىدە جەمئىيىتىمىز كىشىلىرىنىڭ رېئال، چىن ۋە غايىۋى ھېسسىياتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ مەنىۋى دۇنياسىنى يارىتىش، ئۇنى بېيىتىش، شۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ قەلبىنى ساپلاشتۇرۇپ، مەنىۋى تەلىۋىنى قاندۇرۇش، كۈرەش روھىغا، ئەمگەكتىكى روھىي قىزغىنلىقىغا ئىلھام بېرىش كۆپ تەرەپلىمە بولىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن قۇرۇق شوئارۋازلىق، قېلىپبازلىق، تەقلىدچىلىك ئەمەس، يارقىن مۇھەببەتلىك مەدھىيىلەر، چوڭقۇر پەلسەپىۋى مەزمۇنلار، ھەققىي، چىن ھېسسىياتلىق تارىخىي ئەسلىمىلەر، كىشىلەرنىڭ ئۆز تارىخىغا نىسبەتەن كۈچلۈك ئىپتىخارلىقى، رېئاللىقىدىن پەخىرلىنىشى، كەلگۈسىگە نىسبەتەن چوڭقۇر ئىشەنچى، تۇرمۇشتا دائىم ئۇچراپ تۇرىدىغان، يۈكسەك مەنىدىكى سەنئەت دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن كۈچلۈك يۇمۇرىستىك، ساغلام، ئۆتكۈر ساتىرىك كومېدىيىلەر، كىشىنى چوڭقۇر ئويغا سالىدىغان، ۋۇجۇدىدا قەھرىمانلىق، كۈرەشچانلىق، غالىبلىق تۇيغۇسى ئويغىتىدىغان يۈكسەك سەنئەت سەۋىيىسىدىكى تىراگېدىيىلەر كېرەك. بۇلار بىپايان تۇرمۇشتا (شۇنداقلا كىشىلەر قەلبىدە) مەڭگۈ تەكرارلىنىدىغان تۇرمۇشنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكلىرى، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئەدەبىيات-سەنئەت ئەسەرلىرىنىڭ تۈپ مەزمۇنلىرى ھېساپلىنىدۇ. ھازىرقى ۋاقىتتىكى ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ تۈپ ۋەزىپىسى — دەۋرىمىزنىڭ ئومۇمى ئالاھىدىلىكىنى، تەرەققىيات جەريانىنى ۋە ئۇنىڭ يۈزلىنىشىنى ئاخباراتچىلىق شەكلىدە ئەمەس، رېئاللىقتىكى ئادەملەرنىڭ خىيالىي كۆلەڭگۈسىدەك غۇۋا كۆرۈنىشلىك پېرسوناژلار ئوبرازىغا چاپلاپ ئەمەس، بەلكى ھاياتىي كۈچكە تولۇپ، تاشقان تىرىك ئادەملەرنىڭ ئوبرازىغا مەركەزلەشتۈرۈپ ئەكس ئەتتۈرۈش، روشەن خاراكتېر يارىتىش — ئادەمنى يېزىش ۋە ئادەمنى تەسۋىرلەش بولۇشى كېرەك. دەۋرىمىز كىشىلىرى بۇنداق خاراكتېرلارنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئۆز ئەكسىنى، سىرتقى قىياپىتى بىلەن مەنىۋى دۇنياسىنى ئېنىق كۆرەلىسۇن. ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدىن خۇنۇكلۇكتىن يىرگىنىدىغان، قاباھەتلىكنى يېڭىدىغان جاسارەتنى كۆرسۇن. مەڭگۈ گۈزەللىككە تەلپۈنىدىغان، ئۇنى قوغدايدىغان روھنى ئۆگەنسۇن. ئۇلاردىن ئەجايىپ ئىلھاملانسۇن، تەربىيە ئالسۇن. مانا بۇ سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ گۈزەللىكنى مەدھىيىلەيدىغان، گۈزەللىكنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان، گۈزەللىكنى يارىتىدىغان ھەققىي ئالاھىدىلىكى بولالايدۇ. ئېستېتىك ئۆلچەمنى مىزان قىلغان ئەدەبىي تەنقىت بىپايان ھەم رەڭدارلىققا ئىگە تۇرمۇشنى سەنئەت

نۇقتىسىدىن كۆزىتىدۇ، بۇنداق تۇرمۇشنىڭ ئوبرازلىق ئىنكاسى ھېساپلىنىدىغان ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرىنى سەنئەت قانۇنىيىتىگە ئاساسەن تەھلىل قىلىپ باھالايدۇ، خۇلاسە، يەكۈن چىقىرىدۇ.

ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرىگە نىسبەتەن يەنە تارىخىي نۇقتىدىن قاراشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ رېئاللىقنى چىنلىق بىلەن، شۇنداقلا تارىخىي تەرەققىيات نۇقتىسىدىن ئەكس ئەتتۈرۈشى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. چۈنكى، چىنلىق رېئال بولۇش بىلەن بىللە يەنە تارىخىي بولىدۇ. يازغۇچى، سەنئەتكارلارغا نىسبەتەن رېئال ھەم تارىخىي چىنلىقنى ئەكس ئەتتۈرۈشتە قويۇلىدىغان تەلەپ ئوخشاش، ئۇلاردىن بۇ ئىككى خىل چىنلىقنى بۆرمىلىماستىن ئەكس ئەتتۈرۈش تەلەپ قىلىنىدۇ. مەلۇمكى، رېئال ھەم تارىخىي چىنلىق بۆرمىلانغان ئەسەرلەر مۇتلەق زور كۆپچىلىك كىشىلەرنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەتتىن كۈتىدىغان تەلەپلىرىگە تۈپتىن خىلاپ.

ئىستېتىك ۋە تارىخىي تەنقىت قارىماققا ئىككى خىل ھادىسىدەك تۇيۇلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇلار ئاجرالماس بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە بولغان نەرسىدۇر. چۈنكى سەنئەت ئەسەرلىرىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، «ئىستېتىكىدىن خالى بولغان تارىخىي تەنقىت ۋە ئەكسىچە تارىخىي بولمىغان ئىستېتىك تەنقىت بىر تەرەپلىمە شۇنداقلا ساختىدۇر» (بېلىنىسكى «تەنقىت ھەققىدە نۇتۇق»). بىزنىڭچىمۇ بۇ ئىككىسىنىڭ مۇناسىۋىتى قانداقتۇر بىر ـ بىرىدىن شىلىپ ئاجرىتىۋەتكىلى بولىدىغان گۆش بىلەن ئۇستىخاننىڭ مۇناسىۋىتى ئەمەس، بەلكى ئاجرالماس بىرلىككە ئىگە بولغان گۆش بىلەن قاننىڭ مۇناسىۋىتىگە ئوخشايدۇ. بۇ خىل مۇناسىۋەتتە، ئىستېتىك تەنقىتنى قان، تارىخىي تەنقىتنى گۆش مەزمۇنىدا چۈشەنگىنىمىزدە، قان گۆشكە ھاياتلىق بېغىشلىسا، گۆش قاننىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ھەم ئايلىنىشى ئۈچۈن زېمىن ھازىرلايدۇ.

ئىستېتىك ۋە تارىخىي تەنقىت ئەدەبىي تەنقىتچىلىكتە مۇكەممەل بىر قانۇنىيەت بولۇش سۈپىتى بىلەن ماھىيەتتە كونكرېت ئەدەبىي ئەسەر ھەم ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ پۈتكۈل جەريانىنى ئۆز ئىلكىدە تۇتىدۇ. ئۇ رېئال تۇرمۇش مۇناسىۋەتلىرىگە قانداق مۇئامىلىدە بولسا، كونكرېت بەدىئىي ئەسەرلەرگىمۇ شۇنداق مۇئامىلىدە بولىدۇ. ئىستېتىك ۋە تارىخىي تەنقىتنى ئەگەردە ھەقىقەتەنمۇ ئەدەبىي تەنقىتچىلىكنىڭ بىر خىل قانۇنىيىتى دەپ ئېيتىشقا بولسا، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرىنىڭ ئۆزى بۇ خىل قانۇنىيەتنىڭ ماددىي گەۋدىلىنىشى ھېساپلىنىدۇ.

تەرمە گۈللەر

# ياشاش لوگىكام

ئوسمانجان ساۋۇت

تامادىن ئۆلۈكمەن، ئەجرىمدىن تىرىك،
تەر تۆكۈش ماڭا قۇت، ماڭا توي ھەردەم.
شىرىشىم دىللارغا مىجەزىم يەرىك،
يالقۇنغا پەۋەستۇر ھەر بىر ھۆجەيرەم.

يالقۇن بار، سۆيگۈ بار تىنىقلىرىمدا،
ھارارەت ئالىدۇ ھايات ۋە يوللار.
ھەممىشە تەبەسسۇم زىناقلىرىمدا،
گۈل ئالار، گۈل تۇتار نىلۇپەر قوللار.

سەپەرلەر قىلىمەن خىيال ئەۋجىدە،
يۈرەكنى ياندۇرغان ئەرلەرنى ئەسلەپ.
(قۇدرىتى يۈز ئېچىپ دېڭىز مەۋجىدە،
شاندىن قالغان نى يۈكسەكلەر پەسلەپ).

تاڭ قېلىپ قارايمەن شۇلار قەددىگە،
جانان بوپ باقىدۇ ماڭا بۇ ئالەم.
شۇلار بار زېمىندا ئىقبال ـ بەختىمگە،
لىقمۇ ـ لىق سۆيگۈگە سەزگۈ پىيالەم.

ھايات ئۇز — گۈزەلدۇر، ھايات چىرايلىق،
ھايات ئۇ گۈزەللىك ئالى بىر پەللە.
جەننەتنىڭ ھۆرلىرى چاغلىق ـ تايىنلىق،
بەئەينى كۆركى يوق قېرى بىر دەللە.

ئاڭلايمەن زېمىندىن بىر سادا ھامان،
«نۇر بول سەن،
گۈل بول سەن»
دەيدۇ ئۇ ماڭا!
شۇ سادا تېنىمگە ھەساپسىز دەرمان،
ئاڭلانسۇن دوستلىرىم ماڭا ۋە ساڭا!

ئاسماننىڭ ساداسى تارتار زوقۇمنى:
يارقىن بول، چەكسىز بول، قۇياش بول!
دىگەن.
ئاسمانغا بەردىمەن بارۇ ـ يوقۇمنى،
ساداسى خۇشئاۋاز، ساداسى لېۋەن.

چوققىلار ساداسى تېخى بىر لەك،
دەيدۇ ئۇ، «چوققا بول!
چوققا بول! چوققا!
تاشلاردىن دۇر ئالار ئۆچمەس بىر تىلەك،
تىلەكسىز ھەساپلا ئۆزەڭنى يوققا!»

دەريالار سۆزلەيدۇ چاپچىپ دولقۇنلاپ،
سۆيۈنۈپ ئاڭلايمەن، بولمايمەن دىلتەڭ.
ئۇ دەيدۇ: «دولقۇنلار، چايقال ئۇپقۇنلاپ،
زېمىننىڭ رەڭگىگە قوشقىن يېشىل رەڭ.»

ھەمرامەن تاغلاردىن ئاخشاملارغىچە،
ئاشۇنداق ساداغا، ئاشۇنداق سۆزگە!
چۈشۈمدە شۇ سادا،
(ئاق قالماس كېچە)
كۈنۈم يوق ئۆتكۈزگەن ئۇنىڭدىن ئۆزگە!

مەن گۈزەل تاغلارغا ئامراق، تاغپەرەس،
ھەر كىمگە تىلەيمەن ئامانلىق سەھەر!
ئېپاردىن بولسۇن ھەم ھەر ئالغان نەپەس،
مېھرىگە چۆمۈلسۇن قىشلاق ۋە شەھەر!

ئۇت بولسۇن ھەر كىمنىڭ تەلەي يۇلتۇزى،
شات بولسۇن ھەر ئەسنا،
ھەر زامان، ھەردەم!
چەمەنگە ئايلىنىپ تالا ۋە تۈزى
ۋە بولسۇن شەمشاتتەك قامەتلىك بەردەم!

ئۆتكەندە ئالدىمدىن گۈل يۈزلۈك گۆدەك،
كېلەچەك ئۆتكەندەك قىلمەن قىياس!
سورايمەن ئۆزەمدىن!
(ئۇينايدۇ يۈرەك)
قالدۇردۇق ئۇلارغا نىمىنى مىراس؟

سەبىلەر بەختىگە قىلمايمەن ھەسەت،
ھۆسنىگە تولغاندا قالدى دەپ دۇنيا!
زىمىننىڭ نېمىتى قوغدالسۇن پەقەت
كۆزلەرنىڭ ئىچىدە قارچۇقتەك گويا!

بۇ مېنىڭ ھىسلىرىم، ياشاش لوگىكام،
بۇ مېنىڭ ئىچ باغرىم، جان سىرىم باقى!
بۇزۇلماس ئۇ ھەتتا كۆتەرگەندە جام
بۇزۇلماس ئۆلگىچە
ئۆلگىچە تاكى!

(«شىنجاڭ گېزىتى»، 1984 - يىل 12 - ئاينىڭ 23 - كۈنىدىكى سانىدىن ئېلىندى.)

www.uyghurkitap.com

# مۇناج

(ھېكايە)

زۇنۇن تاھىر

مۇناج يېقىنقى بىر ئايدىن بۇيان تۆۋەنگە كۆپ بارىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ بىر ھەپتە ئاۋال يەنە ئىشلەپچىقىرىش دۈيسىگە كېتىپ بۈگۈن قايتىپ كەلدى ۋە ئۆيىگىمۇ بارماستىن، ئۇدۇل قول ئاستىدا ئىشلەيدىغان ئىككى كادىرنىڭ ياتىقىغا كىردى. بۇلارنىڭ بىرى ئاگرانوم، بىرى لابورانت بولۇپ، ئىككىلا يىل ئاۋال يېزا ئىگىلىك ئىنىستىتۇتىنى پۈتتۈرۈپ، مۇشۇ گۇڭشېغا ئورۇنلاشقان ئىدى.

مۇناج ياتاققا كىرىشى بىلەن ھېلىقى ئىككىسى ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇنى يۇقۇرىغا تەكلىپ قىلدى. مۇناج ھەر قېتىمقى ئادىتى بويىچە تامغا يۆلەپ قويۇلغان ئۇستەلنىڭ ئۇڭ تەرىپىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئاگرانوم يىگىتتىن بىر بۇرام موخۇركا سورىۋېلىپ، تاماكا يۆگىگەچ پاراڭغا چۈشتى:

— يەنە بىر ھەپتە ئارىلىماقچى ئىدىم، بىراقزە ماشۇجىكام پارتكوم يىغىنى بار، دەپ سالام ئەۋەتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن قاس - قۇسلا يېنىپ كەلدىم. سەرەڭگەڭنى ئەكىلە ئىنى، — مۇناج ئاگرانوم يىگىتنىڭ ئۇزاتقان سەرەڭگىسى بىلەن تاماكىسىنى تۇتاشتۇرۇۋېلىپ، سۆزىنى داۋام قىلدى، — سىلەر ئۇقمايسىلەر، ھېلىقى، باشلىقلارنى ئۇر - سوق قىلغان ۋاقىتلاردا مەن ماشۇجىكامغا ئېسىدىن چىقمايدىغان نۇرغۇن ياخشىلىقلارنى قىلىپ قويىۋىدىم، مانا شۇنىڭ شاراپىتىمۇ، تېخىمۇ پونكىتىنىڭ باشلىقى، پارتكومنىڭ ھەيئىتى بولدۇم. ئۆتكەن قېتىمقى پارتكوم يىغىنىدا گۇڭشېمىزنىڭ پېنسىيىگە چىققان مۇئاۋىن مۇدىرىنىڭ ئورنىغا يېقىندىن بىرسىنى سەپلەشنى قارار قىلدۇق، كۆرۈپ تۇرۇۋاتقانلار، ئىنىلىرىم، ئورنىغا چوقۇم مەن بولىمەن. ئۇھ، قىشنىڭ سوغىقىدا ۋەلسىپىت بىلەن چاپقىداپ ھەجەپ چارچىدىما! ئاچچىق سۆيۈكلاردىن يوقمۇ، پاراڭلاشقاچ ئازراق ھاردۇق چىقىرايلى.

مۇناج ئاگرانوم يىگىتكە قارىدى. يىگىت ئۈنچىقمايلا ساندۇقىدىن بىر بوتۇلكا هاراق

ئېلىپ، رومكىنى تولدۇردى ـ دە، مۇناجقا سۇندى، مۇناج هاراقنى بىراقلا قېقىۋېتىپ سۆزىنى داۋام قىلدى: ــ هەي ئىنىلار، قىيىنچىلىقلارنى بىلىسەن. شۇڭا گۇڭشېدا بولسامـلا سىلەرنى يوقلىماي قويمايمەن. رەهبەرلىك دېگەن كىم بىلەن رەهبەر؟ ئامما بىلەن، سىلەر بىلەن ـ دە! بىراق ـ زە، بىر قىسىم باشلىقلىرىمىزنىڭ كادىرلارنىڭ ئۆلۈپ ـ تىرىلىشى بىلەن كارى يوق، ئەمدى بۈگۈن كىرىشىمدىكى سەۋەپ، ئۆتكەنكى پارتكوم يىغىنىدا سېنىڭ (ئاگرانوْمغا قاراپ) قىيىنـچىلىقىڭنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، يېزا ئىگىلىك تېخنىكومىغا ئوقۇتقۇچىلىققا يۆتكىلىش مەسىلەڭنى تېزرەك هەل قىلىۋېتىشنى ئېيتتىم. خاتىرجەم بول ئىنى، ماشۇجىكام مېنىڭ بايام دېگەن ئىشىمنى جۆندىۋېتىدىغانلا بولسا، سېنىڭدەك گۆهەرنى سەهرايى قىيامەتنىڭ مۇنداق توپا ـ چاڭلىرىغا كۆمۈۋەتمەيمەن، چوقۇم شەهەرگە يولغا سېلىپ قويىمەن...

مۇناج سۆز ئارىسىدا ئۈچ ـ تۆت رومكا كۆتىرىۋەتتى. باياتىن بىر ئېغىز زۇۋان سۈرمەي ئولتۇرغان لابورانت مۇناجنىڭ سۆزى تۈگىمەي گەپ قىستۇردى:

ــ مۇناجكا، بۇ ئاغىنىمىزنىڭ ئىشى هەل بولدى.

ــ قاچان؟ ــ مۇناج چەكچىيىپ سورىدى.

ــ تېخى بۈگۈن.

ــ شۇنداق قىلىپ يېزا ئىگىلىك تېخنىكومىغا بوپتىما؟

ــ ياق، ئۇنىڭغا ئەمەس، گۇڭشېمىزغا مۇئاۋىن مۇدىر بولۇپ تەيىنلەندى.

ــ نېمە؟ ــ مۇناج ئاغزىغا ئەكەلگەن رومكىنى ئۈستەل ئۈستىگە قانداق قايتۇرۇپ قويغىنىنى سەزمىدى. رومكا ئۈستەلگە تىك قويۇلمىغان، يانپاشلاپ قالغان ئىدى ...

(«گۈلدەستە» ناملىق ژورنالنىڭ 1984 ـ يىللىق مەخسۇس سانىدىن ئېلىندى.)

(بېشى 52 ـ بەتتە)

بەتلىشىگە سادىرنىڭ چەنلەپ ئاتقان توقـمىقى ئۇنىڭ كاللىسىغا تېگىپ پۇلاڭلىدە ئارقىغا ئۇچۇپ كەتتى، شۇ هامان ئۇنىڭ ئاغزى ـ بۇرنىدىن ئوقتەك قان كەتتى. سادىر چەبدەسلىك بىلەن ئۇنىڭ قورالىنى قولىغا ئالدى ـ دە، ئاتقا مىنىپ قاچماقچى بولىۋاتـقان يەنە بىر چېرىكنى يەر چىشلەتتى.

ــ ئاكا، سىز مېنى يەنە بىر قېتىم ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇردىڭىز، ــ ئەسقەر يىغلىغان پېتى يۈگۈرۈپ كېلىپ ئۆزىنى سادىرنىڭ قۇچىقىغا ئاتتى.

ــ خوش ئوغلۇم، ئەمدى سەنمۇ يولۇڭغا ماڭغىن، مەنمۇ ماڭاي، ــ دېدى سادىر ئەسقەرنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ.

ئۇ بايا ئەسقەر بەرگەن قۇرت بىلەن زاغـرىنى سەزدۇرمەستىن ئۇنىڭ خالتىسىغا سېلىپ قويدى.

سادىر چېرىكلەردىن ئولجا ئالغان ئىككى ئاتنىڭ بىرىنى مىندى، بىرىنى يېتىلىدى. ئەمدى ئۇنىڭ قولىدا قورالى، ئاستىدا ئېتى بار بولدى. بۇلاقتەك سېمىز ئاتنىڭ ئۈستىگە چىققان سادىر ئۆز مەنزىلىگە قاراپ ئۇچقاندەك يۈرۈپ كەتتى. بىر ئاز ماڭغاندىن كېيىن، ئۇ بۇرۇلۇپ كەينىگە قارىدى، ئەمدى ئەسقەر كۆرۈنمەيتتى، يىراقتا ئۇنىڭ «هايتـهۇيت» دېگەن ئۈنى بىلەن قارسىلداتقان قامچىسىنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىۋاتاتتى.

«ئەمدى تېزرەك بېرىپ، قازانچىدىكى مامۇت قۇتاز، شەمشىدىن خەلپە باشلىق قېرىنداشلارنى تاپسام ئىشىمىز ئوڭغا تارتىدۇ» دېدى سادىر ئۆز ـ ئۆزىگە. شۇ تاپتا ئۇنىڭ هەممە هاردۇغى چىقىپ يېنىكلىشىپ قالغاندەك بولدى ۋە ئېتىنى دىۋىتىپ، تاغلار ئارىسىغا كىرىپ كۆزدىن غايىپ بولدى.

# ياش يازغۇچىلار بىلەن سۆھبەت

ئىليا ئېرەنبۇرگ (سوۋېت ئىتتىپاقى)

**سوئال:** سىز «ئىككىنچى كۈنى» نى قانداق يازدىڭىز؟

**ئېرەنبۇرگ:** «ئىككىنچى كۈنى» مۇنداق يېزىلغان: مەن ھەرقايسى جايلارنى 3 ئايچە ئايلىنىپ، ئىلاجى بار كىشىلەر بىلەن كۆپرەك ئۇچرىشىشقا تىرىشتىم. بىر ئادەم بىلەن سۆزلىشىش 2 ئادەم بىلەن سۆزلەشكەنگە قارىغاندا تېخىمۇ ئۈنۈملۈك بولىدىغانلىقى، 2 ئادەم بىلەن سۆزلىشىش 5 ئادەم بىلەن سۆزلەشكەنگە قارىغاندا پايدىلىق بولىدىغانلىقى ماڭا ئايان ئىدى، بىراق مەن ۋاقىتنى تېجەش ئۈچۈن، توپ ـ توپ ئادەملەر بىلەن سۆزلىشىشكە مەجبۇر بولدۇم.

مەن كۆڭۈل بۆلىۋاتقان مەركىزىي مەسىلە — ياشلار ئىدى. ئالدى بىلەن ئۇلار مەندىن چەتئەلنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى، ئاندىن مەن ئۇلاردىن سوئال سورىدىم.

مەن ئىمكان قەدەر گەپنىڭ ئۇرامىنى شەخسلەر مەسىلىسى ئۈستىگە يۆتكەپ تۇردۇم، كۆپچىلىك ھېچقانداق ئەندىشىدە بولمىدى، شۇڭا ئۇلار رازىمەنلىك بىلەن كۆڭلىدىكىنى ئېيتتى.

سۆھبەتنى تېز سۈرئەتتە خاتىرىلەپ، ئۆيگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ۋاقىت چىقىرىپ، ئەڭ قىزىقارلىق ئىشلارنى كۆچۈرۈۋالدىم.

بۇنىڭدىن باشقا، داشۆ ئوقۇغۇچىلىرىمۇ مېنى كۆپلىگەن ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىدى. مەن تومسكىدا توپلانغان خاتىرە دەپتەرلەر بىلەن شەخسلەرنىڭ خەت ـ چەكلىرىنى قولغا چۈشۈردۇم. 5 ـ 6 نەپەر داشۆ ئوقۇغۇچىسى مېنىڭ ياشلار ھەققىدە 6 ئەسەر يازماقچى بولغانلىقىمنى ئاڭلاپ، ماڭا ناھايىتى زور ئىشەنچ باغلىغانلىقىنى ئىزھار قىلىشىپ، ئۆزلىرىنىڭ خاتىرە دەپتەرلىرىنى بەردى.

3 ھەپتىچە ۋاقىت سەرپ قىلىپ سىبىرىيىگە بېرىپ كەلدىم. مەن ئۆزەمنىڭ بىۋاستە كەچۈرمىشلىرىمدىن مۇنداق بىر قانۇنىيەتنى بايقىدىم: بىرەر جايدا ئازراق تۇرۇشمۇ، ئۇزاقراق تۇرۇشمۇ مۇمكىن. ئۇزاقراق تۇرغاندا، يولۇقتان ۋەقەلەرگە بولغان چۈشەنچە چوڭقۇرلىشىدۇ؛ ئۇ

www.uyghurkitap.com

يەردە تۇرغان ۋاقىت قىسقا بولسا، يولۇققان نەرسىلەر يېڭى تۇيۇلىدۇ. ئەڭ ياخشىسى، بىر جايدا بىر ھەپتە ياكى بىرنەچچە يىل تۇرۇش كېرەك. مەن بىر جايدا بىر ئاي تۇرۇشنى ئانچە مۇۋاپىق كۆرمەيمەن.

ماتېرىيال ۋە تەسىراتلىرىمنى رەتلىگەن چېغىمدا، روماندا يارىتىلىدىغان ئوبرازلارنى بەلگىلىۋالىمەن.

**سوئال:** روماندا يېزىلغان داشۇ ئوقۇغۇچىسى، بولۇپمۇ ۋولۇدىيە دېگەن بۇ پېرسوناژ راست ئادەممۇ - قانداق؟

**ئېرېنبۇرگ:** مەن كۆپلىگەن ۋولۇدىيەلەرنى كۆردۈم، مەندە ۋولۇدىيەلەرنىڭ خاتىرە دەپتەرلىرىمۇ بار، مەن قايسىبىر ۋولۇدىيەنى يېزىشنى ئالدىن بەلگىلەپمۇ قويمىدىم، قايسىبىر راست ئادەمنى خىيالىمغا كەلتۈرگىنىممۇ يوق. بۇ پېرسوناژ مېنىڭ ئۇرغۇنلىغان ئادەملەردىن ھاسىل قىلغان تەسىراتىمدىنلا ئىبارەت.

باشقا پېرسوناژلارمۇ شۇنداق، ئۆز مەيلىچە ئومۇملاشتۇرۇلغان. رومانىدىكى 20 جۈملە سۆز ئۇلارنىڭ سۆھبىتى ياكى خاتىرىسى ئاساسىدا يېزىلغان، قالغانلىرى ئاشۇ ماتېرىياللارنى تەتقىق قىلىشتىن كېلىپ چىققان نەتىجە. مەسىلەن، ۋالىيەنىڭ گېلىتوپقا يازغان خېتىنى ئالساق، ئۇ ئەسلىدە بار بولغان بويىدىن ئاجراش ۋەقەسى سۆزلەنگەن خەتنىڭ ئۆزى ئەمەس، بەلكى ئۆزگەرتىپ يېزىلغان خەت.

**سوئال:** سىز داشۇ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ تۇرمۇشىنى تەتقىق قىلىپسىزۇ، لېكىن ئەسەرىڭىزدە باشقا پېرسوناژلارمۇ بار ئىكەنغۇ؟

**ئېرېنبۇرگ:** مەندە ئىشچىلارنىڭ خاتىرىسى يوق، مەندىكىسى پەقەت ئۇلار بىلەن سۆزلەشكەن چاغدا خاتىرىلىۋالغان تېز يازما ماتېرىيالدىنلا ئىبارەت. بۇ قېتىم قايتىپ كېلىپ ئىشچىلارنىڭ بىرنەچچە خاتىرىسىنى قولغا چۈشۈردۈم، بۇ خاتىرىلەرگە يېزىلغانلىرىمۇ بەك قىزىق ئىكەن.

**سوئال:** سىز چەتئەلدە تۇرۇپمۇ ئېلىمىز بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ئۈزمەپسىز. سىز ھەر خىل ئادەملەرنىڭ ئىچكى ھېسسىياتىنى ئېلىمىزدىكى شەخسلەردىن تاپشۇرۇۋالغان خەتلەردىن چۈشەندىڭىزمۇ ياكى قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، يېقىنلىشىشتىن تونۇشۇپ چۈشەندىڭىزمۇ؟

**ئېرېنبۇرگ:** مەن قولغا چۈشۈرگەن خام ماتېرىياللارنىڭ ھەممىسى يېڭى، شۇڭا مەن بۇ شەخسلەرنى قىلچە چۈشەنمەيمەن. مەن بىر قىسىم كىشىلەر بىلەن خەت ئارقىلىق ئالاقىلىشىپ تۇردۇم، لېكىن بۇ شەخسى ئىش خاراكتېرىدە ئىدى ...

مەن بىر ۋولۇدىيە بىلەن تونۇشۇپ، ئۇنىڭ بىلەن خەت يېزىشتىم، لېكىن مەن يازغۇچى بولۇش سۈپىتىم بىلەن ئۇنىڭغا قىلچىمۇ قىزىقمىدىم. مېنىڭ قىزىقىدىغىنىم، ئاشۇ قاتىلامدىكى ۋولۇدىيە ئەمەس، بەلكى ئىشچىلار ئارىسىدىكى ۋولۇدىيە ئىدى.

**سوئال:** سىز ئېلىمىزنىڭ قايسى قاتلام كىشىلىرى بىلەن ئەڭ تونۇشلۇق؟

**ئېرېنبۇرگ:** ئەپسۇسكى، ماڭا ئەڭ تونۇشلۇقى يازغۇچىلار، لېكىن مېنىڭ ئۇلار بىلەن پەقەت خوشۇم يوق.

**سوئال:** دېخانلارنىچۇ؟

**ئېرېنبۇرگ:** ئۇلارنى مۇتلەق چۈشەنمەيمەن دېسەممۇ بولىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇلارنى يازماقچىمۇ ئەمەسمەن.

**سوئال:** ئەمىسە، سىزنىڭ «ئىككىنچى كۈنى» ناملىق ئەسىرىڭىزدە دېخانلارغا ئائىت پېرسوناژلار بار ئىكەنغۇ؟

**ئېرېنبۇرگ:** ئۇلار شەھەرنىڭ، سانائەتنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان پېرسوناژلار. مەن كولخوز ياكى سوۋخوزغا بارماي تۇرۇپ، دېخانلار ھەققىدە رومان يېزىش تۈگۈل پوۋېستمۇ يازالمايمەن.

**سوئال:** سىز قاراغاندا ھەققىدە يېزىپسىز، ئۇ يەرگە بارغانمىدىڭىز؟

**ئېرېنبۇرگ:** بىر قېتىملىق سەپىرىمدە بىرەيلەن ماڭا قاراغاندىنى ناھايىتى جانلىق تونۇشتۇرغان ئىدى.

شۇنى ئېيتىش كېرەككى، مەن بابۇرسكقا ئوخشاش شەھەرلەرگە بارغان، مەن بۇ شەھەرلەرنىڭ بەزى ئالاھىدىلىكلىرىنى روماندىكى كوزباس شەھىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى قىلىپ يازدىم.

مەن بىرەر زاۋۇتنى قانداق يېزىش كېرەكلىكىنى بىلمەيمەن. مېنىڭ رومانىم بېرىككەن بىر پۈتۈن گەۋدە. مېنىڭ ئەڭ قىزىقىدىغىنىم، ئادەم.

**سوئال:** سىز «ئىككىنچى كۈنى» ناملىق ئەسىرىڭىزنى يازغان چېغىڭىزدا بىناكارلىق تېخنىكىسىنى تەتقىق قىلغانمىدىڭىز؟

**ئېرېنبۇرگ:** مېنىڭچە، بۇنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق. بۇنىڭغا ۋاقىت سەرپ قىلىشنىڭ ئۆزى ئىسراپچىلىق. بىناكارلىق ئىشچىلىرىنىڭ تۇرمۇشى ھەممىگە ئايان. مېنىڭ قىزىقىدىغىنىم، ئۇلارنىڭ نېمە ئۈستىدە سۆزلىشىدىغانلىقى ئەمەس، بەلكى قانداق سۆزلىشىدىغانلىقى.

مېتاللۇرگىيە تېخنىكىسىنىڭ ئۆزىگە قىزىقمايمەن، مېتاللۇرگىيە جەھەتتە مېنىڭ قىزىقىدىغىنىم، ئاددى كىتابخانلارنىڭ مېنىڭ ھەۋىسىنى قوزغىغان بىر قاتار تۇرمۇش ھادىسىلىرى بىلەنلا چەكلىنىدۇ.

**سوئال:** ئۇنداقتا ئۇلار قانداق سۆزلىشىدۇ؟

**ئېرېنبۇرگ:** ئۇلار مەسىلە ئۈستىدە قىزغىن، خوشال - خورام ۋە ھەۋەس بىلەن سۆز- لىشىدۇ. ئۇلارنىڭ مانا مۇشۇنداق ھېسسىياتى ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدا قانداق رول ئويناي- دىغانلىقىنى بىلىش مەن ئۈچۈن بەكمۇ مۇھىم؛ مەلۇم بىر خىل چۆيۈن ئېرىتىش ئۇسۇلىنىڭ قانداق قوللىنىلغانلىقىغا ئوخشاش مەسىلىلەرگە ئانچە قىزىقمايمەن. چۆيۈن ئېرىتىش ئۇسۇلى مەسىلىسىدە مەن بۇ ئۇسۇلنىڭ چۆيۈن ئېرىتىش زاۋۇتىغا قانداق ئېلىپ كېلىنگەنلىكىنى بىلسەملا بولىدى. مەن چۆيۈن ئېرىتىش ئۇسۇلى توغرىسىدىكى ئەڭ ئاسان ئىمتىھاندىنمۇ ئۆتەلمەيمەن، ھەتتا ناھايىتى چوڭ خاتالىق كەتكۈزۈپ قويۇشۇممۇ مۇمكىن.

ئىمكانىيەت بولسىلا، تېخنىكا مەسىلىسى ئۈستىدە يازغانلىرىمنى سەۋەنلىكتىن ساقلىنىش، كەسپ ئەھلىلىرىنىڭ ئاچچىغىنى كەلتۈرۈپ قويماسلىق ئۈچۈن، مۇتەخەسسىلەرنىڭ كۆرۈپ بېرىشىگە سۇنىمەن.

**سوئال:** لېكىن ھەقىقى يۇقۇرى سەۋىيىلىك يازغۇچى بولۇش ئۈچۈن، تىراكتۇرغا قاندااق ماي ئىشلىتىلىدىغانلىقىنى، يەنى كىرسىن ياكى بېنزىن ئىشلىتىلىدىغانلىقىنى بىلىش زۆرۈر بولسا كېرەك، چۈنكى سىزنىڭ ئەسىرىڭىز ھەرقانچە ياخشى يېزىلغان بولسىمۇ تېخنىكا جەھەتتە سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ قويسىڭىز ئۇلار سىزنى كەچۈرمەيدۇ ئەمەسمۇ؟

**ئېرىنبۇرگ:** سىزنىڭ مىسالىڭىز جايىدا بولماي قالدى، ئېيتىپ بېقىڭچۇ، يازغۇچى قايسى ئىشنى يېزىشتا كەتكۈزۈپ قويۇدۇ: پېچنى پېچكە ئوخشايدىغان قىلىپ يازالماسلىقتىنمۇ ياكى ۋەقە يۈز بېرىشنىڭ ئالدىدا يىگىت ئۆزىنىڭ سۆيگۈنى بىلەن سۆزلىشىش ئەسلا مۇمكىن بولمىغان ئىش ئۈستىدە سۆزلەشكەنلىكىنى يېزىشتىمۇ؟ قايسى ئەڭ قورقۇنچلۇق؟ ئىشلەپچىقىرىشقا ئائىت سەۋەنلىكمۇ ياكى ئادەمگە چېتىلىدىغان سەۋەنلىكمۇ؟

مۇبادا بىرەر يازغۇچى ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ھەقىقى يوسۇندا ئىپادىلەپ بېرەلمىسە، ئۇ يازغۇچى ھىساپلانمايدۇ.

**سوئال:** بۇ تېخنىكا مەسىلىسى بىلەن ئادەم مەسىلىسىنى بىر - بىرىدىن تامامەن ئايرىۋەتكەنلىك بولمامدۇ؟

**ئېرىنبۇرگ:** مەن ئىشلەپچىقىرىش ھەققىدە «ئون ئات كۈچى»، «خىيال زاۋۇدى» دىگەنگە ئوخشاش ئەسەرلەردىن بىرنەچچىنى يازدىم، يەنە ئىشلەپچىقىرىشقا ئائىت بىر مۇنچە ئوچېرك يازدىم. مەن دەۋرىمىزدىكى تۇرمۇش ۋە تېخنىكىغا قىزىقىمەن. ئەگەر بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدا قانداقتۇر مۇنازىرە مەۋجۇت دىيىلسە، ئۇ مېنىڭ سىلەردە بىر خىل ئېغىشنىڭ بارلىقىنى ھىس قىلغانلىقىمدىن ئىبارەت. ئۆزەمنى ھازىر فرانسىيىلىك ياش يازغۇچىلار بىلەن سۆزلىشىۋاتىمەن، دەپ قىياس قىلسام، ئۇ ھالدا سىلەرنىڭ سۆزۈڭلەرنى قىلغان بولاتتىم، چۈنكى ئۇ يەردە ئىشلەپچىقىرىش ئۈستىدىكى تەتقىقات كۈچىيىۋاتىدۇ. بىزنىڭ ئەدەبىياتىمىزدىكى تېخنىكا مەسىلىسى ھەققىدە سۆزلەنگەن گەپلەر كىشىنى زېرىكتۈرىدۇ، ئادەمگە بولغان قىزىقىش بولسا كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان دەرىجىدە كەمچىل، شۇڭا مەن ھازىرچە مۇشۇنچىلىكلا دەپ تۇراي.

مەلۇم بىر يولداش ماڭا: مېنىڭچە، شېئىردىكى ئەڭ مۇھىم نەرسە، ئادەم خاراكتىرىدىن ھالقىپ كەتمىگەن ئىنىدىۋىدۇئاللىق دىدى. بۇ ناھايىتى توغرا سۆز. ئەگەر سىلەر باشقا بىر دۆلەتتە ياشاۋاتقان بولساڭلار، سىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىشقا بولغان قىزغىنلىقىڭلار دەل جايىدا بولغان بولاتتى، لېكىن بىزنىڭ ئېلىمىزدە تەشۋىق قىلىشقا تېگىشلىك بولغىنى بەدىئى توقۇلما، لېرىكا، ئادەمگەرچىلىك. ئادەمنى كاتالىزاتور سۈپىتىدە ئەمەس، ئادەم سۈپىتىدە يېزىش لازىم.

**سوئال:** سىزنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىدىغىنى رومان يېزىشمۇ ياكى ئوچېرك يېزىشمۇ؟

**ئېرىنبۇرگ:** مەن رومان يېزىشقا خۇشتار، چۈنكى مەن چوڭ تىپتىكى نەرسىلەرنى يېزىشنى ياقتۇرىمەن. ئوچېركقا كەلسەك، ھازىرغىچە بىرەر پارچە كىتاپمۇ يازمىدىم. ھەر قايسى مەزگىللەردە ئانچە - مۇنچە يېزىپ قويدۇم. ئوچېركنىڭ خام ماتىرىياللىرىغا سەپەر ئۈستىدە ئېرىشكەن ئىدىم.

مەن سەپەردىن قايتىپ كېلىپلا ئوچېرك يېزىشقا تۇتۇش قىلىمەن، مەن ئوچېركنى

رومان يازغانغا قارىغاندا تېز يازىمەن.

**سوئال:** سىز ئىسپانىيىنى قانداق يازدىڭىز؟ ئىسپانىيىلىكلەرنىڭ پىسخىكىسىنى قانداق تەتقىق قىلدىڭىز؟

**ئېرىنبۇرگ:** ئەسلىدە مەن ئىسپان تىلىنى ئانچە بىلمەيتتىم. ئىسپانىيىگە بېرىشتىن ئىلگىرى ئىسپان تىلىدىكى كىتاپلارنى ئوقۇيالىساممۇ، لېكىن سۆزلىشەلمەيتتىم. ئىسپانىيىدىكى ساياھىتىم ئاياقلىشاي دېگەندە، ئىسپان تىلىدا سۆزلىشەلەيدىغان بولدۇم. بۇنىڭدىن باشقا، ئىسپانىيە زىيالىيلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك فرانسۇز تىلىنى بىلىدىكەن. مەن ئىسپانىيە دېھقانلىرى بىلەن ئىسپان تىلىدا سۆزلەشتىم، راستىنى ئېيتقاندا، ئىسپان تىلىدا سۆزلەش ماڭا بەكمۇ قىيىن كەلدى. بىراق قانداقلا بولمىسۇن، ئۇلارنىڭ مەقسىدىنى چۈشەندىم.

مادرىتقا بارغاندىن كېيىن، تۈرلۈك شەخسلەر بىلەن تونۇشتۇم. ئۇلار ماڭا ئۆزلىرىنىڭ تونۇش ـ بىلىشلىرى بىلەن تونۇشۇشۇم ئۈچۈن نۇرغۇن تونۇشتۇرۇش خەتلىرىنى يېزىپ بەردى. مەن ئۇلاردىن ھەر خىل ئادەملەرنى: گۇۋاچىلارنى، دوختۇرلارنى، ھۆكۈمەتسىزلىك تەرەپدارلىرىنى تونۇشتۇرۇپ بېرىشنى ھەمدە خەت ـ ئالاقە يېزىپ بېرىشنى ئۆتۈندۈم. مەن ھەر بىر جايغا ئون نەچچە پارچە ئالاقە ئېلىپ باردىم.

ھەر بىر شەھەرگە بارغاندا، خەتلەرنى كۆتىرىپ يۈرۈپ ئىگىسىنى ئىزلىدىم.

ئىسپانىيىلىكلەر بەكمۇ مېھماندوست ئىكەن. بىر رۇس كەپتۇ، دېگەن خەۋەر ھەش ـ پەش دېگۈچە پۈتكۈل شەھەرگە پۇر كەتتى. كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇشىنى رازىمەنلىك بىلەن سۆزلەپ بەردى. بۇ جەھەتتە ئۇلار ئادەتتىكى ياۋروپالىقلاردىن پەرقلىنىدىكەن. ئىسپانىيىلىكلەر ھەمىشە ھەسرەت چېكىپلا يۈرىدىكەن. ئۇلار ھاراق ئىچكەندىن كېيىن، ئاغزىغا كەلگىنىنى دەۋېرىدىكەن. ئەلۋەتتە، ئۇلارنىڭ ئېيتقانلىرىنىڭ ھەممىسىگە ئىشىنىپ كەتمىدىم، يەنە ۋاقىت سەرپ قىلىپ ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە توغرا كەلدى. ئەمەلىيلەشتۈرۈش ناھايىتىمۇ مۇرەككەپ، ناھايىتىمۇ قىيىن ئىش. پسىخولوگىيىگە ئاساسەن ئېيتقاندا، ھاراق ئىچكەندىن كېيىنكى پاراڭ كىشىنى مول ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەيدۇ.

مېنىڭچە، يازغۇچى ئۈچۈن زور ئەھمىيەتكە ئىگە بولغىنى كىشىلەر بىلەن سۆزلىشىشكە، سۆزلىشىش ئوبيېكتلىرىنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىشكە، سۆزلىشىش ئوبيېكتلىرىنىڭ سۆزىنىڭ مەزمۇنىنى يازغۇچى قىزىقىدىغان ئىشلارغا ئەمەس، شۇلارنىڭ ئۆزى قىزىقىدىغان ئىشلار ئۈستىگە بۇراشقا ماھىر بولۇشتىن ئىبارەت. چۈنكى ئاخىرقى ھېساپتا مۇشۇنداق سۆزلىشىشلا يازغۇچىغا مەنپەئەت يەتكۈزىدۇ. مىسال ئۈچۈن ئېيتايلى، بىر يازغۇچى بىر كىشى بىلەن تونۇشۇپ، ئۇ كىشىنى ئائىلە تۇرمۇشىغا دائىر نۇرغۇن قىزىقارلىق ئىشلارنى سۆزلەپ بېرەلىشى مۇمكىن دەپ ھېساپلىسا، لېكىن ئۇ كىشى ئات مىنىش ھەۋەسكارى بولسا، بۇنداق ئەھۋالدا يازغۇچى گەپنىڭ ئورامىنى ئاتقا بۇرىسا، ئۇ كىشى ئېچىلىپ ـ يېيىلىپ ناھايىتى جانلىق سۆزلەپ بېرىدۇ. ئەگەر يازغۇچى ئۇنى باشقا ئىشلار ئۈستىدە سۆزلەپ بېرىشكە دەۋەت قىلسا، ئۇ تۇتۇرۇقسىز گەپلەرنى قىلىشى مۇمكىن.

كىشىلەرنى كۆڭلىدىكىنىڭ ھەممىسىنى دەپ بېرىشكە يېتەكلەشنى، سۆھبەتنىڭ ئاساسى مەزمۇنى ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈشنى ئۆگىنىۋېلىش—يازغۇچى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم.

شۇنى بىلىش كېرەككى، ئېلىمىزدىكى كىشىلەر ئادەتتە سۆھبەتنىڭ دەسلىۋىدىكى بىر سائەت ئىچىدە كۆڭلىدىكى گەپلەرنى دىمەيدۇ. مۇشۇ بىر سائەت ئىچىدە سۆزلىگۈچىلەرنى ئالدىن تەييارلاپ قويغان سۆزلىرىدىن ۋاز كەچتۈرۈشنى ئۆگىنىۋېلىش لازىم، شۇنداق قىلغاندا، ئۇلار ھامان كۆڭلىدە ئويلىغانلىرىنى، ھەقىقى تۇردە كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان ئىشلارنى سۆزلەيدۇ.

سوئال: سىز يېقىندا بىرەر نەرسە يازغىنىڭىزدا ئىلگىرى يولۇقۇپ باقمىغان يېڭى، قىيىن مەسىلىگە يولۇقۇپ باقتىڭىزمۇ؟

ئېرىنبۇرگ: مەن ھەر قېتىم بىرەر نەرسە يازغىنىمدا نۇرغۇنلىغان قىيىنچىلىقلارغا يولۇقۇپ تۇرىمەن. «ئىككىنچى كۈنى» نى يېزىشقا كىرىشكەندىن كېيىن، پېرسوناژلارنىڭ سانى، پسىخىكىسى جەھەتتە قىيىنچىلىققا ئۇچرىدىم.

مەن ئىلاجى بار ئاشىندارچىلىقنى ئازراق يازىمەن. بۇ ئىشنى ئاشۇنداق بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. كونا رۇس ئەدەبىياتىدىمۇ ئاشىندارچىلىق ناھايىتى ئاز يېزىلغان. مېنىڭ دەسلەپكى ئەسەرلىرىمدە ئاشىندارچىلىق كۆپرەك يېزىلغاچقا، كىشىلەر سېرىق رومانلارنىڭ ئۈلگىسى، دېيىشكەن.

ھازىر بىزنىڭ بۇ يەردە ئاشىندارچىلىق خىلىلا جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە، چۈنكى ئىشچى كىتابخانىلار ۋەقە راۋاجى ئىخچام بولغان رومانلارنى ئوقۇشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۆزەم ئۇچۇن ئېيتقاندا، ئاشىندارچىلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالمىغان نەرسىلەرنى يېزىش ئاشىندارچىلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالغان نەرسىلەرنى يېزىشقا قارىغاندا، بەك قىيىن چۈشىدۇ.

سوئال: سىزنىڭ ئىجادىيەت ماھارىتىڭىزگە مەن بەكمۇ قايىل.

ئېرىنبۇرگ: مەن خەتنى ماشىنكىدا ئۆزەم باسىمەن. بېسىپ بولغاندىن كېيىن كۆپ ئۆزگەرتىمەن. قول تەگمەيدىغان جۈملە قالمايدۇ، دېمەممۇ بولىدۇ. ئاندىن ماشىنكىدا قايتا ئاققا كۆچۈرىمەن. مانا مۇشۇنداق قايتا - قايتا ئۆزگەرتىپ، قايتا - قايتا كۆچۈرگەندىن كېيىن، ئاندىن كېيىنكى باپقا ئۆتىمەن. ئاخىرىدا يەنە بىر قېتىم ئومۇميۈزلۈك تۈزىتىپ چىققاندىن كېيىن، ماشىنكىچىغا بېرىمەن، ئۇ ئاققا كۆچۈرگەندىن كېيىن، ئىستىلىستىكا جەھەتتىن يەنە بىر قېتىم تۈزىتىمەن.

مەن ھەر كۈنى 4 سائەت يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىمەن، بۇنىڭدىن ھەرگىزمۇ ئاشۇرۇۋەتمەيمەن. ئادەتتە چۈشتىن بۇرۇن يازىمەن.

مەن يېزىشقا كىرىشكەندە ھېچقانداق ئىش قىلمايمەن. مەن رومان يېزىشقا كىرىشكەندە، 3 - 4 ھەپتىدە ئارانلا بىر پارچە جاۋاپ خەت يازىمەن. بۇ مەزگىلدە گېزىت-ژورناللارغا نەزىرىيىۋى ماقالا يازمايمەن. مۇبادا ماقالا يېزىشقا قىستىسا، جۇدۇنۇم تۇتىدۇ. مەن يېزىشنى ئۈزۈپ قويمايمەن، لېكىن ئەنە شۇنداق ئىشلار مېنى يېزىشنى ئۈزۈپ قويۇشقا مەجبۇر قىلىدۇ.

سوئال: بابىل سىزنى كافېخانىدا ئولتۇرۇپ يېزىشقا ئامراق دەيدۇ، راستىمۇ؟

ئېرىنبۇرگ: ئىنقىلابتىن ئىلگىرى مەن پارىژدا تۇراتتىم، ئۆيۈمدە ئوت تالانمايتتى، شۇڭا مەن ھەمىشە كافېخانىغا بېرىپ، يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتىم. بىر ئىستاكان

كافى بىلەن پۈتۈن بىر كۈننى ئۆتكۈزەتتىم. مۇشۇنداق قىلىپ كافىخانىدا يېزىشقا بارا - بارا ئادەتلىنىپ قالدىم. مەن سوغاقتىن ساقلىنىش ئۈسكۈنىلىرى بار ئۆيگە كۆچۈپ كىر - گەندىن كېيىنمۇ كافىخانىغا بارمىسام يازالمايدىغان بولۇپ قالدىم.

ئۇرۇشتىن كېيىن كافىخانىنىڭ قىياپىتى زور دەرىجىدە ئۆزگىرىپ كەتتى. ئۇ يەردە ۋاراڭ - چۇرۇڭ ئۆكسۈمەيدىغان بولۇپ قالدى، دوست - ئاغىنىلىرىم كافىخانىغا كەلسىلا، ئەتراپىمغا ئولىشىۋېلىپ قۇرۇق پاراڭ سېلىپ، ماڭا كاشىلا قىلغىلى تۇردى.

بۇنىڭدىن باشقا، ئۆز خېتىمنى پەرق ئېتىپ ئوقۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش پەيتىمۇ كېلىپ قالغان ئىدى، چۈنكى شۇ كۈنى يازغان خەتنى شۇ كۈنى ئوقۇمىسام، ئەتىسى ھەر قانچە قىلىشىپمۇ ئوقۇيالمايتتىم.

مەن ماشىنكا ئىشلىتىش نىيىتىگە كەلدىم، بىراق ماشىنكىنى كافىخانىغا ئېلىپ بېرىش ئەپسىز ئىدى. شۇڭا مەن قەتئىي نىيەتكە كېلىپ، ئۆيدە يېزىشقا باشلىدىم.

شۇنى كۆرستىپ ئۆتۈش كېرەككى، يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللانغاندا، بەزىدە زېرىكىش يۈز بېرىدۇ، لېكىن سىز يېزىۋەرسىڭىز بارا - بارا يېزىۋاتقان نەرسىگە بېرىلىپ كېتىسىز. روماننىڭ باشلىنىشى ھامان قىيىن بولىدۇ، ئاخىرى ئاسانلىشىپ بارىدۇ، كىتاپنىڭ ئوتتۇرا قىسمى كىشىنىڭ زوقىنى كەلتۈرىدۇ، ئاخىرىغا بارغانسېرى قىزىقى ئاجىزلىشىپ بارىدۇ. كىتاپ تۈگەشكە ئاز قالغاندا قىزىقى يەنە كۈچىيىدۇ...

**سوئال:** سىز قانداق دەم ئالىسىز؟

**ئېرىنبۇرگ:** مەن دەم ئالغاندا ھېچنىمە ئوقۇمايمەن. ئوقۇشقا توغرا كەلسە، يېزىۋاتقان نەرسىگە زادى ئوخشىمايدىغان نەرسىنى ئوقۇيمەن، يەنى رومان ئوقۇمايمەن.

«دەم ئېلىش» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىدىن ئېيتقاندا، مەن پەقەت دەم ئالمايمەن دېسەممۇ بولىدۇ. يېزىقچىلىق ئاخىرلاشقان دەسلەپكى كۈنلەردە بەكمۇ خوشال بولۇپ كەتكىنىمدىن قولۇم ھېچقانداق ئىشقا بارمايدۇ. كېيىن يېزىشقا تېگىشلىك نۇرغۇن نەزىرىيىۋى ماقالىلارنىڭ بارلىقىنى ئېسىمگە ئالىمەن. ماقالا يېزىش رومان يازغان چاغدىكىدەك ھېسسىياتنىڭ بولۇشىنى تەلەپ قىلمايدۇ، شۇڭا مەن ماقالىنى دەم ئالغىنىمنىڭ ئورنىدا يازىمەن.

(«گۇاڭجۇ ئەدەبىيات - سەنئىتى» نىڭ 1983 - يىل 5 - سانىدىن ئېلىندى.)

ئازات سىيىت تەرجىمىسى.

**ئىستىل ياكى ئۇسلۇب:** كەڭ مەنىدە، يازغۇچى ئىجادىيىتىدىكى غايىۋى - بەدىئىي خۇسۇسىيەتلەر بىرلىكى، تار مەنىدە ئىپادىلەش ئۇسۇلى. كەڭ مەنىدىكى ئۇسلۇب چۈشەنچىسى يازغۇچىنىڭ دۇنياقارىشى، تەكىتلەنگەن ئاساسىي پىكرىنى تەشكىل قىلىدىغان غايە، سيۇژېت ۋە خاراكتېرلار دائىرىسى، بەدىئىي تەسۋىر ۋاستىلىرى، ئەسەر تىلى ۋە باشقىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئومۇمەن، ئۇسلۇب ئاپتورنىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلىرى ھاياتنى بايقاش دەرىجىسى ۋە ئۇنى تەسۋىرلەش مېتودى قاتارلىق تەرەپلەردە ئىپادىلىنىدۇ.

**سيۇژېت:** (فرانسۇزچە. sujet — پىرىدمېت① سۆزىدىن) — ئېپىك ياكى دىراماتىك ئەسەرلەرنىڭ كونكرېت مەزمۇنىنى تەشكىل قىلىدىغان ئۆزئارا باغلانغان ۋە راۋاجلىنىپ بارىدىغان ۋەقەلىكلەر، شۇنداقلا ۋەقەلىككە قاتناشقان كىشىلەر مۇناسىۋىتىنىڭ تارىخىي راۋاجىنى كۆرسىتىدىغان جەريان.

بۇ ھەقتە ماكسىم گوركىي مۇنداق دەيدۇ: «ئەدەبىياتنىڭ ئۈچىنچى مۇھىم ئامىلى — سيۇژېت، يەنى پېرسوناژلار ئارىسىدىكى باغلىنىش، زىددىيەت، ھېسداشلىق، ئەكسى تەسىرات ۋە ئادەتتىكى ئۆزئارا مۇناسىۋەتلەر، ھەر خىل ئوخشاش بولمىغان خاراكتېر، تىپلارنىڭ ئۆسۈش ۋە بىنا بولۇش تارىخىدۇر».

**سىكىل ياكى چاتما شېئىر:** (گىرېكچە. koklos — دائىرە ھالقا سۆزىدىن) — بىر قانچە ماۋزۇ ئاستىدىكى مەزمۇنداش شېئىرلارنىڭ چېتىلىپ بىر پۈتۈن گەۋدە ھاسىل قىلىشىغا قارىتىلغان.

مەسىلەن: تۇرغۇن ئالماسنىڭ «ئىنسان خىسلىتى ھەققىدە ناخشا» دېگەن سىكىلى — «مېھنەت ۋە ئەقىل»، «ۋىجدان»، «مۇھەببەت»، «نەپرەت» قاتارلىق بىر قانچە مەزمۇنداش شېئىرلاردىن تەركىب تاپقان. بۇ شېئىرلار بىر بىرىگە باغلىنىپ، بىر بىرىنى تولۇقلاپ ھەم كۈچەيتىپ ئىنسانىي خىسلەت توغرىسىدىكى بىر پۈتۈن چۈشەنچىنى ئەكس ئەتتۈرگەن.

**غەزەل:** شەرق خەلقلىرى ئەدەبىياتىدا، جۈملىدىن، ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدا كەڭ تارقالغان لىرىك ژانىر. غەزەل دەسلەپ ئىشقى - مۇھەببەت تېمىسىدا يارىتىلغان، كېيىنكى چاغلاردا ئىجتىمائىي، سىياسىي، ئەخلاقىي، تەلىم - تەربىيە تېمىلىرىدىمۇ يېزىلىشقا باشلىدى. ناۋايى قاتارلىق شائىرلار ھەجۋىي خاراكتېردىكى غەزەللەرنىمۇ ياراتتى.

يېقىنقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، نىمشېھىت قاتارلىق شائىرلار مۇشۇ ژانىردا خەلقنى ئويغىتىش، بىلىم - مەرىپەتكە دەۋەت قىلىش، كۈرەش قىلىپ، يېڭى ھايات قۇرۇش تېمىلىرىدا نۇرغۇن غەزەللەرنى يازدى ۋە يېڭى - يېڭى شەكىللەرنى مەيدانغا كەلتۈردى.

---

① پىرىدمېت — نەرسە دېگەن ئۇقۇمغا توغرا كېلىدۇ.

غەزەل ئاز بولغاندا ئۈچ بېيىتتىن، كۆپ بولغاندا ئون، ئون ئىككى بېيىتتىن (بەزىدە ئۇنىڭدىن كۆپ) ئىبارەت بولىدۇ. غەزەلنىڭ بىرىنچى بېيىتى ئۆزئارا قاپىيىداش بولۇپ، كېيىنكى جۈپ مىسرالار ئۇنىڭغا ماسلىشىپ كېلىدۇ. تاق مىسرالار بولسا ئوچۇق قالىدۇ (ئا ـ ئا. ب ـ ئا. ب ـ ئا).

ئەگەر غەزەلنىڭ بىرىنچى بېيىتى قاپىيىلەنمىسە، ئۇنى قىتئە ــ غەزەل دەپ ئاتايدۇ.

**غايە:** كىشىلەرنىڭ ھايات ھادىسىلىرى توغرىسىدىكى تەسەۋۋۇرى ۋە شۇ ھادىسىلەرگە بولغان مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلىگەن تەپەككۇردىن ئىبارەت. بۇنداق تەپەككۇر ھەمىشە كىشىلەرنىڭ ماددىي ھايات شارائىتلىرى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ.

بەدىئىي ئەسەرنىڭ غايىسى ئەسەردە تەسۋىرلەنگەن يېتەكچى پىكىردۇر. ئەسەرنىڭ غايىسى ئەسەر قەھرىمانلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئىش ھەركىتىدە گەۋدىلىنىدۇ.

**فانتازىيە:** (گىرېكچە. phantasia ــ پەرەز قىلىش، تەسەۋۋۇر، خىيال سۆزىدىن) ــ ئىجادىي تەسەۋۋۇر، خىيال شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىجادىي خىيال بىلەن يارىتىلغان ئوبراز، تۇرمۇشنىڭ ئىنكاسى سۈپىتىدە كىشىنىڭ ئېڭىدا تۇغۇلغان، لېكىن تېخى رېئاللىقتا بولمىغان، پەقەت كىشىلەر تەسەۋۋۇرىدىكى ئارزۇلارمۇ فانتازىيە دېيىلىدۇ.

ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئىجادىيىتىدىكى «ئۇچار گىلەم»، «ئۇر توخماق» قاتارلىق چۆچەكلەر خەلقنىڭ رېئال تۇرمۇشى ئاساسىدا، ئۇلارنىڭ ئارزۇ ۋە ئېھتىياجىدىن تۇغۇلغان ئەجايىبىي فانتازىيىدۇر. ناۋايىنىڭ «سەبئى سەييار» دېگەن چۆچىكىدىكى ئاجايىپ خىياللارمۇ شۇنداق. دىنىي قائىدىلەرگە ئاساسلانغان فانتازىيە ۋە دىنىي ئەقىدىلەرنى ئىپادىلىگەن بەدىئىي ئەسەرلەر بۇنىڭغا تامامەن قارىمۇ ـ قارشىدۇر.

**فەرد:** (ئەرەبچە. فىرد ــ يەككە، يالغۇز سۆزىدىن) ــ كلاسسىك لىرىكىنىڭ ئەڭ كىچىك ژانىرى، پەقەت بىرلا بېيىتتىن ئىبارەت مۇستەقىل شېئىر شەكلى. مەسىلەن:

«بارەمكىن ھېچنىمە ئالەمدە ھىجراندىن يامان،
ھەر نەكىم ئاندىن يامانراقدۇر بۇدۇر ئاندىن يامان.»
(بابىر)

بۇنداق شېئىر شەكلى يېقىنقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىمۇ بار. مەسىلەن:

«نىچۈك ئەھۋالدىدۇر مىللەت، ئۇيغۇر ئەۋلادى ئېچىڭ كۆزنى،
قىلىپ غەيرەت، قىلىڭ ھىممەت، قويۇڭ، تاشلاڭ قۇرۇق سۆزنى.»
(ئابدۇخالىق ئۇيغۇر)

**فېلىيەتون:** (فرانسۇزچە. feuilleton ــ ۋەرەقە سۆزىدىن) ــ بىر خىل ئەدەبىي ژانىر. فېلىيەتون ئەڭ بىرىنچى قېتىم فرانسىيىدە ۋۇجۇتقا كەلگەن. ئۇ يەردە دەسلەپ تىياتىر ۋە ئەدەبىيات ۋەقەلىرى ھەققىدە يېزىلغان كىچىك تەنقىدىي ماقالىلار فېلىيەتون دەپ ئاتالغان.

فېلىيەتون شېئىرىي، نەسرىي شەكىلدە، بەزىدە دىراممىغا خاس دىئالوگ شەكلىدىمۇ يېزىلىدۇ، بىراق فېلىيەتونلار كۆپىنچە نەسرىي بولىدۇ.

فېلىيەتوندا ھاياتتىكى بىرەر ۋەقە، بىر ياكى بىرنەچچە كىشى ئېلىنىدۇ. فېلىيەتونچى ئۆزى تەسۋىرلەۋاتقان ۋەقەلىك ياكى كىشىلەردىكى يامان خىسلەت ۋە مىجەزلەرنى قاتتىق قامچىلاش مەقسىتىدە مۇبالىغىدىن، بەزىدە فانتاستىك تەسۋىر ئۇسۇللىرىدىن پايدىلىنىدۇ.

www.uyghurkitap.com

لېكىن قاچانلا بولمىسۇن فىلىيەتۇننىڭ ئاساسىنى تۇرمۇشتىكى كونكرېت ۋەقەلەر تەشكىل قىلغان بولۇش كېرەك.

40 - يىللار ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا مەيدانغا كەلگەن ل. مۇتەللىپنىڭ «پادىشا ساموراي-لىرى ئېغىر ھالسىرايدۇ» ناملىق فىلىيەتونى يۇقۇرىدىكى تەرىپلەرگە ياخشى دەلىلدۇر. مۆمىن سەيىرىنىڭ «قولوپلاغلىق كابىنېت» ناملىق شېئىرى يېڭى زامان ئۇيغۇر شېئى-رىيىتىدىكى ياخشى فىلىيەتون ھىساپلىنىدۇ.

**فىگۇرا ياكى ئىستىلىستىك فىگۇرا:** (لاتىنچە figura — ئوبراز، كۆرۈنۈش سۆزىدىن) — بەدىئىي سۆزنىڭ ئىپادە قىلىش كۈچىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئاپتور تەرىپىدىن ئىشلىتىلىدىغان مەخسۇس سۆز - ئىبارىلەر، ئادەتتىن تاشقىرى نۇتۇق تۈزۈلىشى.

ئادەتتە ئىنۋېرسىيە، رىتورىك سوئال، پاراللېلىزم، بىر تۈردىكى باشلانما، خىلمۇ - خىل كۆرۈنۈش، خاتىمە ۋە باشقىلار ئىستىلىستىك فىگۇرىغا كىرىدۇ. كىلاسسىك ئەدەبىياتتا ئىس-تىلىستىك فىگۇرىنىڭ ھەر خىل كۆرۈنۈشلىرى قوللىنىلغان. شۇلارنىڭ بىرى «مۇساۋىيات تەرەپەيىن» دەپ ئاتالغان شېئىر تۈرىدۇر. بۇنداق شېئىردا مىسرالارنى ئادەتتىكى ئوقۇلۇ-شىدىن تاشقىرى يۇقۇرىدىن پەسكە قاراپ ئوقۇشمۇ مۇمكىن. قانداقلا ئوقۇلمىسۇن، يەنىلا شۇ شېئىرنىڭ ئۆزى كېلىپ چىقىدۇ.

تۆۋەندە مۇھەممەت رىزا ئاگاھىدىن بىر مىسال ئالدۇق:

| | | | |
|---|---|---|---|
| ئول شوخكى<br>ئاچىلدى<br>خەتتۇ<br>رۇخسارى | ئاچىلدى<br>رەياھىن ①<br>يۈزى<br>گۈلنارى | خەتتۇ<br>يۈزى<br>بىسەۋرۇ قارارى<br>مەن مەن | رۇخسارى<br>گۈلنارى<br>مەن مەن<br>زورى |

بۇ شەكىل ئاپتوردىن پىكرىي چوڭقۇرلۇقنى، زېھنىي ئۆتكۈرلۈكنى تەلەپ قىلىدۇ.

**فولكلور:** (ئىنگلىزچە. خەلق ھېكمەتلىرى دىگەن مەنىدە) — خەلق تەرىپىدىن يارىتىلغان بەدىئىي ئەدەبىيات «فولكلور» دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە. خەلق ئېغىز ئىجادىي ئىنسانلار ھاياتىدا بىرلىشىپ ئەمگەك قىلىش باشلانغاندىن كېيىنلا پەيدا بولغان. ئىنسانلار ئۆزىنىڭ ئېغىز ئىجادىي (ماقال - تەمسىل، بېيىت - قوشاق، داستان، لەتىپە، چۆچەكلەر) ئارقىلىق ئۆز پىكىرلىرىنى، ھىس - تۇيغۇ، ئارزۇ - ئارمانلىرىنى ئىپادىلىگەن. كېيىنرەك بولۇپمۇ سىنىپىي جەمئىيەتتە خەلق ئېغىز ئىجادىي خەلق ئاممىسىنىڭ ئەزگۈچى زالىملارغا قارشى يېڭىلمەس كۈرەش قورالى بولۇپ كەلدى.

خەلق ئېغىز ئىجادىي يېزىق ۋە يازما ئەدەبىيات پەيدا بولۇشتىن كۆپ زامانلار ئىلگىرى پەيدا بولغان ۋە يازما ئەدەبىيات ئۈچۈن ئاساس بولغان. خەلق ئېغىز ئىجادىي بىلەن يازما ئەدەبىيات ھەر دائىم بىر - بىرى بىلەن ئالاقىدار بولۇپ، ئۆز ئارا تەسىر كۆرسىتىپ كەلدى.

**قاپىيە:** مىسرالارنىڭ ئاخىرىدا كېلىدىغان ئاھاڭداش سۆزلەر. قاپىيە شېئىرىي نۇتۇقنى ئاھاڭدار ۋە تەسىرچان قىلىدۇ، مىسرالارنى ئەستە ساقلاپ قېلىشنى ئاسانلاشتۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن خەلق ماقاللىرى، ھېكمەتلىك سۆزلەر ۋە سەجئىلەر قاپىيەلىك قىلىپ يارىتىلغان، مەسىلەن: «يەر ھەيدىسەڭ كۆز ھەيدە، كۆز ھەيدىمىسەڭ يۈز ھەيدە»، «ياخشىدىن ئات قالدۇ،

① رەياھىن — خۇشپۇراق ئۆسۈملۈك، رەيھانلار.

يامانلىن دات قالىدۇ» دىگەندەك. قاپىيە — شېئىرىي ئەسەردە كۇپلېت (بەند)لارنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرگۈچى ئاساسىي ۋاستە. ھەر خىل ژانىردىكى شېئىرلارنىڭ ئۆزىگە خاس قاپىيىلىنىش ئۇسۇلى بولىدۇ. قاپىيە تۆق ۋە ئاچ قاپىيە شەكىللىرىدە كېلىدۇ. ئۇندىن تاشقىرى قوش قاپىيە (رادىف)، ئىچكى قاپىيە، ئىزچىل قاپىيە ۋە ئۆزگىرىشچان قاپىيىلەرمۇ بولىدۇ.

قەدىمقى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە كۆپىنچە باش قاپىيە ئاساسىي ئورۇننى ئىگەللەيتتى. مەسىلەن:

«بىلىك بىلىڭ يا بىگىم
بىلىك ساڭا ئەش① بولۇر.
بىلىك بىلگەن ئۇل ئەرگە
بىر كۈن دۆلەت تۆش② بولۇر.»
(تۇرپان تېكىستلىرىدىن)

بۇ مىسرالاردىكى «بىلىك»(بىلىم) سۆزى باش قاپىيە بولۇپ، بۇ خىل شەكىل بىر قىسىم خەلق قوشاقلىرىدا ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلمەكتە. مەسىلەن:

قارا - قارا قاشلارىڭغا
قاتساڭچۇ مېنى.
قارا قاشىڭ بازارىدا
ساتساڭچۇ مېنى.

يۇقۇرىدا مىسالغا ئېلىنغان قوشاقلاردا ئىچكى قاپىيە، قوش قاپىيە — رادىفلارمۇ بار بولۇپ، ئۇيغۇر مىللىي شېئىرىيىتىنىڭ مەزمۇن ۋە شەكىللىرىنىڭ بايلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

**قەسىدە:** لىرىك ژانىرلارنىڭ بىر خىلى. بۇ خىل ژانىر مۇھىم تارىخىي ۋەقەلەر ۋە مەشھۇر تارىخىي شەخسلەر ھەققىدە تەنتەنىلىك ئۇسلۇپتا يېزىلىدۇ. كىلاسسىك ئەدەبىياتتا تەبىئەت مەنزىرىلىرى، چالغۇ ئەسۋاپلىرى ۋە باشقىلار ھەققىدىمۇ قەسىدىلەر يېزىلغان. مەلۇمكى، رۇداكى (10 - ئەسىر)نىڭ قەسىدىلىرى شۇنىڭ ئوبدان نەمۇنىسىدۇر.

ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدا يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزىنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىغا بىر نەچچە قەسىدىسىنى كىرگۈزۈپ، مىراس قالدۇرغان. ئۇنى قەسىدە ژانىرى ئۈچۈن ياخشى ئۈلگە دېيىشكە بولىدۇ. كېيىنكى دەۋرلەردە ناۋايى ھەم سەككاكى قاتارلىق شائىرلارمۇ قەسىدە ژانىرىدا كۆپلىگەن ئەسەرلەرنى يېزىپ قالدۇرغان. ئۇلار ئۆز قەسىدىلىرىدە خەلق ۋە ئەل - يۇرت ھەققىدىكى پىكىر ۋە ئەندىشىلىرىنى ئىپادىلىگەن.

شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدا پەلسەپىۋىي قەسىدىلەرمۇ بارلىققا كەلگەن. ناۋايىنىڭ «تۆھپە تول ئەفكار» (پىكىرلەر سوغىسى) ناملىق قەسىدىسى ئاشۇنداق قەسىدىدۇر.

قەسىدە شەرق ئەدەبىياتىدا — تاجىك، ئىران، ئەزەربەيجان ۋە باشقا خەلقلەر ئەدەبىياتىدا كەڭ تارقالغان بىر ژانىردۇر.

جەمىيەت تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ قەسىدىلەرمۇ رىئالىستىك تۈس ئېلىشقا يۈزلەندى.

① ئەش — ھەمراھ، يولداش.

② تۆش — يار بولۇش، ئۇچراش، قونۇش مەنىلىرىنى بىلدۈرىدۇ.

www.uyghurkitap.com

يېقىنقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ياخشى قەسىدىلەر مەيدانغا كەلدى. ت. ئېلىيوپنىڭ «گۈگۈچەنداك ھەققىدە قەسىدە» (51 - يىل) ۋە ئابدۇشۇكۇر مەمتىمىننىڭ «قەشقەر ھەققىدە قەسىدە» ناملىق ئەسەرلىرى بۇ ئەنئەنىنى زامانغا تەدبىق قىلغان ياخشى قەسىدىلەر ھېساپلىنىدۇ.

**قوشاق:** لىرىك شېئىرلارنىڭ ئەڭ قەدىمقى شەكىللىرىدىن بىرى، ئاھاڭغا سېلىپ ئېيتىشقا مۇلچەرلەنگەن بىرنەچچە بەند (كۇبلېت)لىك شېئىر. قەدىمقى زامانلاردا قوشاقنىڭ سۆزلىرى (تېكىستى) ئۇنىڭ كۈيى بىلەن بىرگە ۋۇجۇتقا كېلەتتى.

قوشاق ئەمگەك قوشاقلىرى؛ مۇسۇم قوشاقلىرى؛ مۇراسىم قوشاقلىرى؛ توي، ئەللەي ۋە مۇھەببەت قوشاقلىرى، قەھرىمانلىق قوشاقلىرى قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلىنىدۇ.

قوشاقلاردىن خىلمۇ - خىل شېئىرلار، لىرىك شېئىرلاردىن ئەدەبىي نەسىرلەر، داستانلاردىن رومان، ھېكايىلار، ئېيتىشىشلاردىن دراما ئەسەرلىرى مەيدانغا كەلگەن. ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇت قەشقىرى «تۈركى تىللار دىۋانى» ناملىق مەشھۇر ئەسىرىدە قەدىمقى زامانىنىڭ ۋە كېيىنكى دەۋرلەرنىڭ قوشاقلىرىنى خاتىرىلەپ دەۋرىمىزگە يەتكۈزدى. بۇ قوشاقلار ئۇيغۇر خەلقىنىڭ باي مەدەنىي مىراسلارغا ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

**قىسسە:** رىۋايەت ئۇسلۇبىدا يارىتىلغان تارىخىي، ئەپسانىۋى بەدىئى ئەسەرلەر. ئېپىك ژانىرلاردىن بولغان پوۋېستمۇ بەزىدە قىسسە دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن: رۇس يازغۇچىسى بورىس پولوۋوينىڭ «چىن ئىنسان ھەققىدە قىسسە» ناملىق پوۋېستىغا ئوخشاش. خېۋىر تۆمۈر يازغان «موللا زەيدىن ھەققىدە قىسسە» مۇ ياخشى يارىتىلغان پوۋېستتۇر.

**قىتئە:** (ئەرەپچە، پارچە سۆزىدىن) — لىرىك شېئىرلارنىڭ كلاسسىك ئەدەبىياتتىكى بىر تۈرى. قىتئە كۆپىنچە ئىككى بېيىتتىن تەركىپ تاپىدۇ. قىتئەدە جۈپ مىسرالار (2 -، 4 -، 6 -) قاپىيىلىنىپ، تاق مىسرالار ئوچۇق قالىدۇ. ئۇ ھەجىم جەھەتتىن قىسقا، مەزمۇن جەھەتتىن چوڭقۇر بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. مەسىلەن:

«كىبىر نىمە قومۇشتىن سوراڭ،
پۈپۈگىنى مىۋە دەر ئىمىش.
پۈپۈك ئەگەر مىۋە ئاتالسا،
نىمە ئاتلار شاخ ئەككەن يىمىش!؟»
(بوغدا ئابدۇللا)

قىتئەلەردە مىسرالار تۆتتىن ئون ئىككىگە قەدەر بولىشىمۇ مۇمكىن.

**كارىكاتۇرا:** (ئىتالىيانچە، karikatura — كۈلكىلىك، مەسخىرە قىلىپ تەسۋىرلەش سۆزىدىن) — نەرسە ۋە ھادىسىلەرنى، شۇنداقلا كىشىنىڭ كۈلكىلىك، سەلبىي تەرەپلىرىنى مەسخىرە قىلىپ كۆرسىتىش ئۈچۈن ئەتەي سەتلەشتۈرۈپ سىزىلغان رەسىم. يېزىلغان ئەدەبىي ئەسەر ياكى سەھنىدە ھەم ئېكراندا كۆرسىتىلگەن پېرسوناژلار ئوبرازىدۇر.

كارىكاتۇرىنى يولداشلار ئارا ھەزىل قىلىش تەرىقىسىدە قوللىنىشقىمۇ، گېزىت - ژورناللار سەھىپىسىدە ئايرىم يازغۇچى، شائىرلارنىڭ ئەدەبىي ھاياتىدىكى ئەھۋاللىرىنى ياكى نۇقسانلىرىنى كۆرسىتىش يۈزىسىدىن قوللىنىشقىمۇ، دۈشمەنگە قارىتا ئۆتكۈر كۈرەش قورالى سۈپىتىدە قوللىنىشقىمۇ بولىدۇ.

**كىلاسسىك:** لاتىنچە. kilassisus بىرىنچى دەرىجىلىك سۆزىدىن)— ئەڭ ياخشى، ئۈرنەك بولىدىغان، تەقلىت قىلىشقا ئەرزىيدىغان يۈكسەك بەدىئى ئەسەر، تىل سەنئەتكارى.

**كىلاسسىك ئەدەبىيات:** ئۆتمۈشنىڭ ۋە ھازىرقى زاماننىڭ غايىۋىي ھەم بەدىئى جەھەتلەردىن يۈكسەك نەمۇنە بولالىق ئەدەبىياتى. كىلاسسىك يازغۇچى دېمەكتە ئۆز دەۋرىنىڭ ئىلغار ئىدىيىسىنى يۇقۇرى سەنئەت دەرىجىسىدە مۇجەسسەملەشتۈرگەن، ئومۇمخەلق تەرىپىدىن بىردەك ئېتىراپ قىلىنغان، ئەسەرلىرى خەلق مەدەنىيىتى غەزنىسىگە ئۆچمەس تۆھپە بولۇپ قوشۇلغان ئەدىبلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

مەسىلەن: لى بەي، دۇفۇ، لۇشۈن، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ناۋايى، گوركى قاتارلىق يازغۇچىلار كىلاسسىك يازغۇچىلار ھىساپلىنىدۇ.

**كىلاسسىزىم** — 17 - ئەسىردە ۋە 19 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئەدەبىيات - سەنئەتتە قەدىمقى رىم ۋە يۇنان سېۋژېتلىرىغا تەقلىت قىلغۇچى ئېقىم. ئۇ، ياۋروپا ئەدەبىياتىدا ئويغىنىش دەۋرىدىن كېيىنكى 17 -، 18 - ئەسىرلەردە ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغان، تەسىرى چوڭ بولغان. ئۇ 19-ئەسىرگە كەلگەندە، رومانتىزىم ئاساس قىلىنغان ئەدەبىيات - سەنئەت پىكىر ئېقىمىنىڭ راۋاجلىنىشى بىلەن تەدرىجى ھالدا يوقىلىپ بارغان. كىلاسسىزىمدا رېئالىزىمنىڭ ئامىللىرى بولۇپ، ئۇنىڭدا مەلۇم دەرىجىدە ئەينى زاماندىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھالىتى، فېئودال‌لىق تۈزۈمگە قارشىلىق كۆرسىتىش روھىي ئىپادىلەنگەن.

كىلاسسىزىم خاھىشى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا خېلى بۇرۇنلا ئۆز تەسىرىنى كۆرسەتكەن. ناۋايى، نىزارى قاتارلىق شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرىدە بۇ خاھىش خېلى روشەن ھالدا ئىپادىلەنگەن.

**كومېدىيە:** (گىرېكچە. komodia— قۇۋناق، تاماشا، قوشاق سۆزىدىن)—دىراماتىك ئەسەرنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، ئۇنىڭدا جەمئىيەتتىكى كۈلكىلىك ھادىسىلەر تەسۋىرلىنىدۇ. ئىجتىمائىي ياكى ئائىلىۋىي ماجىرالار، ئادەملەر خاراكتىرىدىكى ناچار، يامان خۇسۇسىيەتلەر مەسخىرە قىلىنىدۇ. كومېدىيە دەسلەپتە قەدىمقى گىرېتسىيەدە ۋۇجۇتقا كەلگەن.

يېغىپ ئېيتقاندا، كومېدىيە جەمئىيەتتە ئۆمرى تۈگەپ بېرىۋاتقان كونىلىق ئۈستىدىن غەلىبە قىلىۋاتقان يېڭىلىقنىڭ غالىبانە ھەم مەسخىرىلىك كۈلكىسىدۇر. كومېدىيىنىڭ ئالاھىدىلىگى ۋە ئاساسىي قورالى كۈلكىدىن ئىبارەت. ئۇنىڭ ۋەقەلىگى (سيۇژېتى) ۋە قاتناشقۇچىلىرى كۈلكىلىك بولىشى شەرت، ئەكسىچە بولغاندا، كومېدىيىدىن گەپ ئېچىشقا بولمايدۇ.

**كومپوزىتسىيە:** (لاتىنچە. kompositio تۈزۈپ چىقىش، تەرتىپكە سېلىش سۆزىدىن)— ئەسەرنىڭ تۈزىلىشى، بۆلەكلەرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى، ۋەقەلەر باياننىڭ تەرتىۋى كومپوزىتسىيە دېيىلىدۇ. كومپوزىتسىيە ئاساسلىق بەدىئى ۋاستىلاردىن بىرى. ئۇ كىشىلەر ۋە تۇرمۇش ھادىسىلىرىنى يازغۇچىنىڭ غايىۋىي مەقسىدىگە ئاساسەن تەرىپلەش ۋە سۈپەتلەشكە خىزمەت قىلىدۇ. يېغىپ ئېيتقاندا، كومپوزىتسىيە بەدىئى ئەسەر تەركىۋىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى.

**كولمىناتسىيە:** (لاتىنچە. kolmen— چوققا سۆزىدىن)— بەدىئىي ئەسەردىكى ۋەقەلەر راۋاجىنىڭ ئەۋج ئالغان نۇقتىسى، ئىش - ھەركەت ۋە كۈرەشنىڭ كەسكىنلەشكەن ئورنى. بۇ نۇقتىدا ئەسەرنىڭ باش تېمىسى ئەڭ مەركەزلىك ھالدا گەۋدىلىنىدۇ.

تۈزگۈچى: **مەھمۇت زەيدى.**

www.uyghurkitap.com



# قىزىل ئالما

(ھېكايە)

**چىڭغىز ئايتماتوۋ**

كېچە خېلى بىر ۋاقىت بولۇپ قالدى. ئېيسابىكوۋ تېخىچە بېشىنى تاتىلاپ خەت يېزىش بىلەن ئاۋارە، نېمە دەپ باشلاپ، نېمىنى يازسا بولاركىن؟... خەت يازماقمۇ تەس ئىش ئىكەن. ئويلىسا يازىدىغانلىرى تولا، ئىچىگە پاتمايۋاتىدۇ. بىراق، ئۇنىڭ ئويلىغانلىرىنى ئايىلى چۈشىنەرمىكىن؟

بىر ئۆيدە نېمە ئىشلار بولۇپ ئۆتمەيدۇ؟ ئەمدى ھازىر ئۇنىڭغا نېمە دېگۈلۈك؟ ئۇ بىرىنى دەپ، بۇ بىرىنى دەپ بىر-بىرىنى نەچچە قېتىم خاپا قىلىشتى. نەچچە قېتىم تايىنى يوق ئىشلار توغرىسىدا تاپا-تەنە قىلىشىپ، بىر-بىرىگە يول قويۇشماي، ماي تارتىشىپ يۈرۈشتى، نەچچە قېتىم ياراشتى. شۇنداق قىلىپ، ئاجرىشىپ كېتىشتى، ئاجرىشىپ كۆڭۈل تىندۇرۇشتى، ئەمدى بۇ ئىشلارغا ئايىلى ئېغىر بېسىقلىق بىلەن نەزەر سېلىپ، ئادەمگەرچىلىك بىلەن ئويلاپ، توغرا قارىيالارمىكىن؟ ئېيسابىكوۋنى ئەپۇ قىلارمىكىن؟ ئىلگىرىكى توي قىلغان ۋاقىتىدىكىدەك ياسالمىلىق قىلماي، تەبىئىي، مۇلايىم، ئاقكۆڭۈل بولالارمىكىن؟ ئۇنداق بولمىسىچۇ؟ تەرسالىق قىلىپ مېنى كەمسىندۈرۈۋاتىدۇ، دەپ ئويلاپ، ئۆزىنىڭ ئاياللىق ئاجىزلىقىنى كۆرسەتسىچۇ؟... ئۇنداقتا قانداق قىلغۇلۇق؟... بەزىدە ئايىلى ئەزۋەيلەۋەرسە، ئېيسابىكوۋ:

— خوتۇن كىشى-دە، نومۇسنى بىلمەيدۇ!— دەپ قوياتتى. ئۇ ئۆزىچە ئەنە شۇلارنى ئويلاپ قالدى.

ئايىلىنىڭ دائىم تەگتۈشلىرىنى دورىغۇسى كېلەتتى:

— كۆردۈڭمۇ، پالانچى ئايىلىنى شۇنداق ياخشى كۆرىدىكەن. مېھمانلارنىڭ ئالدىدا ئايىلىنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانە بولۇپ،

ئالدىدا تىزلىنىپ، توپلىيىنىڭ يېپىنى ئېتىپ قويىدىكەن. ئىزا تارتمايدىكەنغۇ؟

— قويە! ئۇنداق لۆملۆمنى، — دەپ گۆكرەيتتى ئىيسابىكوۋ.

— ئۇنىڭ نىمىسى يامان؟ سېنىڭ شۇنداق باغرىڭ تاش. مەن بۇنداق ياشيالمايمەن! ئۆزەڭ ياخشى كۆرگەن كىشىڭنى ئۆزەڭ خورلىساڭ بولامدۇ؟ مەن ئۆزەم ياخشى كۆرگەن كىشىنىڭ مېنىمۇ ياخشى كۆرىشىنى خالايمەن، بولمىسا يىغلىنىپ - يالۋۇرۇپ يۈرمەيمەن! ... سەن بۇنى ياخشىراق ئويلاپ باقساڭ بولارمىكىن ...

— ئويلاشنى خالىمايمەن! ئويلاشقا چولامۇ يوق! ھېچ چۈشەنمەيۋاتىمەن، پۈتۈن ئۆي - پەكىرىڭ دىسىرتاتسىيە ياقلاشتا بولۇپ تۇرۇقلۇق، كىم كىمنىڭ توپلىيىنىڭ يىپىنى چېگىپ قويغىنىنى كۆرۈشكە نەدىنمۇ ۋاقىت تاپىدىغانسەن؟

— ئىسىت، ساڭا گەپ قىلغان ئاغزىم. بەرىبىر سەن ھېچنىمىنى چۈشەنمەيسەن.

بىراق ئىيسابىكوۋ ھەممىنى چۈشىنەتتى. ئائىلىنىڭ نىمە دىمەكچى بولىۋاتقانلىغىنى تازا ئوبدان بىلەتتى. ھەر نىمە دىگەن بىلەن بەزىدە ئائىلىسىگىمۇ توغرا ئىنكەنلىگىگە تەن بېرەتتى.

ئەر - ئايال ئىككىسى كوچىدا قوشماقتەك ماڭىدىغان بولسا كىشىلەر ئىككىسىگە قاراپلا قېلىشاتتى. ئىيسابىكوۋ بۇنداق چاغلاردا ئۆزىچە خوش بولۇپ قالاتتى. ئۇنىڭ خوتۇنى خوش پىچىم، نازاكەتلىك، خۇلقى - مىجەزى ئوبدان، ئەقىللىق ئايال ئىدى. كوچىدا ئېچىلىپ - يېيىلىپ ماڭسا ھەرقانداق ئادەمنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلاتتى. ئالاھىدە ئىگىز پاشنىلىق توپلىيىنى كىيىپ ماڭىدىغان بولسا، ياش قىزدىنمۇ چىرايلىق بولۇپ كېتەتتى.

بۇنداق چاغلاردا ئىيسابىكوۋنىڭ مەسلىگى كېلىپ، تېنى يايراپ، كۆزلىرى خۇمارلىشىپ كېتەتتى، يۈرىگى تەلپۈنۈپ، ئېرىپ كەتكەندەك بولاتتى.

دىمىسىمۇ ئىيسابىكوۋ ئائىلىنى ياخشى كۆرەتتى. راست ياخشى كۆرگەندىن كېيىن يۈشۈرۈشنىڭ پايدىسى نىمە؟ بىر - بىرىدىن كۆڭلى سۇ ئىچمىسە تەس ئەمەسمۇ؟ ياشلىق، ھەي ياشلىق! ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ، ئۆزىنىڭ بىر ئەزىز نەرسىسىنى يوقىتىپ قويغاندەك ھىس قىلدى.

شۇنداق قىلىپ ئىيسابىكوۋ ئۆزىنىڭ كۆڭلەمچىلىگى (ئەگەر ئۇنىڭ قىلغىنى كۆڭلەمچىلىك بولىدىغان بولسا) نى ئىقرار قىلىشقا مەجبۇر بولدى. بىراق ئۇنىڭ جەھلىنى قاتۇرغىنى باشقا بىر ئىش: توساتتىن ئىككىسىنىڭ مىجەزى كېلىشمىدى. ئىككىسى ئىككى تەرەپكە كەتكەندەكلا بىر ئىش بولدى. بۇنىڭدىن كېيىن قانداق تۇرمۇش كەچۈرۈش كېرەك؟ ئائىلىمۇ ئەمدى ئۆتكەن ئىشلارغا توغرا قاراپ، ياخشى نىيەتكە كېلەلەرمىكىن؟ كېلەلمىسىچۇ؟ ئۇ چاغدا بەرى تۈگەيدۇ. ياق، ئىيسابىكوۋ بۇنىڭغا يول قويمايدۇ.

ئىيسابىكوۋ نەچچە قېتىم قولىغا قەلەم ئېلىپ يەنە قويدى. ئۇ دەرىزىنىڭ ئالدىغا باردى. قوللىرى چۈۋۇق چاچلىرى ئۈستىدە بىر پەس جىمىدە تۇرۇپ قالدى.

ئاخىرقى كوچا ئاپتوۋۇزى كۆز كېچىسىدە كېچىكىپ قالغان بىرەر - يېرىم ئادەمنى چىقىرىپ، چۈشۈرۈپ قويۇپ، كەينى چىرىغىنى لىپ - لىپ قىلىپ كېتىپ قالدى.

خوشنىسىنىڭ قىزى ئۆزىنى دائىم ۋوگزالغا ئۆزىتىپ بارىدىغان نامەلۇم بىر يىگىت بىلەن قولتۇقلىشىپ چىقىپ كېتىپ، قايتىپ كېلىشتى. ئۇلارنىڭ يەسلى باللىرىدەك قول

تۇتۇشۇپ مېڭىشقانلىرى ئېسىمىق كۆرۈندىمۇ ئەيتاۋۇر ئۇلارغا قاراپ ئىيسابەكوۋنىڭ كۆڭلى ئېزىلدى. يۈرىگىنىڭ بىر يېرىدە ئىسسىققىنا بىر سېزىم ئويغاندى.

شەھەر چىراقلىرى ۋىلىلدايتتى. يىراقتا، تاغ باغرىدا ئايرىمچە بىر ئوت كۆرۈنەتتى. قويچىلارنىڭ ياقتان ئوتى بولسا كېرەك، ئىيسابەكوۋ شۇ تاپتا ئەنە شۇ يەرلەردە بولغان بولسام، دەپ خىيال قىلدى: «ئۆزەك تېچ، كۆڭلۈك تېچ. جىمجىت سالقىن كېچە، ئارچا ئوتۇنىنى ئوتقا سېلىپ قويۇپ، چاراسلاپ كۆيگىنىگە قاراپ ئولتۇرساك...»

ئىيسابەكوۋ ئارقىسىغا يېنىپ، يالغۇز قىزى ئانار ئۇخلاۋاتقان ئۆيگە كىردى. قىزى چوپ - چوڭلا بولسىمۇ، بەزىدە ئېچىلىپ قالاتتى. يېپىپ قويمىسا توڭۇپ، تۇگۇلۇپ يېتىۋېرەتتى. مانا ھازىر تېپ - تېچ يېتىپتۇ. كەچكىچە يۈگۈرۈپ يۈرۈپ ھارغاندۇ. ئۇ ئۇخلايدۇ - دە. شۇ تاپتا بىچارە دادىسىنىڭ ئىچى سىرىلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى نەدىن بىلسۇن؟ ھەي ئانار... دادىسىنىڭ تېخىچە ئۇخلىماي ئۆيدە ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىپ يۈرگىنىنىڭ سەۋەبىنى بىلمەيدۇ - دە. ئىيسابەكوۋ قىزىغا قارىدى: «ئۇخلاۋەر، قىزىم. كىم بىلدۇ، سېنىڭمۇ بېشىڭدىن نېمە قىسمەتلەر ئۆتەركىن. بۇ ئۇيقۇسىز كېچىلەرمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ. بەندىنىڭ بېشىغا نېمە كۈنلەر چۈشمەيدۇ دەيسەن؟ ئۇخلاۋەر، ياخشى چۈش كۆر، قىزىم!» دېدى ئىچىدە.

ئىيسابەكوۋ قىزىنى ئەتە شەھەرنىڭ سىرتىغا ئېلىپ چىقماقچى بولدى. كەڭ دالانى سەيلە قىلدۇرۇپ، شۇ يەردە قىزىغا دادىسى بىلەن ئانىسىنىڭ نېمە ئۈچۈن بىر-بىرىدىن رەنجىشىپ يۈرۈدىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى ئېيتىپ بەرمەكچى بولدى. ئايلى يازغان خەتلىرىدە شۇنى تەلەپ قىلاتتى. ئانىسىنىڭ پەقەت دىسسېرتاتسىيە ياقلاش ئۈچۈنلا ئەمەس، دادىسىدىن بۆلەك ياشىغۇسى كېلىپ موسكۋاغا كەتكەنلىكىنى دېگۈسى كەلدى. قىزى كىم بىلەن بىللە بولۇشنى ئۆزى تاللىسۇن. كىچىك بالىغا قاتتىق تېگىدىغان بۇ گەپنى ئىيسابەكوۋ ئۆيدە دېيىشكە پېتىنالمىدى. شەھەرنىڭ سىرتىدا، تاغ باغرىدا، خاس جايدا دېسەم ئېغىر كەلمەس، دەپ ئويلىدى. ئايلى بولسا، موسكۋادىن تاشكەنتكە كېلىپ، بىرەر ئىلمىي تەتقىقات ئىنستىتۇتىغا ئورۇنلىشىپ شۇ يەردە قالىمەن، قىزىم دادىسى بىلەن بىللە بولمىدۇ، دەپ يۈرەتتى.

ئەتىسى ئىيسابەكوۋ ھويلىدا ئويناۋاتقان ئانارنى قىچقىرىپ:

— قىزىم، پوپايكاڭنى كىيگىنە، شەھەرنىڭ سىرتىغا چىقىپ كېلەيلى! — دېدى.

— شەھەرنىڭ سىرتىغا؟ — ئانار خوشاللىنىپ ياندۇرۇپ سورىدى، — نېمە ئۈچۈن؟

— شۇنداقلا، سەيلە قىلىپ، دەم ئېلىپ كېلىمىز.

شەھەر كوچىسىدا ماشىنىلار كۆپ ئىدى. بىر توختاپ، بىر مېڭىپ ئىيسابەكوۋ ئۆزىچە تېرىكتى. مەيلى بازار، مەيلى مىنەپتە كۈنلىرى بولسۇن ئەھۋال ئوخشاشلا مۇشۇنداق... شەھەردىن چىققاندىن كېيىن ماشىنىلار سەل سېيلىكتى. «ۋولگا» يېنىك تەۋرىنىپ، ئۇچقاندەك يۈرۈپ كەتتى. ئىككى تەرىپىدە رەتلىك تېرەك ئۆسكەن پاقىراق ئاسفالت يول ئۈپۈققىچە سوزۇلغان ئىدى. ئىيسابەكوۋ يىراقتا كۆرۈنگەن ئاقباش تاغلارغا قاراپ كېتىپ باراتتى.

— دادا، ئاستىراق ھەيدىسەڭچۇ، — دېدى ئانار.

ئىيسابەكوۋ يۈرۈشنى ئاستىلاتتى:

قورقۇۋاتامسەن؟

— ياق، ئۆزەمچە، — دېدى ئانار قاي-

تىدىن ماشىنا دەرىزىسىگە يېقىن ئولتۇرۇپ.
— ئانار، ماشىنىنىڭ ئىتتىك مېڭىشىنى ياخشى كۆرەتتىڭغۇ، قىزىم؟
ئانار ئاڭلىمىغاندەك قاراپمۇ قويمىدى، گەپمۇ قىلمىدى.
ئىيسابىكوۋ قىزىنىڭ تۇتۇق چىرايىغا، يۇمشاق چاچلىرى ئارىسىدىكى ئىنچىكە بوينىغا قارىدى. تۇرقىدىن، شۇ تاپتا ئۇ نېمىدۇ بىر ئىشتىن خاپا بولىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى.
«بالامنىڭ يۈرىكى بىر نېمىنى سېزىدۋاتامدۇ، نېمە؟ كىچىك بالا دېگەن سەزگۈر كېلىدۇ. كۆپ ھاللاردا بۇنى ئۇنتۇپ قالىمىز. قىزىم مەندىن نېمىشقا سوراپ باقمايدىكىنە؟» ئىيسابىكوۋ بولارنى ئويلاپ، تېڭىرقاپ قالدى. قىزى نەدىن بىلسۇن؟ بىلمەيدۇ، ئۆزىمۇ، ئايىلىسىمۇ چاندۇرمىغان تۇرسا... كىم بىلىدۇ، قىزى سېزىپ قالدىمۇ تېخى؟... مۇھىمى، بالىنىڭ روھىي دۇنياسىنى، نازۇك ھېسسىياتىنى ئازاپلىماسلىق، دىلىنى زىدە قىلماسلىق لازىم. ئادەم دېگەننىڭ دىلى تولىمۇ نازۇك ئەمەسمۇ؟ ئۇنى سوۋۇتۇش، مۇزلىتىش ئاسان. قايتا ئىسسىتىش ناھايىتى تەس، ھەتتا بەزى ھاللاردا مۇمكىنمۇ ئەمەس. بالىلار روھىي ئازاپ ئىچىدە ئۆسۈپ يېتىلسە، جىسمانىي ۋە مەنىۋىي جەھەتتە ئېيىپناق بولۇپ قالىدۇ. ياق، ئانار ئۇنداق بولماسلىقى لازىم. بىر نېمىنى تۇيغان بولسا، تۇيسۇن. كىچىككىنە چېغىدا ئۆيدە بولغان جېدەل-ماجىرالارغا جىمىدە قاراپ تۇراتتى ئەمەسمۇ؟ شۇ چاغدا تارتقان ئازاپلىرىدىمۇ يېتەر. ھەي... قانداق قىلاتتىم؟ ۋاقتى-سائىتى كەلگەندە ئۆيدە بولغان ۋەقەنى ئۆزى دىمىسىمۇ ئايىلى دەيدىغۇ. ئايىلى بوش ئەمەس. ياخشىسى، ئۆزى دىسۇن ...مەيلى ئۆزىلا ئېيتسۇنچۇ، ئامال قانچە، ۋاقىتنى سوزۇۋەرگەن بىلەن بولمايدۇ.
كىم بىلىدۇ، ئانار سىرتقا قاراپ تەبىئەتتىن ھوزۇرلىنىپ، خىيال سۈرۈپ كېلىۋاتقاندۇ؟ بەرگەندىن ئاستا ئۈزۈلۈپ چۈشۈۋاتقان ياپراقلار دىققىتىنى تارتقاندۇ... ھەي، بەربىر دىمەي بولمايدۇ-دە... بۇگۈنكى كۈننىڭ چىرايلىقلىقىنى قاراڭ، دۇنيا ھەممىشە مۇشۇنداق چىرايلىق بولسىكەن.
غاراڭ چۈشكەن خىلۋەت يوللار، كۈزنىڭ توقچىلىقى، بۇنداق چاغدا ئالدىراپ ئىتتىك مېڭىشنىڭ ھاجىتى يوق ئىكەنلىكىنى ئىيسابىكوۋمۇ ئويلىدى. دەرەخ ئۇچىدىن ئۈزۈلۈپ چۈشكەن بىر تال ياپراق كېپىنەكتەك پىررىلداپ ئۇچۇپ كېلىپ ماشىنىنىڭ ئالدى ئەينىكىگە ئۇرۇلدى. كېيىن ماشىنىدىن ئايرىلغۇسى يوقتەك شامالدا بىردەم ئۇچتىدە، غايىپ بولدى. ئىككى تەرەپتە كۈن نۇرى بىلەن يۇيۇلغان تېرىلغۇ ئېتىزلار، ئۈزۈمى قىيىلغان ئۈزۈملۈك باغلار، كۆپ-كۆك پاخلان بولغان بېدىلىكلەر، كۈزلۈك ئاختاما قىلىۋاتقان تىراكتورلار...
ئالتۇن كۈزنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى. ئىيسابىكوۋ: «ياغسا يامغۇر بۇزۇلۇپ بىردىن ھاۋا، پەيزى قېچىپ توختىغاي نەغمە-ناۋا.» دېگىنىچە خىيالغا كەتتى.
ئۇ چاقمىقنى يېقىپ، تاماكىسىنى تۇتاشتۇردى، قىزىغا قارىدى. ئانار تېخىچە دەرىزىگە قاراپ ئولتۇراتتى.
— نېمىشقا گەپ قىلمايسەن؟
ئانار ئەندىكىپ لەپپىدە قارىدى-دە، گەپ قىلمىدى.
— دەرسلىرىڭنى تەكرارلاپ، تاپشۇرۇقلىرىڭنى ئىشلەپ بولغانمىدىڭ؟
ئانار بېشىنى لىڭشىتتى.
— قانداق، مۇشۇنداق ئايلانساق بولامدۇ؟
— بولىدۇ.
ئىيسابىكوۋ ئوڭايسىزلاندى. قىزى بىلەن ئۇچۇق-يورۇق سۆزلەشمەي رەللە بولدى.

www.uyghurkitap.com

قىزىغا نېمە بولغاندۇ-ھە؟ ئۆيدە ئىككىسى سۆزلىشىپ قالسا، قىزىنىڭ گېپى تۈگىمەيتتى. بەلكىم ئۇيقۇسىراپ گەپ خالىماس بولۇپ قالغان بولمىسۇن؟ قىزىنىڭ كەيپىنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن رادىيونى ئاچتى، ماشىنىنىڭ ئىچىنى تونۇش بىر بالىنىڭ ئاۋازى قاپلىدى.

— روبەرتىنو! — دەپ كۈلدى ئانار، — ھە، دادا، روبەرتىنوغۇ؟ ئۇنى بىزنىڭ سىنىپتىكى بالىلارنىڭ ھەممىسى ياخشى كۆرىدۇ. ئوغۇللارمۇ، قىزلارمۇ، سەنمۇ ياخشى كۆرىسەن-ھە؟ ئانامۇ ياخشى كۆرىدۇ.

— ھەئە، ئانار، ياخشى كۆرىمەن. ئاناڭمۇ ياخشى كۆرىدۇ. قارىغىنا قىزىم، ئېچىلىپلا كەتتىڭغۇ؟ — دېگىنىچە ئىيسابىكوۋ قىزىنىڭ نۇر يېغىپ تۇرغان قاپقارا قوي كۆزلىرىگە قاراپ باش-كۆزلىرىنى سىلىدى، — مەن تېخى سېنى خاپا بولۇپ قالدىمىكىن دەپتىمەن.

— نېمىشقا، دادا؟

— مانا ئەمدى ياخشى بولدى، ئەمدى ساڭا شۇبىرت، روبەرتىنو ھەققىدە سۆزلەپ بېرىمەن.

ئۇلار شۇنداق سۆزلىشىپ كېلىۋاتقاندا، چىرايلىق كۈز مەنزىرىسىنى جانلاندۇرۇپ، كەڭ دالانى، ئادەملەرنىڭ قەلبىنى يېقىملىق ھېس-تۇيغۇغا تولدۇرۇپ «ئاھ، مارىيا» ناخشىسى ياڭرىدى. ئىيسابىكوۋنىڭ چىرايى ئېچىلدى. كۈزنىڭ چىرايلىق مەنزىرىسى، ئېگىز تاغلار، روبەرتىنونىڭ ئاۋازى، قىزىنىڭ خۇشال كۈلكىسى ئۇنىڭ يۈرىكىنى ھاياجانغا تولدۇردى.

گۈزەللىكنى سۆيمەيدىغان ئىنسان بولمىسا كېرەك، بۇنداق خىسلەت ئەسلىدە ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىدا بولىدۇ. بىز بەزىدە شۇنى بىلمەي گۈزەللىكنى ھېس قىلىدىغان سېزىمنى يوقىتىپ قويىمىز. مۇشتەك بالىنىڭ يۈرىكىنى ئەزگىلى تاس قالدىم-ھە؟...

روبەرتىنو ناخشا ئېيتماقتا. ئانارمۇ ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ ئېيتىشقا باشلىدى. ماشىنا بىر ئالمىلىق باغنىڭ تېمىنى ئايلىنىپ سۇ بويىغا قايرىلدى.

ئىيسابىكوۋ بۇ يەرگە تۆت پەسىلنىڭ ھەممىسىدە بالا-چاقىسى بىلەن كېلىپ تۇراتتى. بۇ باشقىلارنىڭ ئانچە كۆزى چۈشمەيدىغان ئەپلىك يەر ئىدى. يېيىلىپ ئاقىدىغان مۇزدەك تاغ سۈيىنىڭ سۈزۈكلىكىدىن ئاستىدىكى تاشلار ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. سۇدىن چىقىپ ئاپتاپ سۇنۇدىغان چەكسىز قۇملۇق، قۇم دۆۋىلىرى بارا-بارا ئېگىزلەپ بارىدۇ. ئاشۇ ئاقۇۋاش تاغلار مانا مۇشۇ يەردىن باشلىنىدۇ. ئاشۇ يوغان-يوغان قورام تاشلار شۇ تاغلاردىن غۇلاپ چۈشكەندۇ؟ ئانار ئاشۇ قورام تاشلارنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ئاپتاپ ئىسسىنىشنى ياخشى كۆرەتتى. ئىيسابىكوۋ قىزىنى بۈگۈن شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ يەرگە ئېلىپ كەلگەن ئىدى.

جىمىرلاپ ئېقىۋاتقان سۇ. ئانارنىڭ روبەرتىنونى دوراپ ئېيتقان ناخشىسى بىر قۇم دۆۋىسىنىڭ ئۇ تەرىپىدىن ئاڭلانماقتا. «ئاھ، مارىيا» ناخشىسى ئىيسابىكوۋنىڭ كەيپىنى خېلىلا كۆتەرگەن ئىدى.

سۇ بويىدىكى مېۋىسى يېغىپ ئېلىنغان ئالمىلىق باغ كىشىلەر يەنە ئالما يىققىلى كېلەرمىكىن دەپ كۈتكەندەك جىمجىت. يازنى ئەسلىتىپ ئۇ يەر-بۇ يەردىن چۈمۈلىلەر مىدىرلايدۇ. ياز بويى قانچە بوران-چاپقۇندىن ساقلانغاندۇ-ھە، ئۇلار؟ يازدا بۇ يەرنىڭ تۈسى باشقىچە بولسا كېرەك؟ بۇلۇتلار نەدە تۇرۇپ، نەگە بېرىشىنى بىلمىگەندەك تاغ كەينىدىن تۈرۈلۈپ چىقىپ كەلمەكتە. ئىيسابىكوۋ ئايلىنى قاتتىق سېغىن-

غانلىغىنى ھېس قىلدى. يۈرىگى شۇررىدا
ئېرىپ كەتكەندەك بولدى.

ئانارنىڭ چىغىر يول بىلەن يۈگۈرۈپ
باغ تەرەپكە كېتىۋاتقانلىغىنى كۆرۈپ، ئۆزد ـ
نىڭ بۇ يەرگە نىمە ئۈچۈن كەلگەنلىگىنى
ئېسىگە ئالدى.

ــ ھەي، سەن نەگە بارىسەن؟

ــ باغقا، ئالمىغا چىقىپ ئوينايمەن.

ــ ساڭا مېنىڭ دەيدىغان گېپىم بار
ئىدى.

ــ نىمە گەپ؟ روبەرتىنىو ھەققىدە
سۆزلەپ بېرەمسەن؟

ــ ھەئە.

ــ كېيىن ئېيتىپ بەرگىن. ھازىرلا
كېلىمەن، ــ دەپ ئانار سەكرەپ يۈگۈرۈپ
كەتتى. ئۇ گەپنى قىزىغا قانداق قىلىپ دى ـ
يىشىنى تولا ئويلاپ ئىيسابىكوۋنىڭ بېشى
قاتتى. دەي دىسە بەدىنى تىكەنلىشىپ، قىزىنى
قىيناشقا كۆڭلى ئۇنىمىدى. «ئاھ، مارىيا»
ناخشىسىنىڭ ئاھاڭى بىلەن روبەرتىنونىڭ
ئاۋازى ئۇنتۇلغاندا، ئۇنى دىيىش تەس كەل ـ
دى. يەنە نىيىتىدىن ياندى. ئانار قايتىپ
كېلىپ: «ئەمدى گېپىڭنى دىگىنە!» دەپ،
قىينىمىسكەن، باغنى ئارىلاپ ئۇزاقراق ئوي ـ
نىسكەن. بىردىن قىزىنىڭ باغدا بىرسى
بىلەن سۆزلىشىۋاتقانلىغىنى ئاڭلاپ، قۇلىغىنى
دىڭ قىلىپ، باغ تەرەپكە قۇلاق سالدى.
ئۆزىچە ئېزىلىپ ئولتۇرۇپ كەتتى.

ــ دادا، دادا، مەن نىمە تېپىۋالدىم،
قارىغىنا! ...

ئۇ، ئۇنچىقماي، يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقان
قىزىغا قاراپ ئولتۇرۇۋەردى. ئانار يۈگۈرۈپ
كەلگىنىچە دادىسىنىڭ بوينىدىن قۇچاقلاپ
چوڭ بىر قىزىل ئالمىنى كۆرسەتتى.

ــ ئالما تېپىۋالدىڭمۇ؟

ــ ھەئە، ياپراقلارنىڭ ئارىسىدىكەن.
مۇنداقلا قارىسا زادى كۆرۈنمەيدۇ، تەلىيىم
بولغاچ ماڭا ئۇچرىدى، دىگىنە! قىپ ـ قىزىل
پاقىراپ تۇرۇپتۇ. بۇ پۈتۈن باغ بويىچە
ئەڭ ئاخىرقى، ئەڭ تاتلىق ئالما. باغدا بۇ ـ
نىڭدىن باشقا ئالما يوق ئىكەن، قارىغىنا،
بەلەن ئىكەن، پۇراپ باققىنا! پۇرىقى
ياخشىكەن.

ــ ھە، بەلەن ئىكەن، بۇ قىشلىق
ئاپورت ئالما، ــ ئىيسابىكوۋ بۇنى ئويلىمايلا
دەپ سالدى، ــ بۇ، كىم تەلەيلىك بولسا شۇ ـ
نىڭ ئالمىسى. ياز بويى بۇ ئالما سېنى
كۈتكەن ئىكەن. مانا ئەمدى ئالمىنى سەن
تېپىۋالدىڭ. بۇ ئالمىنى كىم يىسە، شۇ
بەختلىك بولىدۇ.

ئىيسابىكوۋ ئالمىنى قولىياغلىقى بىلەن
پاكىزە سۈرتۈپ قىزىغا سۇندى.

ــ مە، يىگىن!

ــ روبەرتىنونى قاچان سۆزلەپ
بېرىسەن؟

ــ كېيىن، ئاۋال سەن باغقا بېرىپ
ئويناپ كەلگىن.

ــ بىلەمسەن دادا، مەن دەرەختكە
چىقىشقا بەك ئۇستا. ئالما دەرىخى ئېگىز،
پۇتاقلىرى چىقىشقا ئەپلىك. چىقسام بەك
ياخشى. ئۆرۈكچۇ، شاخلىرى ئەگرى، تىكىنى
بار، ئۇششاق شاخ ـ شۇمبىلىرى تولا.

ــ سەن ياخشى دەرەخلەرگە چىققىن!ــ
دەپ ئىيسابىكوۋ ئىختىيارسىز كۈلدى.

ئانار تۇيۇقسىز سوراپ قالدى:

ــ دادا، سەنىمۇ مۇشۇنداق ئالما تې ـ
پىپ ئالغانمىدىڭ؟

ئىيسابىكوۋ چۆچۈپ كەتتى. ئاغزى
گەپكە ئاران كەلدى:

ــ تاپقان ئىدىم. بارغىن بالام، ئويناپ
كەلگىن، مەن مۇشۇ يەردە ئولتۇرۇپ تۇراي.
ئانار قىزىل ئالمىسىنى تۇتقان پېتى

باغقا كەتتى. ئىيسابەكوۋ باشقا بىر قىزىل ئالمىنى ئۈزۈپ، ئىككى ئىشقا ئۆزىچە ھەيران بولۇپ ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇ بىر چاغدا دەل ئەنە شۇنداق قىپ-قىزىل بىر ئالما تېپىۋالغان ئىدى. مۇشۇ يەردە بولسا كېرەك، ئەنە ئاشۇ باغدىن، ئاۋۇ يەردىن، ئەنە ئاشۇ دۆڭدىن چۈشىدىغان يەردىن تېپىپ ئالغان ئىدى.

×

ئۇرۇشتىن كېيىن ئىيسابەكوۋ چارۋىچىلىق ئىنستىتۇتىغا كىرىپ ئوقۇدى. ھازىر مانا شۇ ئىنستىتۇتتا ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتىدۇ.

ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا بۈگۈنكىدەك كۈز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە ئوقۇغۇچىلارنى شىغىللىق يول بىلەن (ئۇ چاغدا يوللارغا ئاسفالت ياتقۇزۇلمىغان ئىدى) شەھەر سىرتىدىكى بىر كولخوزغا قىزىلچا يىغىشقا ئېلىپ كېلىشتى.

ستۇدېنتلار قارا بولكا يەپ، كەچكىچە ئىشلەپ ھېرىپ-ئېچىپ شەھەرگە يېنىشتى. يول ئۈستىدە كولخوزنىڭ ئالملىق بېغىغا كىرىشتى. باغنىڭ مېۋىسى ئاللىقاچان يىغىۋېلىنغان ئىدى. باللار چۆپ ئارىسىدىن، ياپراقلار ئارىسىدىن بەش-ئالتە ئالما تېپىۋېلىشىپ، بۆلۈشۈپ تەڭ يېيىشتى. يەنە يېگۈسى كېلىشىپ، ھەرقايسىسى ئۆز ئالدىغا ئالما ئىزدىشىپ باغنىڭ ئىچىگە تاراپ كېتىشتى. ھېچقايسىسى بىرەرمۇ ئالما پاساڭدىيالماي ئاۋارە بولۇپ يەنە يولغا مېڭىشتى.

ئىيسابەكوۋنىڭ تۈنۈگۈنكىدەكلا ئېسىدە. يولداشلىرىنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرۈپ كېلىۋېتىپ، كۆزىگە ياپراقلار ئارىسىدا قىپ-قىزىل بىر نىمە يالت قىلىپ كۆرۈنگەندەك بولدى. شارتتىدا توختاپ قارىدى، ھېچنىمە يوق. كۆزۈمگە شۇنداقلا كۆرۈنگەن ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ يولغا ماڭدى. كېتىۋېتىپ يەنە كەينىگە ياندى. باغنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدىكى ياش ئالمىلارنىڭ ھەممىسىگە بىرمۇ-بىر قاراپ چىقتى. باشقا ئالمىلارغا قارىغاندا، بۇ ياش ئالمىلارنىڭ ياپراقلىرى بەكرەك سارغايغان بولۇپ، بۆلەكچىلا قورۇلۇپ، سەرەڭگە ياقسا تۇتاشقۇدەكلا بولۇپ كەتكەن ئىدى. ئۇ ئاخىرى قويۇق ياپراقلارنىڭ ئارىسىدا تۇرغان بىر قىزىل ئالمىنى كۆردى. كۆردى-دە، خۇش بولۇپ «ۋاي-ۋۇي!» دەۋەتتى. قوش مۇشتەك كېلىدىغان بۇ قىزىل ئالما بەلكىم مۇشۇ ياش ئالمىنىڭ بىرلا مېۋىسىدۇر. ئۇشاخىنى ئېگىپ ياپراقلارنىڭ دالدىسىغا مۆكۈۋاپتۇ.

ئىيسابەكوۋ بىر پەس قاراپ تۇردى-دە، بىرلا سەكرەپ شاخنىڭ ئۇچىنى تۇتتى. پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ شاخنى ئاستا ئەگدى. ئالمىغا قولىنى ئاران يەتكۈزۈپ، قىپ-قىزىل بولۇپ پىشىۋاتقان قۇياشتەك يۇپ-يۇمۇلاق ئالمىنى ئۈزۈپ ئالدى. پۇرىقىدىن مەس بولغاندەك بولدى. ئالمىنىڭ قىپ-قىزىل پوستىدىن ئېتى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئىيسابەكوۋنىڭ گاچچىدا چىشلىگۈسى كەلدى. ئاغزىغا سېرىق سۇ يىغىلدى. قولى بىلەن ئىككىگە ئاجرىتىپ يېمەكچى بولدى. يەنە توختاپ قالدى.

«مانا قارا، ھېلىقى قىزغا بەرسەم بولمامدۇ!»

بۇ يەردە ئۇنىڭ ئېسىگە ئۇ قىز نەدىن كېلىپ قالدى؟ تازا بىر ئىش بولدى-دە! ئۇ قىزنىڭ تېخى ئىسمىنىمۇ بىلمەيدۇ. بىراق ئۇ قىزنىڭ گۈزەل ھۆسنى-جامالى كېچە-كۈندۈز ئۇنىڭ يادىدىن چىقمايدۇ. ئۇنى قانداقمۇ ئۇنتۇپ قالالىسۇن؟ ئەسلىمەي بولامدۇ؟ ئىيسابەكوۋ ئالمىنى ئىشتىنىنىڭ يانچۇقىغا سالماقچى بولدى، پاتمىدى. چاپىنىنىڭ ئەستىرىنى سۆكۈپ ئىچىگە ئالدى-دە، باللارنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈردى. باللار

www.uyghurkitap.com

يول بويىدا ماشىنا كۈتۈشۈپ تۇراتتى. ئىيسابىكوۋ ئولجىسىنى يوشۇرغىسى كەلمىدى:

— باللار مەن بىر ئالما تاپتىم، بىراق ھېچكىشىگە بەرمەيمەن، بېرىدىغان كىشىم بار.

— ئالماڭ قېنى؟

— مانا، تۇتۇپ بېقىڭلار.

— ۋاي-ۋۇي، ئەجەپ يوغان ئىكەن.

— بېرىدىغان كىشىم بار، دىدىڭما؟ ئۇ كىم؟ — شىر دىگەن بىر بالا دىۋەيلەپ كەلدى.

— ئۇنى سوراپ نىمە قىلىسەن؟ — دىدى ئىيسابىكوۋ.

— خۇددى ئالتۇن ئالما تېپىپ ئالغاندەك، — دىدى شىر ۋە ئىيسابىكوۋنىڭ دولىسىغا ئۇرۇپ تۇرتتى، — ئاچكۆزلۈك قىلما، تەڭ يىگەننى تەگرى ياخشى كۆرىدۇ، دىگەن گەپ بار، ئەكەل ئالماڭنى!

شىر ئىيسابىكوۋقا ئاچچىقلانغاندەك بولۇپ، چاپىنىنىڭ پېشىگە ئېسىلدى.

ئىيسابىكوۋ شىرنىڭ قولىغا بىرنى ئۇرۇپ، ئۇنىڭ قولىدىن بوشاپ چەتكە چىقتى. باللارنىڭ ھەممىسى كۈلۈپ كېتىشتى.

شۇ ئارىدا بىر قۇرۇق يۈك ماشىنىسى كېلىپ قالدى-دە، باللار ماشىنىغا يۈگۈرۈشتى.

ئىيسابىكوۋ ئۆزىنىڭ ئېسىل ئالمىسىنى ئاشۇ ناتونۇش قىزغا بەرمەكچى بولدى. ئۇ قىزنى دائىم شەھەرلىك كۈتۈپخانىدىلا كۆرۈپ تۇراتتى. راستىنى ئېيتقاندا، شەھەرنىڭ بىر چېتىدىكى ئىنىستىتۇتتىن، شەھەرنىڭ مەركىزىدىكى كۈتۈپخانىغا ھەر كۈنى دىگۈدەك ئاشۇ قىزنى دەپلا باراتتى. قىزنىڭ كىتاپ ئوقۇش زالىغا كېلىدىغان ۋاقتىنى ئېنىق بىلەتتى. بىلىپ تۇرۇپ ئۇ كەلگىچە تاقىتى-تاق بولاتتى. نىمە ئوقۇپ ئولتۇرغان بولمىسۇن، قىز بوسۇغىدا پەيدا بولغان ھامان كىتاپنى ئۇنتۇپ قىزغا تىكىلىپ قاراپلا قالاتتى. قىزنىڭ كۆزى بىلەن ئۇنىڭ كۆزى سەللا ئۇچرىشىپ قالىدىغان بولسا، تىك قارىيالماي ئۇيۇلاتتى. بۇنى تۇيغان قىز مىيىغىدا كۈلۈپ قويۇپ، سومكىسىنى بوش ئورۇنغا قويۇپ، كىتاپ ئالغىلى كېتەتتى. ئىيسابىكوۋ ئۇ كىتاپلىرىنى قۇچاقلاپ قاچان مېنىڭ يېنىمدىن ئۆتەركىن، دەپ ئىشىكتىن كۆزىنى ئالالمايتتى. قىز ئۆتەتتى، مۇلايىم، ئېغىر-بېسىقلىق بىلەن ئۆتەتتى. ئىيسابىكوۋنىڭ يۈرەك باغرىنى ئېزىپ ئۆتەتتى. پاكىزە، چاقنان كىينگەن تەقى-تۇرقى ئىيسابىكوۋنىڭ يۈرىگىدىن چىقمايتتى.

ئىيسابىكوۋ قىزنى تولىمۇ ئەقىللىق، تولىمۇ بىلىملىك بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ، ئۇنىڭغا زوقلىناتتى، خوش بولاتتى، باشقىلارنىڭ ئالدىدا ئەنە شۇنداق قىز بىلەن ماختانغاندەك بولاتتى.

قىز كىتاپ ئوقۇش زالىدا ئولتۇرغاندا ئىيسابىكوۋ ھەم خۇش بولاتتى، ھەم ئازاپلىناتتى. قىزنىڭ قارا قۇمچاقىنا سۈزۈك يۈزىگە قاراپ ئولتۇراتتى. رەتلىك تارالغان چاچلىرى، خىيالچان ئولتۇرۇشلىرى، تال-تال كىرپىكلىرى، خاتىرىسىگە بىر نىمىلەرنى يازغان چەبدەس قوللىرى شۇنچىلىك يېقىملىق، تولىمۇ چىرايلىق. بىرەر-يېرىم شوخ باللار قىزنىڭ يېنىدا توختاپ قالىدىغان بولسا، ياكى ئۇلار يېزىپ تاشلاپ قويغان خەتنى قىز ئېلىپ ئوقۇپ قالىدىغان بولسا، ئىيسابىكوۋ ئۇستەل ئاستىدا مۇشتۇمىنى چىڭ تۈگۈپ، ئۇ باللارنى يەۋەتكۈدەك بولاتتى. بىراق، قىزنىڭ جىممىدە ئولتۇرۇپ، ئارقىسىدىن كۈلۈۋاتقان باللارغا قاراپمۇ قويماستىن خەتنى پارچە-پارچە قىلىپ تاشلىۋەتكىنىنى كۆرگەندە، ئىيسابىكوۋنىڭ جېنى يا-

شىرىپ كېتەتتى. ئۆزىچە خۇش بولۇپ قىزدىن مىلىك مەرتىۋە رازى بولاتتى.

كىتاپ ئوقۇش زالىدا قىزغا ھېچكىمنىڭ ياقمايدىغانلىقىنى ئېيسابىكوۋ ئوچۇق بىلەتتى. ئازراق ياقتۇرىدىغىنى بار دېيىلسە، ئۇ، ئېيسابىكوۋ. شۇنداق بولمايچۇ؟ قىز ئۆزىچە كۈلسە، بېشىنى لىڭشىتسا، باشقا بىر يېقىملىق ھەركەتلەرنى قىلسا ئېيسابىكوۋ ھەممىنى ئۆزى ئۈچۈندەك ھېس قىلاتتى. بىراق ئۇ ئوچۇق تونۇشۇشقا جۈرئەت قىلالمايتتى. ئۆزى تاغدىن كەلگەن بىر بالا، ئۇ قىز بولسا، شەھەردە تۇغۇلۇپ، شەھەردە چوڭ بولغان، مەدەنىيەتلىك، بىلىملىك، يۈرۈش - تۇرۇشلىرى پەرىزاتتەكلا بىر قىز تۇرسا... بىچارە يىگىت بۇلارنى ئويلىسا روھى چۈشۈپ، ئېزىلىپ ئولتۇرۇپ كېتەتتى. يەنە ئۇنىڭ كېيگەن كىيىملىرىچۇ؟ كىيگۈلىكنى ھەربى سەپتىن قايتقان ئاكىسىنىڭ گىمناستيوركىسى بىلەن ئۆتۈكى. كىتاپ - دەپتەر سالغىنىمۇ ئاكىسىنىڭ قوشۇندا ئىشلەتكەن سومكىسى. قىشتا كىيىدىغىنىمۇ ئاكىسىنىڭ سۇر پەلتوسى. شۇنداق تۇرۇقلۇق، بۇ شەھەر قىزى بىلەن قانداقمۇ كۆرۈشكىلى، سۆزلەشكىلى بولسۇن؟

قىز كۇتۇپخانىغا دائىم كېچىكىپ كېلەتتى. كىشىلەر ئازلاپ، خىزمەتچىلەر ئىشىكنى تاقايدىغان چاغ بولغاندىلا ئورنىدىن تۇراتتى. ئېيسابىكوۋمۇ قىزنى كۈتۈپ ئولتۇراتتى. قىز قايتىشقا تەييارلىنىپ كىتاپ - دەپتەرلىرىنى يىغىشتۇرۇشقا باشلىغاندا، ئېيسابىكوۋ قىزدىن بۇرۇن سىرتقا چىقىپ، كوچىنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى قاراڭغۇ بىر يەرگە بېرىۋېلىپ قىزنىڭ چىققىنىنى كۈتەتتى. قىز چىققاندا ئەيمىنىپ قارىيالمايتتى. قىز ئۇ تەرەپتە، ئۆزى بۇ تەرەپتە، كىشىلەرنىڭ ئارىسىدىن بويىنى ئۇزۇن سوزۇپ قىزنىڭ كەينىدىن ماڭاتتى. قىزنىڭ ئۆيى ئانچە يىراق ئەمەس، كۇتۇپخانىدىن ئىككى بىنالا نېرىدا ئىدى. قىز ئۆيىگە كىرىپ كەتكەندىن كېيىنلا، ئۇنى ئۇزىتىپ كەلگەن ئېيسابىكوۋ خاتىرجەم بولۇپ، ئۆزىنىڭ ياتىقىغا قاراپ كېتەتتى.

كېتىۋېتىپ باغچىغا كىرەتتى، باغچىدا ناخشا - سازلار ياڭرايتتى، ياشلار تانسا ئوينىشاتتى، يىگىتلەر قىزلارنىڭ بېلىدىن تۇتۇپ قۇچاقلاپ، كېپىنەكتەك ئايلىنىپ ۋالىسقا ئويناتتى. ئېيسابىكوۋ ئۇلارغا قاراپ تۇرغاندا بىرسى كېلىپ: «بۇ يەردە نېمە قىلىپ تۇرۇسەن؟» دېسە، كىم بىلىدۇ، نېمە دەپ جاۋاپ بېرەتتىكىن تاڭ! تانسا ئوينىشىۋاتقان قىز - يىگىتلەرنىڭ پىشانىسىنى بىر بىرىگە تەككۈزۈپ، بىر نېمىلەرنى دەپ مۇڭدىشىشلىرىغا قاراپ ئېيسابىكوۋ ئېرىپلا كېتەتتى. ئۆزىچە ئۇدۇل كەلگەن بىر جۈپنى تاللاپ، ئۇلارنىڭ ئايلىنىپ تۇرۇپ سۆزلەشكەن سۆزلىرىنى ئۆزىچە پەرەز قىلىپ، يىگىتنىڭ ئورنىغا ئۆزىنى قوياتتى. قىزنىڭ ئورنىغا ئۆزىنىڭ ناتونۇش قىزنى قوياتتى. خىيالىدا قىزنىڭ بېلىدىن قۇچاقلاپ، تانسا ئويناپ ئۆزىچە مۇنداق سۆزلىشەتتى:

— بىلەمسىز، مەن كۇتۇپخانىغا پەقەت سىزنى دەپلا كېلىمەن.

— ھە، بىلىمەن، سىزنىڭ دائىم مېنى كۇتۇپخانىدا ساقلاپ ئولتۇرىدىغانلىقىڭىزنىمۇ بىلىمەن.

— مەن دەرىسخانىدىمۇ، تاماقخانىدىمۇ، ياتاقتىمۇ، ئىشقىلىپ، نەدىلا بولسام سىزنىلا ئويلايمەن. كىنوغا كىرسەم كۆزۈمگە ھېچنېمە كۆرۈنمەيدۇ، سىزلا كۆز ئالدىمدىن كەتمەيسىز. سىزنى تولا ئويلاپ تېنىمدىن سىزىپ كېتىۋاتىمەن ...

— قىزىق ئىش، مەنمۇ سىزنى بەزىدە ئويلايدىغان بولۇپ قالدىم. بىراق نېمە ئۈچۈن سىز ماڭا يېقىن كەلمەيسىز، نېمىشقا

مەن بىلەن سۆزلەشمەيسىز؟

— مەن ئۇ يەردە تولىمۇ خۇش بولۇپ كېتىمەن، ئەگەر سىز كوتۇپخانىدا تاڭ ئاتقىچە ئولتۇرىدىغان بولسىڭىز، مەنمۇ ئولتۇرغان بولاتتىم، سىزگە قاراپلا ئولتۇرغان بولاتتىم.

— ئەگەر مېنى بىرەر يىگىت ئۈزىتىپ قويىدىغان بولسىچۇ؟

— ئۇنىڭغا مەن يول قويمايمەن، سىزمۇ ئۇنداق قىلمايسىز. سەۋەبى، سىزنى مانا ياخشى كۆرىمەن-دە!

— مېنىڭ باشقا بىر يىگىت بىلەن بىللە ماڭمايدىغانلىقىمنى نەدىن بىلىسىز؟

— سىز ئېيتقان ئەمەسمۇ؟

— سىز مېنى بىلمەيسىز-دە، بىلمەيسىز.

— مەن سىزگە قەتئىي ئىشىنىمەن، مەن سىزنى ياخشى چۈشىنىمەن، سىزنىڭ چېچىڭىزدىن چىققان پۇراقنى يىراقتىنلا سېزىمەن. قانداق كۈلۈدىغانلىقىڭىزنىمۇ بىلىمەن. بىراق ... مەن تېخى سىزنىڭ جاۋابىڭىزنى ئاڭلىمىدىم، سىزنىڭ مۇشۇ نۇرلۇق بىر جۈپ كۆزىڭىزگە ئىشىنىمەن. سىز گۈزەللەرنىڭ گۈزىلى، ھەممە قىزلاردىن ئەقىللىقسىز.

— ۋاي-ۋۇي، مېنى ماختاپلا كەتتىڭىزغۇ، راست ئېيتىۋاتامسىز؟

— راست.

×

شۇ كۈنى قايتىپ كېلىپلا ئېيسابىكوۋ ئالمىنى تومبۇچكىغا سالدى. ئالدىراپ-تېنەپ باش-كۆزىنى يۇدى. ئۆتۈكىنى مايلىدى. ئۈستى-بېشىنى بىر قۇر تەرتىپكە سېلىپ كوتۇپخانىغا مېڭىشقا راسلاندى. بىراق كەچ بولۇپ قالغان ئىدى. باللار ئاللىبۇرۇن ئۇخلاپ قېلىشقان ئىدى. ئېيسابىكوۋ ئەتە قىز بىلەن قانداق ئۇچرىشىش، ئالمىنى نەمە دەپ بېرىشنى ئويلاپ ئۇزاققىچە قاراپ ياتتى. ئالمىنى كۆرۈپ ئۇ قىزنىڭ زوقلىنىپ، خۇش بولۇپ كېتىشىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ ھاياجانلاندى. يىلنىڭ مۇشۇ پەسلىدە بۇنداق ئېسىل ئالمىنى تېپىش ئاسانمۇ؟ ئۇ بولسا سۆيگەن قىزىغا بېرىۋاتىدۇ. مانا، سۆيگەن قىزى بۇ ئالمىغا ھەيران قالىدۇ. ئايلاندۇرۇپ ئۇيان-بۇيانىغا قارايدۇ، ئەنە شۇ چاغدا ئېيسابىكوۋ ئالمىنى قانداق تاپقانلىقىنى يەنى ئالملىق باغدا، ياپراقلار ئارىسىدا كۈندەك قىزىل ئالمىنى كۆرۈپ قالغانلىقىنى تەپسىلي سۆزلەپ بېرىدۇ. لېكىن ھەر كۈنى دىگۈدەك ئۇ قىزنى ئۆيىگىچە ئۈزىتىپ بارغانلىقىنى، تانسا مەيدانىغا بارغاندا ئىككىسىنىڭ قۇچاقلىشىپ تانسا ئوينىغانلىقىنى، قانداق سىرداشقانلىقىنى قىز بىلمىسۇن. قىز ئۆزى بىلىشنى خالىغاندا دىسە بەلكىم: «قىزىق ئىكەنسەن!» دەپ كۈلەر. شۇنداق قىلىپ دەيدىغان سۆزىنى ئويلاپ، قىزنىڭ سۆزىنى، ئاۋازىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى، ئېيتقان سۆزىگە ئۇ قىز كۈلمەي تۇرغىنىنى كۆرسەكچۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن بەلكىم ئىككىسى كىنوغىمۇ بېرىشار، بىللە يېنىشار، ئۇ كىنوغا قارىماي قىزنىڭ ھۆسنى-جامالىغا قاراپلا ئولتۇرىدۇ. ئۇنداقتا، ئۇنىڭغا كىنونىڭ نىمە كېرىكى؟ بىراق، ھەي تاڭ-ەي، مۇشۇ ئۆتۈكنى كىيىپ، ئۇ قىز بىلەن قانداقمۇ بىللە ماڭغىلى بولسۇن؟ ياخشىغىنا بىر كاستيۇمى، بىر بەتىنكىسى بولسىچۇ. ياق، قىز دىگەننىڭ ئەقلى بولسا بۇنداق پارچە-پۇرات نەرسىلەرگە قارىمايدۇ. ئېيسابىكوۋ مۇشۇلارنى خىيال قىلىپ ئۆزىنىڭ قانداق ئۇخلاپ قالغانلىقىنى بىلمەي قالدى. تۈن بىر ۋاق بولغاندا چۆچۈپ ئويغىنىپ، كارۋاتتىن ئىرغىپ تۇرۇپ كەتتى. چۈشىدە شىر ئالمىنى غاجىلاپ يەۋاتقانىمىش. ئېيسابىكوۋ شىرنىڭ يېنىغا باردى. شىر دۇنيادىن بىخە-

ۋەر ئۇخلاۋېتىپتۇ. باشقىلارنىڭ ھەممىسىمۇ ئۆيقودا، ئۇ كېلىپ تومبۇچكىنى ئېچىپ قارىدى، ئالمىنى قولىغا ئېلىپ: «ئامان ئىكەنسەن» دەپ پىچىرلاپ قويدى ھەم كۆڭلى تىنجىدى.

تاڭ ئاتقاندا بالىلار ئورنىدىن تۇرۇپلا دەرىزىنى ئېچىشتى ۋە ئاغزىنى تامشىپ:

— ۋاي - ۋۇي، سېنىڭ ئالماڭنى قارىغىنا!

— ياتاق گۈپپىدە ئالما پۇراپ كېتىپتۇ، قانداقلىكى كىشىگە بەرمەكچى بولساڭ، بالدۇرراق ئاپىرىپ بەر، بولمىسا شىر بىرلا چايناپ يۇتىۋېتىدۇ، — دېيىشتى.

— يەۋېتەي دېسەم سىلەر ئۇنىمىدىڭلار ئەمەسمۇ؟ — دېدى شىر ئىيسابىكوۋنىڭ چىشىغا تېگىپ.

— يەپ باققىنە! ... — دېدى ئۇ قىزىرىپ.

بالىلارنىڭ ھەممىسى دەرسكە چىقىپ كېتىشتى. بۈگۈنكى لېكسىيىنىڭ ئۇزۇنلۇغىنى دېمەمسىز!

ئىيسابىكوۋ دەم ئېلىشتىن كېيىن لېكسىيىدە شىرنىڭ يوقلۇغىنى بىلىپ قالدى. بوينىنى سوزۇپ ئەتراپقا قارىدى، چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ زوئولوگىيىدىن لېكسىيە سۆزلەۋاتقان پروفېسسوردىن رۇخسەت سوراپ:

— كەچۈرۈسىز پروفېسسور، مېنىڭ كېچىكتۈرگىلى بولمايدىغان بىر ئىشىم چىقىپ قالدى، — دېدى.

— سىزگە نىمە بولدى يىگىت؟ — دېدى پروفېسسور ھەيران بولۇپ.

— دېيەلمەيمەن، بىراق سورىمىسام بولمىدى، رۇخسەت بەرسىڭىز ...

ئىيسابىكوۋ ئوقۇش بىناسىدىن ياتاققا بارغىچە لېۋىنى چىشلەپ، مۇشتۇمىنى تۈگۈپ توختىماي يۈگۈرۈپ باردى. ياتىغىغا كىردى. شىر يوق، تومبۇچكىنى ئېچىپ قارىسا، ئالمىسى ئۆز جايىدا تۇرۇپتۇ. ئىيسابىكوۋ ھەم ئىزا تارتىپ، ھەم خۇش بولۇپ تۇرۇپلا قالدى: شىر، مېنى كەچۈرگىن، ھەرگىز خاپا بولمىغىن! سەن توغرىلىق ئىككىنچى يامان ئويدا بولسام ئۆلەي!» دەپ ئۆزىچە ئويلىنىپ قالدى.

ئىيسابىكوۋ كەچكە يېقىن ئالمىنى گېزىتكە ئوراپ، قولتۇغىغا قىسىپ، خوشال ھالدا كۇتۇپخانىغا قاراپ ماڭدى. ئۇ بالدۇر بېرىپ قالغان ئىدى. ئىشىككە ئۇدۇل قاراپ ئولتۇرۇپ، ئالدىغا كىتاپ - دەپتەرلىرىنى ئېچىپ قويۇپ، قىزنى كۇتۇشكە باشلىدى. كىتاپ ئوقۇش زالىدا ئادەم كۆپ ئىدى. بەزىسى گوڭۇلداشسا، بەزىسى پىچىرلىشاتتى، يەنە بەزىلىرى تاماكا چەككىلى چىقىشسا، بەزىلىرى كىرىشەتتى. بۇ ئىشلار ئىيسابىكوۋنى زېرىكتۈرەتتى. قارىغۇسىمۇ كەلمەيتتى، ئۇنىڭ كۇتۇۋاتقىنى باشقا - دە! گېزىتكە ئوراقلىق ئالمىنى ئىككى تىزىنىڭ ئارىسىغا قىسىپ مىدىرلىماي ئولتۇراتتى. بىر يېرىم سائەتتەك ۋاقىت ئۆتتى. سىرتتا قاراڭغۇ چۈشتى. قىز كەلمىدى. ئىككى سائەت ئۆتتى، يەنە يوق، ئۈچ سائەت ئۆتتى، يوق! يەنە كۇتتى، بىراق كەلمىدى.

ئەتىسى لېكسىيىدە ئىيسابىكوۋنىڭ مىڭىسىگە ھېچنىمە كىرمىدى. قاراپلا ئولتۇردى، كەچ بولۇشىنى تۆت كۆز بىلەن كۇتتى. كەچمۇ بولدى. قىزىل ئالمىنى قولتۇغىغا قىسىپ شەھەرنى ئارىلاپ يۈرۈپ كەتتى. بۈگۈن تۈنۈگۈنكىدىن مىڭ باراۋەر تىت - تىت بولۇپ قىزنى كۇتتى، قىز ئىشىكتە پەيدا بولۇشى بىلەن ئىيسابىكوۋ ئۆز يۈرىگىنىڭ دۈپۈلدىشىنى ئاڭلاپ قولىغى زىڭىلداپ كەتتى. كۆز ئالدى قاراڭغۇلاشقاندەك بولدى. قىز بۇرۇنقىدەك تەبەسسۇم قىلىپ ئىيسابىكوۋنىڭ

يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا بىر يېرىگە قىزنىڭ قولى تېگىپ كەتكەندەك بولدى. قىز ئېيسابېكوۋنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى ئۇستەلدىن ئورۇن ئالدى ۋە كىتاپ ئېلىش ئۈچۈن كەتتى.

ئېيسابېكوۋ خوشاللىقتىن ئېسىنى يوقاتتى. ئۇ تەرلەپ، قولى تېلىپ، ئالقىنى قىزىپ كەتسىمۇ، ئۇستەل ئاستىدىكى ئالمىنى چىڭ تۇتقىنىچە ئولتۇرۇۋەردى.

قىز كۈندىكىدەك لازىملىق كىتاپلىرىنى ئېلىپ كېلىپ، ئورنىغا ئولتۇردى ۋە دەپتەرىگە بىر نىمىلەرنى يېزىشقا باشلىدى. بىرەرسىگە قاراپمۇ قويمىدى.

ئېيسابېكوۋ كۈتتى، كۈتكەنسېرى ۋاقىت ئۇزارغاندەك بىلىنەتتى. بىراق بۈگۈن ئۆزىنىڭ مەقسىدىنىڭ ئەمەلگە ئاشىدىغانلىغىنى ئويلىسا ئۆزىچە خۇش بولاتتى ۋە قىزغا ئاستا زەڭ سالاتتى. قىزنىڭ ئايدەك يۈزىگە، ئۇزۇن تال-تال كىرپىكلىرىگە، تەكشى تارالغان چاچلىرىغا ۋە يۇمشاق قوللىرىنىڭ چىرايلىق ھەركەتلىرىگە ئىچى كۆيەتتى. سەل تۇرۇپ ئالمىنى قىزغا بەرگەندە، ئۇنىڭ: «قىزدىق ئىكەنسىز!» دەيدىغانلىغىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ ئۆزىچە ھاياجانلىنىپ، يۈرىگى سېلىپ كەتتى. شۇ چاغدا ئۆزىنىڭ ئالمىنى قانداق تاپقانلىغىنى، يىگۈسى كەلگەندە قىزغا قىسىنغانلىغىنى، سەۋدۇۋى، دائىم قىزنى ئويلاپ، ئەسلەپ يۈرۈدىغانلىغىنى دېمەكچى بولدى. چۈنكى ئۇ تۇرمۇشتا نىمە تاپسا قىز بىلەن تەڭ كۆرۈشنى ئويلايتتى. ئۇ پەقەت ئاشۇ قىز بىلەن بىللە بولالىسىلا، مۇرادى-مەقسىدىگە يەتكىنى شۇ.

سىرتتا كوچا چىراقلىرى ياندى، كىتاپ ئوقۇۋاتقانلار بىر-بىرلەپ تاراشقا باشلىدى، قىز ئولتۇرۇۋەردى. ئېيسابېكوۋمۇ ئولتۇردى. بىر چاغدا قىزنىڭ كېتىشكە ھازىرلىنىۋاتقانلىغىنى كۆرۈپ، ئېيسابېكوۋمۇ ئالدىراپ ئورنىدىن تۇردى. كانسېپكىلىرىنى سومكىسىغا سېلىپ، گېزىتكە ئوراقلىق ئالمىنى ئېلىپ سىرتقا چىقتى. كوچىنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتمىدى، ئۆز ھاياجىنىنى باسالماي تۇرۇپلا قالدى، تامىغى قۇرۇپ، قاتتىق ئۇسساپ كەتكەندەك بولدى... قىزنىڭ پەلەمپەيدىن تارسىلداپ چۈشۈۋاتقانلىغىنى تۇيدى. چىراق يورۇغىدا يەڭگىل قەدەم تاشلاپ كېلىۋاتقان قىزنىڭ كىشىنىڭ ھەۋىسىنى كەلتۈرىدىغان قامىتى كۆرۈندى. ئېيسابېكوۋ ئالمىنى يۈرىگىگە بېسىپ قىز تەرەپكە تەستە قەدەم تاشلىدى. قىز گەپمۇ قىلماي ياندىن ئۆتۈپ كەتتى.

— بۇنى سىزگە بەرسەم بولامدۇ؟

ئېيسابېكوۋنىڭ تىلى ئاران-ئاران ئالا



ئاشۇ گەپكە كەلدى.

— ھە؟ — قىز ھەيران بولۇپ ئاستا قايرىلدى، — ماڭا بىر نىمە دىدىڭىزمۇ؟

ئىسابىكوۋنىڭ بېشىغا خۇددى بىر تاغ يىقىلدى.

— مەن ... سىزگە ئالما ئېلىپ كەلگەن ئىدىم.

— ئالما؟ ھە، ئالما بولسا نىمە بوپ- تۇ؟ مىنى ئۆمرىدە ئالما كۆرمىگەن دىگەنمە- دىڭىز؟

— ياق ... مەن بۇ ئالمىنى يىراقتىن تېپىۋېلىپ ...

— تاپقان بولسىڭىز قانداق قىلاتتىم؟ ھە، ماڭا نىمە دېمەكچىسىز؟ — قىز شۇنداق ئاچچىق سۆزلىدى - دە، شارتتىدا بۇرۇلۇپ، تاراس - تۇرۇس دەسسەپ مېڭىپ كەتتى.

قىز ئۆزىنىڭ قىزىل ئالمىسىنى تاشلاپ كەتتى.

ئىسابىكوۋ قولىدىكى ھېچنىمىگە ئەرزىـ مىگەن سوغىسىنى تۇتقان پېتى قىزنىڭ ئار- قىسىدىن قاراپ قالدى. پۈتۈن ئارزۇ - ئار- مانلىرى بىت - چىت بولدى. ئۇ بوشىشىپ، سالپىيىپ ياتىغىغا ياندى. كىلىۋېتىپ غولچى- نى كەڭ ئېچىپ، ئالمىنى قاراڭغۇ بىر يەرگە كۈچ بىلەن ئاتتى، ئالما قەيەرگىدۇر بىر يەرگە ماچچىدا تەگدى.

ئىسابىكوۋ جىمجىت كوچىنىڭ ئوتتۇ- رىسىدا مەستىنىمۇ بەتەر ئەلەڭ - سەلەڭ دەسسەپ كىلىۋاتاتتى. ئاندا - ساندا ئۇدۇل كەلگەن ماشىنىلار سىگنال بىرىپ يانداپ ئۆتۈپ كېتەتتى ...

كېيىن نۇرغۇن قىزلار بىلەن تونۇشتى. بىراق ھېچقايسىسىغا قىزىل ئالما سوغا قىلـ- غۇسى كەلمىدى. قىزلارمۇ قىزىل ئالما سوغا قىلارمىكىن دەيدىغاندەك ئەمەس ئىدى ...

شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭدىن قىزىل ئالما ئارزۇ قىلىپ، ماڭا قىزىل ئالما سوغا قىلىسىكەن، دەپ كىلىۋاتقان بىر ئايال بار ئىدى. ئۇ، بولسىمۇ ئۆزىنىڭ ئايىلى سابىرا ئىدى. ئىسابىكوۋ كۆز كۆنى باغنىڭ چېتىدە ئولتۇرۇپ ئەنە شۇلارنى ئويلىدى.

كەچكە يېقىن ئىسابىكوۋ، ئانار ئىكـ- كىسى ئۆيىگە قايتىشتى. قاش قارايغان، ئال- دى تەرەپتە شەھەر چىراقلىرى جىمىرلايتتى. غازاڭ چۈشكەن يول بىلەن ماشىنا ئاستا چايقىلىپ كېلەتتى.

ئىسابىكوۋ بىر تال تاماكىنى چىشلەپ، چاقماقنى «چاك» قىلىپ ياندۇرۇپ، تۇتاش- تۇردى ۋە ئانارنىڭ قولىدىكى قىزىل ئالمىنى كۆردى.

— قىزىم ئالماڭنى يىمىدىڭمۇ؟

— يىمىدىم، ئانامغا ساقلاپ قويدۇم. — دىدى قىزى ئاستاغىنە.

— ئاناڭغىمۇ؟ — دىدى ئىسابىكوۋ تاماكا ئىسىدىن يۆتىلىپ، قىقىلىپ، — ئوبدان قىپسەن، قىزىم، ئالماڭنى ئاناڭغا ئالغاچ بارىمىز.

ئىككىسى باشقا گەپ قىلىشمىدى، ئىسـ- ابىكوۋ قىزىنى ئويلاپ قالدى. قىزى ئاق- قارنى خېلى پەرق ئېتىپ قالدى، تولىمۇ ئەقىللىق، چىچەن ئىدى. ھەي ... ئاشۇ قىزىل ئالما ھەققىدىكى گېپىدىن يانمىسىكەن.

ئىسابىكوۋ شۇنداق قىلىپ خەت يازمىدى.

×

ئانار ئەتىگەندە دادىسىدىن بۇرۇن ئورنىدىن تۇرۇپ موسكۋاغا ئېۋەتىلىدىغان تېلېگراممىنى ئوقۇدى: «سابىرا، بىز سېنىڭ يېنىڭغا بارىمىز». ئانار قولىغا قەلەمنى ئال- دى - دە، ھەرپلىرىنى دانە - دانە قىلىپ ئۇ- لاپ يېزىپ قويدى: «ئانا ئالدىمىزغا چىققىن، بىز ساڭا قىزىل ئالما ئېلىپ بارىمىز».

(چىڭغىز ئايتماتوۋ «ئەسەرلەر»، 1 - توم، قىرغىزچە نەشرىدىن سەلەي قاسىم تەرجىمىسى.)

# يۇمۇر ۋە ساتىرا

## گۈل بىلەن ئازغان

(مەسەل)

**مۇھەممەت مۇسا**

گۈل تۈۋىگە ئۈندى بىر ئازغان،
ئۈزۈن ئۆتمەي بولدى باراخسان.
ئۇرۇن بەرگەن گۈلنىڭ ھۆسنىدىن،
ئېزدەپ يۈردى قەدەمدە نۇقسان.

بىراق گۈلنىڭ كەلمەي ئاڭا بوش،
ھەر باھاردا ئېچىلدى خۇشبۇي.
ئۇنى كۆرۈپ تەلۋە ئازغاننىڭ
تاشتى يەنە غەزىۋى بەدخۇي.

شامال بىلەن بورانغا دۈڭگەپ،
گۈلگە ھەدەپ ئۇردى ئۆزىنى.
شۇ ئازغاننىڭ تۆمۈر تىرنىغى
يارا قىلدى گۈلنىڭ يۈزىنى.

گۈل يۈزىنى قىلسىمۇ زىدە،
پۇرىقىغا قىلالمىدى قەس.
گۈل خۇمارلار يۈرەكلىرىنى
خۇش پۇرىقى ئەيلىگەچكە مەس.

گۈلنى شۇڭا قەدىرلەپ ئاسراپ،
تەشتەكلەرگە، باغلارغا قويىدى.
ئازغان چېكىپ ھەسرەت - نادامەت،
ئاھ، دەپ كۈن - تۈن جېنىغا تويىدى.

باغدىن تەگمەي ئازغانغا ئورۇن،
چۆل - باياۋان بولدى ماكانى.
قۇرۇپ قاخشال بولماقتا ئازغان،
ئىچ - ئىچىدىن ئۆرلەپ پىغانى.

## قايسى يارايدۇ؟

**تۇرغۇن ئوبۇلقاسىم**

مەرھابا، ئەي مۇدىر كەلگىنىڭىزگە،
بۆلۈمنىڭ ئىشلىرى سىزگە قارايدۇ.
ئۈچ نەپەر ئادەم بار بۆلۈمىمىزدە،
سىزگە بۇ ئۈچىنىڭ قايسى يارايدۇ؟
بىرسىنىڭ بولغاچقا ئايىغى چاققان،
قالغانتى بالدۇرقى مۇدىر ياقتۇرۇپ.
سورىماق بولسىڭىز، ئىسمى داۋۇتجان
كېلىدۇ بۆلۈمگە ئۇ سەھەر تۇرۇپ.
بۆلۈمنىڭ ئىچىنى تازىلايدۇ ئۇ،
مەيدانغا سۇ سېپەر يۈرۈپ شاپاشلاپ.

ھەممەيلەن ئىشىغا چۈشۈپ كەتكەندە
غىپپىدە ئىشنى كېتىدۇ تاشلاپ.

بىلسىڭىز، بىرسىنىڭ ئىسمى ساۋۇتجان،
ئۇ بىلەن بالدۇرقى مۇدىر ئەپ ئىدى.
شۇ كونا مۇدىر بەك كۆتەرگەچ ئۇنى،
بۆلۈمدە ساۋۇتنىڭ گېپى گەپ ئىدى.
ھەر سەھەر بۆلۈمگە كېلىپ ساۋۇتجان:
«ئەسسالام، شاجۇرىن!» دەيتتى ئېگىلىپ.
بىر كۈلۈپ قويسىلا شاكىرجان ئاكا،
«خوش!» دەيتتى ساۋۇتجان بىر تازىم
قىلىپ.
ساۋۇتجان كەسپىنى سۆيمىگەچ دىلدىن،
ئىشىدىن ھەر كۈنى چىقىدۇ چاتاق.
لېكىن ئۇ «ئىشلارنىڭ يولى»نى بىلەر،
ئۇنىڭغا سىز باھا بېرەلمىسىز قانداق؟

يەنە بىر يولداش بار، ئىسمى مامۇتجان
ھەر كۈنى ۋاقتىدا ئىشقا كېلىدۇ.
دورىماس داۋۇتنى ياكى ساۋۇتنى،
كەسپىنى مۇكەممەل، ياخشى بىلىدۇ.
ئۇنىڭدا «كۆز بوياش» «ئادىتى» يوق،
خوشامەت قىلىشتىن ئەسلا يىرگىنەر.
كىشىنى ئورۇنسىز ماختىمايدۇ ئۇ،
كەمچىلىك سەزسىلا كۆرسىتىپ بېرەر.
باشلىقنىڭ ئىسمىنى چاقىرىدۇ ئۇ،
بىر قېتىم «شاجۇرىن» دېگىنىمۇ يوق.
شۇڭىمۇ بالدۇرقى مۇدىر شاكىرجان،
مامۇتنى كۆرسىلا قىلار ئىدى «دوق».
چەكسىز كۆپ جاپا، ۋايسىماس پەقەت،
خىزمەتنى كۆيۈنۈپ ئىشلەيدۇ ھەر ۋاق.
پىلاننى ئاشۇرۇپ ئورۇنلاپ ماڭار،
ئېيتىڭا، سىز ئۇنى ئويلايسىز قانداق؟

*

مۇدىر قىپ سايلىدۇق سىزنى، ئەي يولداش
بۆلۈمنىڭ ئىشلىرى سىزگە قارايدۇ.
ئۈچ كىشى ئۈستىدە توختالدىم قىسقا،
سىزگە بۇ ئۈچىنىڭ قايسى يارايدۇ؟

# ئىككى مەسەل

ھەسەن تىلىۋالدى

## كۆمۈر بىلەن ھاكتېشى

دىدى كۆمۈرگە ماختىنىپ ھاكتاش:
— نېمانچە قارا تەلەتىڭ سېنىڭ؟
— ئاقارتار سانسىز ئېگىز بىنالارنى،
جىسمىم قاردەك ئاق بولغاچقا مېنىڭ.

كۆمۈردىدىكى ھاكتاشقا قاراپ:
— ماختانما مۇنداق تۇرۇپ يۈز تۇرا.
چەكسىز ئىسسىق ۋە ھارارەت بىلەن
سېنى ئاق قىلغان مەندەك قاپقارا.

## ۋاقىت بىلەن كالىندار

ھال ئوقۇدى كالىندارغا ۋاقىتجان:
— مەن توختىماي مېڭىش بىلەن راۋانمەن،
سۆزئىتمنى كۆرسەتسەڭمۇ بىراق، سەن.
تەرىپلىنىپ تۇرغىنىڭغا ھەيرانمەن.

توغرا دوستۇم، — دىدى كۈلۈپ كالىندار،
مېڭىۋەگىن بۇنى قىلچە بويلىماي.
سەن توختىساڭ بولماس مېنىڭ كېرىكىم،
قەدىرلىكمەن ماڭغاچقا سەن توختىماي.

# كۆز كۆرەمدۇ ئەينەكمۇ؟

ئەمەتجان قەييۇم

گېزىت ئوقۇپ تۇراتتى،
كۆز ئەينەكسىز قېرى چال.
كۆرۈپ بۇنى ياش بالا،
سوراپ قالدى بىر سوئال:
«بوۋا سىزنىڭ يېشىڭىز
كەم ئەمەستۇ توقساندىن؟

ئەينەكسىزمۇ كۆزىڭىز،
خالى ئىكەن نۇقساندىن؟»
دىدىكى چال: «ئەينەكنىڭ،
ياكى كۆزمۇ كۆرگۈچى.
تاپقىن ساغلام تەن، ئەقىل،
بولساڭ بۇنى بىلگۈچى،»

# قاراپ باق!

ئايمەمەت سايىپ

كۆردۈم سېنى شۇ هالدا هەر يانىڭغا قاراپ باق!
تەلۋە بوپسەن رەستىدە دەرمانىڭغا قاراپ باق!
بوتۇلكىنى قىپ ياستۇق يېتىپ قاپسەن كوچىدا،
سېنى نىمە ئازدۇردى، شەيتانىڭغا قاراپ باق!
هاراق ئىچىش، بەڭ چېكىش دائىم دوستۇم ئادىتىڭ،
ئەل لەنەتلەپ ئوت قويغان گۈلخانىڭغا قاراپ باق!
رەستىلەرنى كېزىپسەن، مايماق دەسسەپ بېشىڭغا،
ياراشماپتۇ بۇ قىلىق زامانەڭگە قاراپ باق!
كېچىلىرى ئۇخلىماي، پىشىم بىلەن قوپسەن،
غۇربەتچىلىك يامرىغان داسقانىڭغا قاراپ باق!
تاماشا دەپ بىهۇدە زايا قىلدىڭ ياشلىقنى،
سولدى ئىقبال گۈللىرىڭ بوستانىڭغا قاراپ باق!
يا تەربىيە ئالمىدىڭ، نىمە كارىڭ دەپ قويۇپ،
مۇردا دىسەم لاپ ئەمەس، چىرايىڭغا قاراپ باق!
نىگارىڭنىڭ يۈز ئۆرۈپ قويدى سېنى هەسرەتتە،
مەنىۋ تەنبىھ ئەيلىدىم مىزانىڭغا قاراپ باق!
ئاق سۈت بېرىپ ئۆمىتتە ئاناڭ سېنى چوڭ قىلسا،
تۆكتۈڭ ئۇنىڭ يۈزىنى، ۋىجدانىڭغا قاراپ باق!
كېچىكمەيسەن هىلىمۇ تۇرغىنىڭدا ئورنىڭدىن،
ئىقبالسىزى چامدىغان كارۋانىڭغا قاراپ باق!

www.uyghurkitap.com

پۈتكۈل جاھان قۇتلايدۇ ساڭا ئېچىپ كەڭ قۇچاق،
تۇلپارىڭنى چاپتۇرساڭ، دەۋرانىڭغا قاراپ باق!
شۇ چاغ ۋەتەن ئوغلى سەن، پەرھات بولساڭ شىرىنىڭ
تۇتقاي سۆيگۈ گۈلىنى، جانانىڭغا قاراپ باق!!!

## ئەگلەك بىلەن كېپەك

قاسىم ھاشىم

ئۇششاق تۆشۈكتىن نېرى كېتەلمەي،
ئۆتكەل سىناقتىن بەردەم ئۆتەلمەي،
ھەريان چايقىلىپ دەردى ـ ھەسرەتتە
كېپەك خورسىنىپ دەپتۇ ئەگلەككە:
«نېمە تاپارسەن مېنى سەن ياتلاپ،
قويدۇڭ لەيلىتىپ سۈزۈپ ھەم تاسقاپ».

ئاڭلاپ بۇ سۆزنى ئەگلەك كۈلۈپتۇ،
كېپەككە شۇنداق جاۋاپ بېرىپتۇ.
«پوستۇڭ چىرايلىق ئەمما شاكالسەن.
ئەلگە نەپ بەرمەس قۇرۇق پاخالسەن.
«مېنىڭ خىزمىتىم سېنى ئايرىماق،
ئىگەم ئەجرىنى ھەر چاغ ئاقلىماق.»

## مەسەللەر

ئوسمان ھوشۇر

### ئوتۇن بىلەن كۆسەي

ئوتۇننى تونۇرغا ئىتتەرسە كۆسەي،
ئوتۇنۋاي غەزەپتىن ئۆرتەندى كۆيۈپ.
— رەنجىمە، نىيىتىم ئەمەستى ئۇنداق،
ۋەزىپە شۇ، — دېدى كۆسەيمۇ كۈلۈپ.

چىدالماي ئوتۇنمۇ كەلدى زۇۋانغا:
— سېنىڭمۇ، ئوتۇننىڭ ئەسلىڭ، ئويلاپ باق.
زورلايسەن سەن مېنى ئىتتىرىپ ئوتقا،
ۋاي ئىست! ئۆزەڭمۇ تۈگەيسەن بىراق.

### كاۋا بىلەن باراڭ

باراڭ كۈز پەسلىدە دېدى ماختىنىپ:
«بىرىمەن ھويلىغا ئاجايىپ زىننەت.»
توساتتىن كاۋىدىن كەلدى بىر سادا:
«مېنىڭسىز يوق سەندە پاخالچە قىممەت.»

بىزدىمۇ باراڭدەك چۈشۈرۈپ سايە،
بار ئازراق ئەلگە نەپ بەرمەيدىغانلار.
باشقىلار ھېسابى ئۈچۈن ماختىنىپ،
كىشىگە تېخى گەپ بەرمەيدىغانلار.

### پىلەك بىلەن خەمەك

پىلەكنىڭ ئۈچىدا چۈشكەن جۈپ خەمەك،
سوقۇشۇپ قىلىشتى تالىشىپ ئورۇن.
دوق قىلدى: «يېشىڭ سەل كىچىك، —
دەپ بىرسى،
ئىدىمغۇ پىلەكتە تەنھا مەن بۇرۇن.»

پىلەكمۇ تۇرالماي چۈشتى ئارىغا،
بېسىلدى شۇ ھامان ماجرا ۋە جېدەل.
دېيىشتى خەمەكلەر: «پىلەكسىز بىز يوق،
بىزلەرگە ئىناقلىق ئىكەن خوپ ئەۋزەل.»

## پىلە قۇرۇتى بىلەن ئۆمۈچۈك

تۇراتتى تور توقۇپ پىلە قۇرۇتى،
ماھارەت كۆرۈشكە كەلدى ئۆمۈچۈك.
دېدى: «ئىشلەيسەن ئاپپاق مەشۇتنى
قالىسەن قۇرۇق قول بىچارە نىچۈك؟
مەنمۇ تور توقۇيمەن لېكىن ئۇنىڭدا
سۈرىمەن سۇلتاندەك ئۆزەم مەئىشەت،
قالدۇ سۇلايمان دۆلتى بىكار،
كۆرمەيمەن ئاي - يىللاپ يا رەنجىش -
كۇلپەت».
«ئۇياتقۇ بۇ، — دېدى پىلە قۇرۇتى، —
ئۆزىنىڭ راھىتى ئۈچۈن يەپ يېتىش.
بولسامۇ مەن ھالاك باشقىلار ئۈچۈن،
شەرەپتۇر ياخشى نام قالدۇرۇپ كېتىش.»

## شاكال بىلەن مېغىز

پوستىدىن چىقىپلا كىچىك بىر مېغىز،
شاكالنىڭ ئالدىدا كەتتى ماختىنىپ:
— ھەر نىمە قىساڭمۇ يەنە سەن شاكال،
قالسەن ئالدىمدا بەربىر چېنىپ.
«راست، — دېدى شاكالمۇ، — بىراق»
سەن ئۈچۈن،
بولۇمەن ھەر قېتىم مەنمۇ ئاۋارە.
قىلاتتىڭ ئۆزەڭنى قانداق نامايەن،
ئەگەر مەن قىلمىسام تېنىمنى پارە؟»

# ئىككى مەسەل

ئۆمەرجان توختىروزى

## بوز پاخلان

قوي پادىسى ئارىسىدا سۆھبەت باشلاندى،
بىر - بىرىنى قاپساپ - غاجاپ غەيۋەت باشلاندى.
بىرسى دېدى: «نىچۈن بىر خار، بوز پاخلان ئەزىز؟!
يەم بېرىدۇ ئاڭا ئىگەم كۆڭلىگى لەزىز».
قېرى ساغلىق دېدى: «ئۇنداق نادان بولماڭلار،
يەم بېرىدۇ ئاڭا ئىگەم نىچۈن ئويلاڭلار؟!
ۋاقىتسىزلا كەلگەن ئىست! شۇم ئەجەل ئاڭا
بىزدىن ئايرىپ بەرگەن شۇ يەم بەشارەت ئاڭا».
راست دىگەندەك بىر كۈن ئۆتۈپ يۈتتى بوز پاخلان،
قېرى قوينىڭ ئېيتقانلىرى بولدىغۇ ئايان.
دېدى قويلار: «ساقلا بىزنى بالا - قازادىن
ئايرىمىغىن ئۆمۈرۋايەت پىچان، پاسادىن».
*

نېسۋەڭدىن ئۆزگىسىدىن قاچقىن، ھەي ئىنسان،
ئېلىپ كېلەر ئۇ بېشىڭغا بىر ئاپەت ھامان.

## پاقا بىلەن ئىلان

ئىسكەپ ـ تىمسقاپ ئوت ـ چۆپـلەر ئارا،
ئىزدەپ ھەر جايدىن يېيىشلىك غىزا.
چىقىرىپ ئۇزۇن، ئەگمەك تىلىنى،
كەلمەكتە ئىلان، تولغاپ بېلىنى.
بىر پاقا شۇئان قاچتى ئالدىدىن،
قوغلىدى ئىلان دەرھال ئارقىدىن.
ئىلان ئارقىسىدىن يېتىشۋالـدى،
كوملاچلىنىپ يېپىشۋالدى.
دىدى: «قاياقتا باراتتىڭ قېچىپ؟
دەيمەن ئاڭلاپتۇر كېپىڭنى ئېچىپ!
گەرچە ئالدىمدىن قېچىپ سەن ھازىر،
قىلساڭمۇ ئېغىر جىنايەت سادىر،
رەھىمدىل بولاي، كەينىڭگە بۇرۇل!
رەنجىتمەي سېنى يەيمەن دەپ ئۇدۇل ...»

دىدى پاقىۋاي غەزەپكە كېلىپ:
«باققىن قولۇڭدىن كەلگەننى قىلىپ.»
ئىلان ئارتۇقچە تاقەت قىلالـماي،
«ھاپ!» قىلىپ ئۇنى يۇتتى تىن ئالماي.
ئىلان ئىچىدە سىقىلىپ پاقا،
چىداپ تۇرالماي پۇدىدى راسا.
بىردەمدىن كېيىن تولغىنىپ ئىلان،
قارنى يېرىلىپ ياتتى قۇسۇپ قان.
چۆمۈپ ھاياتلىق نۇرىـغا يەنە،
كەتتى پاقىۋاي يولىغا يەنە.

*

كىمكى كىشىگە قىلسا ئەگەر قەست،
ئۇنى ئاقىۋەت شۇنداق باسار نەس!

## «يەل سىلىغلار، زەنجىر تاپانغا»

مەتقاسىم مەتنىياز

ئۆز ئىلكىگە ئالغان ئېتىزنى
ماتور ئۇنى، ئەمگەك شاۋقۇنى.
تىلار ئىدى چىلان تۇپراقنى
زەنجىر تاپان سۆرەپ سوقنى.

ئاھ، پېشكەللىك!
سۇندى ئۇشتۇمتۇت
زەنجىرلەرنى چاتقۇچى بىر ئوق.
ئىش توختىدى ـ توختىدى ئەنە
سىيالكىمۇ چېچىشتىن ئورۇق.

تىراكتورچى ساۋۇت ئالدىراش،
ئوقنى ئىزدەپ گوڭشىغا يەتتى.
ئىقتىساتقا مەسئۇل مودىرنى
تەستە ئىزدەپ تاپتى، ھال ئېيتتى.

مودىر دىدى: سوقسۇن تۆمۈرچى،
پۇلنى تېجەش مەندىكى مىزان.
ساۋۇت دىدى: قويما نەرسە ئۇ،
سوقسا
چاقلار ئايلانماس راۋان.

ـــ نىمىشقا چاق ئىشلىمەيدىكەن،
يىلى يوقمۇ؟ ناسوس يوقمۇ ـ يا؟
ـــ ھە؟!
ـــ مونداق دەڭ، ـــ دىدى ـ دە، مودىر،
«ھە؟!!» دىن تاپتى باشقىچە مەنا.

سۆزلەتمىدى ساۋۇتنى «بەس!» دەپ،
تەستىق يازدى ناسوسقا ئۇنىڭ.
بۇيرۇق قىلدى:

— پۇلنىلا بۇزۇپ،
ئىشنى قىلماڭ مۇنداق ئۇنۇمسىز!
بىرلا ناسوس ئېلىنسۇن دەرھال!
كىچىك ئوقتا قىلىنسۇن ئامال.
يەل سېلىڭلار زەنجىر تاپانغا،
ئىشقا چۈشسۇن تىراكتۇر دەرھال!
كاللا دىسە پاقالچەك دەيدۇ،
زۆرۈرلۇگە تەستىق بەرمەيدۇ.
يىڭنە دىسە، كەتمەن تەستىقلاپ،
ئۆزلىرىدىچە پۇلنى تېجەيدۇ.

# ئىككى مەسەل

ياسىنجان ئىبراھىم

## شامال بىلەن قامقاق

قومۇرۇپلا قامقاقنى يەردىن،
ئېلىپ ماڭدى ئۇچۇرۇپ شامال.
(قامقاقنىڭ بۇنداق شامالدا،
ئۇچماسلىقا نە چارە - ئامال.)
دىدى شۇئان يالۋۇرۇپ قامقاق:
«نارازىمەن سېنىڭدىن شامال.
بارمۇ ياكى مەندە بىر ئۆچۈڭ،
سەن قىلسەن ماڭىلا ئۇۋال».
دىدى شامال: «ئۆزەڭدىن كۆرگىن
چۈنكى سېنىڭ يىلتىزىڭ بوشتۇر.
پەرۋا قىلماس باشقا دەرەخلەر
بولغاچ ئۇنىڭ يىلتىزى چوڭقۇر!»

## ئۆرۈكنىڭ خىجىللىغى

باغدا بىر تۈپ ئۆرۈكنىڭ،
مىۋىلىرى پىشىپتۇ.
داۋراڭ سېلىپ، ماختىنىپ،
باغنى بېشىغا كىيىپتۇ.
«يېنى ياتقان، ئەي شاپتۇل،
تېخى تۈكۈڭ چۈشمىدى.
ماختانمىغىن، كۆك ئالما،
تېخى مىۋەڭ پىشمىدى.
سەن ئۆزەڭچە، ئالگىرات،
مېنىڭ بىلەن بەسلەشمە.
تۇرار مىۋەڭ كۆكۈرۈپ،
ۋاي، بۇنچىلا سەتلەشمە...»
........................
ئۆرۈكنىڭ ياز كېتىپ،
مىۋىلىرى تۈگەپتۇ.
سارغىيىپتۇ يايپرىغى،
چۈنكى ئالتۇن كۈز كەپتۇ.
پىشىپ ئالما، شاپتۇلا،
مىۋىلىرى ئاشۇ چاغ.
مەمۇرچىلىق ئىلكىدە،
بەكمۇ ئاۋات بوپتۇ باغ.
لېكىن ئۆرۈك يالىڭاچ،
بولۇپ قالغاچ بۇ چاغدا،
خىجىل بولۇپ هالىدىن،
قاپتۇ ھەسرەت ۋە داغدا.

*

ئۆرۈك مەسخىرە قىلمىغان
بىر تۈپ مىۋە قالماپتۇ.
ئېغىر بېسىق مىۋىلەر،
لېكىن ئېغىز ئاچماپتۇ.
بەزىلەر بار ھىچكىمنى،
كۆزگە ئىلماي يۈرۈدۇ.
تەۋپىكارلىق بابىدا،
ئۆزىنىلا كۆرۈدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# بىگىز

غوپۇر رەخىم

نىمە دىگەن قورقۇنچلىق هال،
نەپسى يوغان قويۇۋەتكەن گال.
هىلە - مىكىر ئويلايدۇ دائىم،
ئوغرى كۆزلەر قىلىدۇ پال - پال.
ئىنساپ دىگەن ئاڭا مەڭگۈ يات،
ئەپلەپ - سەپلەپ پۇل يىغار پات - پات.
كۆز بوياشقا ئۇستا بولغاچقا،
قويغان ئاما: «خىيانەتچى» ئات.
ئامتى قوش بولۇپ هەر قاچان،
ئۆتۈپ كەلدى ئۆتكەلدىن ئامان.
ياشاپ كەلدى شۇ كەمگىچە ئۇ،
كۆز بوياشتىن نەپ ئېلىپ هامان.
ئاڭا مەدەت ئىچكى باغلىنىش،
پۇرسەت تاپسا كاناي ياغلىنىش.
هۇنىرىدۇر تېرە يېپىنىپ،
بۆرىلىكتىن قويغا ئايلىنىش ...
ئۇرۇپ - چېقىپ① تاپقانتى مەنسەپ،
دىخانلارنى قاخشىتىپ - دەسسەپ.
ياشاپ كەلدى ئۆز ئىشىدا ئۇ،
ۋەزىيەتنى كۈزىتىپ - دەڭسەپ.
سىرتقا چىقسا مىنەر يورغا ئات،
ئىگىرىدە كۆرپىسى قات - قات.
نەگە بارسا سويۇلار قوزا،
ئۆتەر كۈنى خوشال - خورام، شات.
كۆزنى قىسىپ قويسا بىرىگە،
ئىگە بولار ئېسىل تېرىگە.
شەرەت قىلسا سېرىق ماي، قىمىز،
يېتىپ بارار دىگەن يېرىگە.
پىچىرلىسا تاغار - تاغار ئاش،
ئۆيىگە كېلەر قارايغاندا قاش.
خېلى ئىشلار جىمىقىپ كېتەر،
دوست تارتىشىپ قوشۇلغاندا باش ...
ئىشرەت بىلەن ئۆتەر هەر كۈنى،
بەزمە قۇرۇپ كېچىسى - تۈنى.
ماختىنىشىدۇ: «قابىل باشلىق» دەپ،
تەخسىچىلەر چۆرىدەپ ئۈنى.
بىر كۈن ئىچىپ بىلمەي هۇشىنى،
كۆرسەتتى ئۇ يوغان مۇشتىنى.
سۆزلەپ كەتتى كېرىلىپ مەغرۇر،
كەلسە - كەلمەس خىيال - چۈشىنى:
«بىنزدىن بولماي چاقماق چاقامدۇ،
مەن بولمىسام ئىشلار ئاقامدۇ.
يىسەك كۈندە قىزا - قوزىنى،
ئىچمەي يۇرسەك تەنگە ياقامدۇ؟»
«هۇررا» دەيتتى تەخسىچىلەر تەڭ:
«بۇ باشلىقنىڭ كۆكسى قارنى كەڭ،
كىم ئۈستىدە قىلسا شىكايەت،
قىلىمىز دەل ئاڭا قارشى جەڭ».
«بىلىسىلەر هاكىم ئاغىنەم،
قىل سىغمايدۇ ئارىمىزغا هەم، —
دىدى باشلىق ماختىنىپ يەنە. —
شۇنداق ئىكەن بىزگە نىمە غەم؟».
«بىراق» دىدى بىرسى بىر چەتتە،
«ئەندىش بىلەن ئۆتتى بۇ هەپتە.
ئۈچ خىللارنى تازىلاش كېرەك،
دىگەن سۆزمۇ قورقۇنچ گەپتە».
«قورقما» دىدى باشلىق ئالىيىپ
چۆچۈپ بىردىن رەڭگى قارىيىپ.
كالۋالىشىپ كېيىنرەك دىدى:
«زامان بىزگە كەتتى تارىيىپ».

بۇنداق باشلىق يوق دىمەك هەرگىز،
باشلىقلارمۇ بولمايدۇ تېگىز.
نوختىسى بار بۇنداق باشلىققا،
ئەمدى كېرەك ئۇستۇرا - بىگىز.

① مەدەنىيەت ئىنقىلاۋىدىكى ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاش، تالاشلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ.



ياڭقۇنتاغ ئېتەكلىرىدە باھار

سۈرەتنى ئابلىز ئابدۇللا تارتقان.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



تارىم

塔里木（维吾尔文，文学月刊）

TARIM (in Uiqhur A monthly Literature jornal)

1985 - يىل 4 - سان (289 - سان)، 28 - يىل نەشرى

تۈزگۈچى: «تارىم» ژورنىلى تەھرىر بۆلۈمى (ئېلان نومۇرى: 24784)

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى. شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

ئۈرۈمچى پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ. مەملىكەت بويىچە ھەممە جايلاردىكى پوچتا ئىدارى-
لىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

چەت ئەللەرگە تارقىتىش ئورنى: جۇڭگو نەشرىيات ئاستى سودا باش شىركىتى
(بېيجىڭ 614 - خەت ساندۇقى).

o. p. Box 614, Beijing, China

باسما تاۋاقى: 10، ژورنال نومۇرى: 66 — 58، باھاسى: 0.50 يۈەن.

قەرەللىك ژورنال نومۇرى: 356

定价：0.50元